# ئانايۇرت

پەسىللىك | ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال
ISSN:2147-8031

## ئۇيغۇرلار ۋە كىملىككە دائىر مەخسۇس سان

- باش تەھرىر: بىر ئۇلۇس - ئۇيغۇرلار
- ئادىل يۇسۇپ: كىملىك ئۇقۇمى ھەققىدە
- ئەركىن ئەكرەم: چەنتۇ - خىتاي مەنبەلىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى
- ئۆمەرجان نۇرى: ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىكى ‹ئۇيغۇر› نامى
- دولقۇن قەمبىرى: ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر كىملىكى
- نەبىجان تۇرسۇن: 20 - ئەسىردىكى تۇنجى «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش دەۋر شارائىتى
- رىھىمقۇلۇ ياسىنئوغلۇ: ئۇيغۇرلاردا كىملىك مەسىلىسى
- تەھرىر ھەيئىتى: دىن ۋە كىملىك

2013/4
يىل: 1 / سان: 4

# ئانا يۇرت

(تور ژۇرنىلى)

ISSN:2147-8031

1 - يىل ئومۇمىي 4 - سان

(ئۆكتەبىر، نويابىر، دېكابىر)

2013



**ساھىبى: د.نۇرئەھمەت قۇربان**

**باش تەھرىر: د.ئەركىن ئەكرەم**

**تەھرىر ھەيئىتى**

د.ئەسەت سۇلايمان

ف.د.ئالىمجان ئىنايەت

د.نۇرئەھمەت قۇربان

د.ئەركىن ئەمەت

بەتچىك: ئىلياس



تور بەت ئادرېسى

www.anayurtjurnili.net

ئېلخەت ئادرېسى

info@anayurtjurnili.net



ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاپتورلارغا ئائىت بولۇپ، ژۇرنال ھېچقانداق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك نەشىر ھوقۇقىنىڭ ژۇرنالغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە خاتىرلىتىدۇ.


# ئانا يۇرت

**پەسىللىك ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال**

# بۇ ساندا

**باش تەھرىر**

بىر ئۇلۇس - ئۇيغۇرلار ........................................ 3

**ئادىل يۇسۇپ**

كىملىك ئۇقۇمى ھەققىدە ........................................ 8

**دوكتور ئەركىن ئەكرەم**

چەنتۇ - ختاي مەنبەلىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ........ 41

**ئۆمەرجان نۇرى**

ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىكى ‹ئۇيغۇر› نامى ........................................ 58

**دولقۇن قەمبىرى**

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر كىملىكى ........................................ 63

**دوكتور نەبىجان تۇرسۇن**

20 - ئەسىردىكى تۇنجى «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش دەۋر شارائىتى ........................................ 100

**رىھىمقۇلۇ ياسىنئوغلۇ**

ئۇيغۇرلاردا كىملىك مەسىلىسى ........................................ 129

**تەھرىر ھەيئىتى**

دىن ۋە كىملىك ........................................ 161

باش تەھرىر:

# بىر ئۇلۇس - ئۇيغۇرلار

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلۇس تىل، دىن، ئېتنىك ئاساس قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاق بىر تارىخقا ئىگە بولغان، باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا ئورتاق بىر قىممەت قارىشى ئاساسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىنسانلار توپىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەرىپلىنىۋاتىدۇ. قىسقىسى ئۇلۇس، ئورتاق تارىخ ۋە ئەنئەنە ئاساسىدا ئوخشاش بولغان چۈشەنچە قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان، يەنى، ئورتاق بىر ئېتىقاد ۋە ئاڭ بىرلىكىنى شەكىللەندۈرگەن ئىنسانلار توپىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر بىر ئۇلۇسنىڭ ئەڭ ئالى مەنزىلى ۋە نىشانى بىر دۆلەت شەكىللەندۈرۈشتۇر. كۈنىمىز خەلقئارا مۇناسىۋەت سىستېمىسىدا بىر ئويۇنچۇق ھالىغا كەلگەن «دۆلەت»، ئەسلىدە ھەر قايسى ئۇلۇسلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، دىنىي ئېتىقادىنى، تىلىنى، كۈلتۈر ۋە مەدەنىيىتىنى، سىياسىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇلۇس كىملىكىنى يارىتىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنىڭ قانچىلىق مۇھىم ئىكەنلىكى مانا بۇنىڭدىن مەلۇمدۇر.

بۈگۈنكى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇلۇسلار ئاساسەن ئۈچ خىل شەكىلدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بىر قىسمى بۈيۈك ئىمپېراتورلۇق ۋە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، بىر قىسمى ياتلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا قارشى بىرلىكتە قوغدىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئالدى بىلەن دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاق بىرلىك ھاسىل قىلىپ، ئاندىن ئورتاق بىر ئۇلۇس كىملىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن كىملىك كىرىزىسىگە دۇچ كېلىشكە باشلىغان ئۇيغۇرلار، بۇ كىرىزىسقا قارشى بىر ئۇلۇس كىملىكى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە تىرىشچانلىق

كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا يۇرتۋازلىق ئىككى ئۇيغۇر ئۇلۇس كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش ھېسسىياتى، ئورتاق قاراش ۋە ئورتاق پىكىر كۈچى، ھەمدە ئورتاق ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

بىر ئۇلۇس، مەلۇم بىر ئىنسان توپىنىڭ تارىخىي ئاڭلىقلىقى ئاساسىدا بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، مەيلى خىتاي تارىخچىلىرى ياكى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى، مەيلى چەتئەل تارىخ تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن بولسۇن، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىلمىي بولغان بىرەر قاراش تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئۈچىنچى ئەسىردىن ئېتىبارەن ئورخۇن ۋادىلىرىدا ياشاپ، مىلادى 745-يىلىغا قەدەر ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ھاكىمىيەت قۇرغان. 840-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ھاكىمىيىتى – ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولغان ۋە قېرىنداش تۈركىي قەۋملەر ياشاۋاتقان بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن، ھەمدە ھۆكۈمران قەۋملىك سالاھىيىتى بىلەن، ساك ۋە تۇخار قاتارلىق ھىندى ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلىك خەلقلەر بىلەن سىڭىشىشكە باشلىغان. نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلىشىش، يەنى، تۈركلىشىش ۋە ئىسلاملىشىش جەريانى بارلىققا كەلگەن. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ، ئورخۇن ۋادىلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان رايونىدا تارىختىن بىرى ياشاپ كەلگەن يەرلىك خەلقتىن ئىبارەت ئىككى ئېتنىك مەنبەنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتاپ كەلگەن قاراخانىلار دۆلىتى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئۇيغۇرلىرىمۇ 13-ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستېلاسى مەزگىلىدە موڭغۇللار بىلەن قىسمەن سىڭىشىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، تۈركلەشكەن ۋە ئىسلاملاشقان موڭغۇل ئەۋلادلىرى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان چاغاتاي دۆلىتى ۋە سەئىدىيە خانلىقى دۆلىتى، ئۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئۆز دۆلىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ 15-ئەسىردە تامامەن ئىسلاملىشىشى نەتىجىسىدە بۈگۈنكى

ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئاساسى بەرپا بولغان دېيەلەيمىز.

شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ ئۇيغۇرلىشىش جەريانىدا نۇرغۇن مىللىي قەھرىمانلار بارلىققا كەلدى، ئاجايىپ قەھرىمانلىق داستانلىرى پۈتۈلدى، مىللىي بايرام كۈنلىرى شەكىللەندى ۋە لايىقىدا تەبرىكلەندى، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلەر يارىتىلدى. مانا بۇ ئورتاق مىللىي مىراسلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاپ، بىرلىك ۋە ئۇيۇشچانلىقىنى ئاشۇردى. شەرقىي تۈركىستان رايونىدا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار بۇ زېمىندا كۆلكىسىنى كۈلۈپ، يىغىسىنى يىغلاپ ، بۇ زېمىن ئۈچۈن قانلار تۆكۈپ، بەدەل تۆلەپ كەلدى. ئاتا-ئەجدادلىرىنىڭ قېنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ مۇبارەك زېمىن ئېنىقكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدۇر.

بۇ مۇقەددەس زېمىندا ئوخشاش بولمىغان يەرلىك شېۋىلەردە سۆزلەيدىغان ئۇيغۇرلار، بىر ئۇلۇسنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان ئورتاق ئەدەبىي تىلنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئورتاق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىلمىي سەۋىيەدە قېلىپلاشتۇرۇلىشىدا تېخى يېتەرسىزلىكلەر كۆپتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئورتاق ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، تەپەككۇر شەكلى، دىنىي ھايات رەۋىشى، ئۆرۈپ ۋە ئادەتلىرى، فولكلور جەھەتتىكى خاسلىقلىرى تەسۋىرلەنگەن رومانلار، ئەدەبىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرمۇ يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ . بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر يېتەرلىك بولغان بولسا ئۇيغۇر مىللىي بىرلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، ھەر بىر ئۇيغۇر بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە كىملىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدلىرىدا شەكىللەندۈرگەن بولاتتى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن ئورتاق ئەدەبىي تىل، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئالدىنقى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان كونكرېت باغلاردىن بىرىدۇر. ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقى ۋە بىرلىكىنىڭ سىجىللىقىنى قوغدايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساس ۋە ئۇلتاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئۇيغۇرنى باشقىلاردىن پەرقلىق قىلغان ۋە ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ بەرپا بولۇش ئاساسى بولغان ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا،

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرى، ئەنئەنىۋىي ئۆلچەملىرى، ھەققەتكە ئايلاندۇرۇلغان ئەپسانە-رىۋايەتلىرى، ئىتنىك باغ چۈشەنچىسى، ئۆرپ ۋە ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ، ئورتاق قىممەت قاراشلىرى، سىمۋوللۇق بەلگىلىرى (يۇرت، يەر ناملىرى، كىيىم – كىچەك، يېمەك ئىچمەك ئادەتلىرى، بايراقلىرى...) قاتارلىق ئامىللارمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى بۇ خىل ئوخشاشلىق ۋە ئورتاقلىق ئامىللىرى ئۇيغۇرلارغا پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئۇلۇس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئاساسلىق كۈچتۇر. ئىنسان پەقەت ۋە پەقەت بىرلا كىملىك ئالاھىدىلىكىگىلا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب ھەرپلىرىنى ئىشلىتىدىغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئىسلام دۇنياسىغا يېقىن ھېس قىلسا، لاتىن يېزىقى ئىشلىتىدىغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى غەرب دۇنياسىغا يېقىن ھېس قىلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ئۇلارغا مۇسۇلمانلىق كىملىكىنى ئاتا قىلغان بولسا، تۈركىي تىلغا مەنسۇپ بىر تىلغا ئىگە بولغانلىقى، ئۇلارغا تۈركىي خەلق كىملىكىنى ئاتا قىلغاندۇر. بىراق ئۇيغۇرلار بۈگۈنگە قەدەر باشقا بىر تۈركىي قەۋم ياكى باشقا بىر مۇسۇلمان قەۋم بىلەن ئورتاق بىر ئۇلۇس كىملىكى شەكىللەندۈرۈپ باقمىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ بىر جۇغراپىيەلىك رايوندا ئوخشاش بولمىغان ئىتنىك گۇرۇپپىلار ۋە ئۇلۇسلار ياشاۋاتىدۇ. ھۆكۈمران ئۇلۇس باشقا ئۇلۇسلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ھەقلىق تەلەپلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلمىغانلىقى، رايوندا مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى كۆپەيتكەن بولسا، بۇ خىل ئەھۋال داۋام قىلسا رايوننىڭ بۆلۈنۈش خەۋپىگىمۇ يول ئېچىشى مۇمكىن. شەرقىي تۈركىستاندا ئوخشاش بولمىغان ئىتنىك گۇرۇپپىلار ۋە ئۇلۇسلار ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەرقىي تۈركىستان رايونىدا قۇرۇلغان ئىككى جۇمھۇرىيەتمۇ ئۇيغۇر ئۇلۇسىنى ئاساس قىلماستىن، تېررىتورىيەنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسىنى ئاساس قىلغان ۋە بىر تېررىتورىيە دۆلىتى(territorial state) قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسى بويىچە بولغاندا پۈتۈن دۆلەت بىر ئۇلۇسقا باغلىق بولىدۇ ۋە ھەر بىر ئۇلۇس بىر دۆلەت شەكىللەندۈرىدۇ. ئەپسۇسكى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ئۇ ئىككى جۇمھۇرىيەت، شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسىنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە قۇرۇلمىسىنى قايىل قىلارلىق كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن ۋە شەرقىي

تۈركىستان ئۇلۇس كىملىكىنى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا ئۇلۇس شەكىللەندۈرۈشتە سابىت داموللا، مەسئۇت سەبرى بايقۇزى، مەمەتئىمىن بۇغرا، ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن، ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە تۇرغۇن ئالماس قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. سابىت داموللا، ئېلىخان تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىملار سىياسىي جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، مەسئۇت سەبرى بايقۇزى، مەمەتئىمىن بۇغرا، ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن (تۈركچىلىك) ۋە ئەخمەتجان قاسىمى (مىللىي ئىنقىلاب) قاتارلىقلار ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن قان تەرلىرىنى ئاققۇزغان ئىدى. تارىخىي جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە مەمەتئىمىن بۇغرا، ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

غەرب ئەللىرىدىن كەلگەن ئۇلۇسچىلىق ھەرىكىتى ئۇيغۇرلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلار 15-13 ئەسىرلەردە يوقاتقان قەدىمكى ئېتنىك كىملىكىنى غەرب دۇنياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئۇلۇس ئۇقۇمى بىلەن يېڭىۋاشتىن جانلاندۇرۇش يولىغا قەدەم باستى. بىراق ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇممەتچىلىك كىملىكى بىلەن قايتىدىن ئويغانغان ئېتنىك كىملىكنى بىر-بىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئاسانغا چۈشمىدى، ھەمدە بۇ قىيىنچىلىق بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇتلۇقىنى داۋام قىلىپ كەلدى. بىراق ئۇيغۇرلار خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭخۇا مىللىتى (جۇڭخۇا ئۇلۇسى) كىملىكىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. ئۇلۇس شەكىللەندۈرۈش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى، شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى كىملىكى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى (جۇڭخۇا ئۇلۇسى) كىملىكىنى قۇرۇق سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش بىلەن بىرگە، يۈكسىلىۋاتقان خىتاي مىللەتچىلىكى، ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ .

بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرىدا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مەسىلە-لەرگە كۆپرەك يەر بېرىدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە موھتاج ئىكەنلىكىمىزنىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن بىلدۈرىمىز. ●

**تۇغلۇق**

# كىملىك ئۇقۇمى ھەققىدە

## مۇقەددىمە

كىملىك ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشتىن تارتىپ، ئۆمرى بويىچە مەنسۇبىيەت ئېھتىياجىنى قامدايدىغان ھادىسە بولۇپ، ئىجتىمائىي تەرىپى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولغان ئىنسانغا خاس ئالاھىدىلىك، بەلگە، خاسلىقلار بىلەن بىراۋنىڭ كونكرېت بىر شەخس بولۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان شەرتلەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىنسان توپى، ئىجتىمائىي توپلۇق چوقۇم كونكرېت ۋە مۇئەييەن بىر كىملىككە ئىگە. ناۋادا ھېچقانداق كىملىكى بولمىسا ھېچكىممۇ ئۇنى تونۇمايدۇ. ئۇلار ”بىز پالانى‘دېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ”كىملىك مەسىلىسىدىنمۇ‘ سۆز قىلالمايدۇ. ئەگەر مۇئەييەن بىر كىملىككە ئىگە بولسا، بۇلارغا جاۋاب بېرىش ئاسانغا توختايدۇ ۋە شۇنداقلا تەبىئىي ھالدا كىملىك مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

كۈنىمىزدە كىملىك ئۇقۇمى ئەڭ جەلپ قىلارلىق ۋە سېھىرلىك ئۇقۇملاردىن بىرىگە ئايلاندى. خەلقئارادا كىملىك ئۇقۇمىنىڭ ئۆتمۈشى ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. ئىلىم ساھەسىدە كىملىك ئۇقۇمى 1940-يىللاردىن ئېتىبارەن پسىخولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ئىلىملىرى دائىرىسىدە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى، 1980-يىللاردىن باشلاپ، كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدە شەخسكە قارىغاندا جەمئىيەتنىڭ تەسىرىنىڭ بەكرەك بولىدىغانلىقى ئىلىم ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن كىملىك ئۇقۇمى جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىجتىمائىي ئانتروپولوگىيە ۋە سىياسەت ئىلىملىرى دائىرىسىدە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربتە مەيدانغا كەلگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈرەل[1] ئۆزگىرىشلەر كىملىك ئۇقۇمىغا بولغان ئىلمىي قىزىقىشلارنىڭ كۈچىيىشىدە زور رول ئوينىدى. 80-يىللاردا ياۋروپا، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋسترالىيە، ئۇزاق شەرق، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھىندىستان يېرىم

(1) ـ كۈلتۈرگە تەۋە ياكى كۈلتۈرگە مۇناسىۋەتلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاراللىرى قاتارلىق دۇنيا ھەر قايسى جايلىرىدا ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە كۇلتۇرەل ساھەلەردە ئۇلۇس دۆلەت (مىللىي دۆلەت) مۇناسىۋىتى ئىچىدىكى پەرقلىق ئېتنىك توپلۇقلار، گۇرۇھلار ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، دەپ ئاتىلىپ قالغانلارنىڭ ئوخشىمىغان تەلەپلىرى ياڭراشقا باشلىدى. بۇ تەلەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ساھەلەردە پەيدا قىلغان تەسىرلىرى ئەنئەنىۋى كىملىك ئۇقۇمى ۋە چۈشەنچىسىگە يېڭىچە تۈس ئاتا قىلدى. ئوخشاشلا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنى، مائارىپ، ئىقتىسادى ۋە ماكان ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، ئورنى ۋە سىياسىي تەقدىرى بەزى زىيالىلىرىمىزنى ئۆزلۈك، كىملىك ھەققىدە جىددىي ئويلاندۇردى ۋە ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولدى. زىيالىلىرىمىزنىڭ كىملىك ۋە ئۆزلۈك ھەققىدىكى بۇ ئىزدىنىشلىرى 90-يىللارغا توغرا كېلەتتى.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: كىملىك، ئىجتىمائىي كىملىك، مىللىي ۋە كۇلتۇرەل كىملىك، دۆلەت تەۋەلىكى ۋە سىياسىي كىملىك، ئىجتىمائىيلىق

## 1-نېمە ئۈچۈن كىملىك؟

غەربتە ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە كۇلتۇرەل ساھەلەردە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەر، يەر شارىلىشىش ھادىسىسى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىن ياڭرىغان تەلەپلەر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى كىملىك، ئېتنىك ۋە مىللەت (ئۇلۇس) چۈشەنچىسىگە يېڭىچە تۈس قوشتى. يېڭىچە كىملىك چۈشەنچىسىنىڭ تۈرتكىسىدە كىملىككە ئالاقىدار نۇرغۇن مەسىلىلەر كەڭ دائىرىدە كۈنتەرتىپكە كەلدى: دۇنياۋى كۇلتۇر، يەرلىك كۇلتۇر، كىشىلىك ھوقۇق، يەر شارىلىشىش، ئېتنىك ياكى دىنىي جامائەتلەر، مۇساپىرلار مەسىلىسى، ئىرقچىلىق، ئاز سانلىقلار، بۆلگۈنچىلىك ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى، ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلەر، مىللەتچىلىك، كۆپ كۇلتۇرلۇك، مىللىيەت ۋە پۇقرالىق مەسىلىسى، ئاۋامىلىشىش، ئىنسانىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشى، ئىجتىمائىي مىزانلار ۋە قىممەت قاراشلار، ئېكولوگىيە ۋە مۇھىت ئاسراش، ئىجتىمائىي پۈتۈنلىشىش ۋە ھەمكارلىق، ئاسسىمىلياتسىيە، كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، بوسنا-گېرېتسگوۋىنا، ئەزەربەيجان، سومالى ۋە گېرمانىيەدە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر.... (بىلگىن، 1991:249). يېڭى كىملىك چۈشەنچىسىدە نوپۇس جەھەتتىكى ئەمەس ھوقۇق جەھەتتىكى ئاز سانلىقلار،

ئېتنىك توپلۇقلار، دىنى جامائەتلەر، زۇلۇم ئاستىدا ئىگراۋاتقانلار، ھەق-ھوقۇقلىرىدىن تامامەن مەھرۇم قېلىۋاتقانلار، ئاياللار ۋە مۇساپىرلار قاتارلىقلارنىڭ سالاھىيىتى سەۋەبلىك دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر تەكىتلەندى، شۇنداقلا، بۇ قاتلامدىكىلەرنى ئاسانلا يوق قىلىۋېتىشنىڭ، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىشنىڭ ياكى كىملىكنى تامامەن ئىنكار قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى قايتىلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇڭلاشقا، كىملىك ھەققىدە ئىزدىنىشلەر ئىچكى سەۋەبتىن بەكرەك تاشقى سەۋەب تۈپەيلى مەيدانغا كەلگەن ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى، مىللەت تارىخىنى، ۋەتەن ۋە يۇرت ئېڭىنى تارىخنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا باغلاش يولىدا كۆرسىتىلىۋاتقان تىرىشچانلىقلار بىر ئىجتىمائىي توپلۇقنىڭ ياكى بىر مىللەتنىڭ كىملىك چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئەھۋاللارنىڭ كىملىك ئۇقۇمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ئىزاھىتىنىڭ ئورنىنى، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەھلىللەر ئالماقتا. چۈنكى، كۈنىمىزدە كىملىكنىڭ ئىندىۋىدىئاللىقىدىن بەكرەك ئىجتىمائىيلىقى ئالاھىدە گەۋدىلەنمەكتە. كىملىكنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ تارىخىي بىلەن چېتىشلىقى، ئىجتىمائىي توپلۇق ھالىتىدە ياشاش جەريانىدا ھەر قايسى ساھەلەردە شەكىللەندۈرگەن تەجرىبىلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرى بەلگىلەيدۇ. تارىخ ۋە ئىجتىمائىيلىق بولماي تۇرۇپ شەخسنى، ئىنساننى ۋە ئىجتىمائىي توپلۇقنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىششى، بىر جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇشى ۋە تارىخنىڭ مەلۇم بىر پەللىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى قاتارلىقلار ئۇنىڭ يەككە ھالىتىدىن بەكرەك ئىجتىمائىيلىقىنى مۇھىم قىلغان. شۇڭلاشقا، مەسىلىگە بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، كىملىك ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدا كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىزاھلاش تولىمۇ زۆرۈر. مەزكۇر ماقالىمىزدە كىملىك ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى، ئىرقىي كىملىك ، مىللىي كىملىك ۋە كۇلتۇرەل كىملىك، كىملىك توقۇنۇشى، سىياسىي كىملىك ۋە چەتكە قېقىلغان كىملىك قاتارلىق كىملىك تۈرلىرىنى قىسقىچە ئىزاھلايمىز.

### 1-1. كىملىكنىڭ تۈرلىرى

كىملىك سۆزىنىڭ دىنى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ياكى ئىلمىي كىملىككە ئوخشاش ھەر خىل مەنىلەردە ئىشلىتىلىشى شەخسنىڭ جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان سالاھىيەتلەر

بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىك بىر كىملىككە ئىشارەت قىلىدۇ. يەنى كىملىكتە ئىجتىمائىيلىق مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن دىنى، ئىلمىي، سىياسىي، مىللىي، كۇلتۇرەل كىملىككە ئوخشاش. دىنى كىملىك ئېتىقاد بىلەن، كۇلتۇرەل كىملىك تىل ۋە كۇلتۇر بىلەن، سىياسىي كىملىك دۆلەت تەۋەلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (بىر كۆك: 1994:74)

ئاكادېمىك ساھەدە ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي كىملىك تۈرلىرى ھەر خىل نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن ئىزاھلىنىدۇ، ئىجتىمائىي كىملىكنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەخسنىڭ قايسى ئىجتىمائىي تەبىقىگە، گۇرۇھقا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شەخسىي كىملىك بولسا بىراۋنى باشقىلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان، بىراق ئاساسەن دېگۈدەك ئىجتىمائىي مۇھىتتا شەكىللەنگەن شەخسىي ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ (چىغدەم، 2000)

مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپلۇقنىڭ مەنسۇبىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئاساس قىلىنىپمۇ كىملىك تۈرلىرىنى كاتېگورىيەگە ئايرىش مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا بىر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي كونتروللۇقىغا ئۆزىنىڭ مىللىتى ھۆكۈمران بولسا ئۇنداقتا شەخس كۆپ سانلىقنىڭ ئەزاسى بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا ئاز سانلىقلارنىڭ ئەزاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە ھالدا، ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ساھەسىدە كەڭ ئومۇملاشقان «پايدىلانما گۇرۇپپا كىملىكى» نامى ئاستىدا بىر كىملىك تۈرى مەۋجۇت. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، شەخس كىملىكنى دۇنيا قاراشلىرى ۋە ھەرىكەت-مىزانلىرى بىر قاتار پايدىلانما گۇرۇپپىلىرىغا ئاساسەن شەكىللەندۈرىدۇ.

## 2-1-كىملىكنىڭ شەكىللىنىشى

كىملىكنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ بۇلار تۇغما، بەرپا قىلغۇچى ۋە سۇبيېكتىپلىق ۋە ئوبيېكتىپلىقنى ئاساس قىلغان نەزىرىيەلەردىن ئىبارەت. تۇغما نەزىرىيەسى كىملىكنىڭ تۇغما ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. باشقا قاراشلار تۇغما نەزەرىيىسىنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەرپا قىلغۇچى نۇقتىئىنەزەر كىملىكنىڭ تۇغما بولماستىن ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە كۇلتۇرەل مۇساپە جەريانىدا بەرپا بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە فونكسىيىلىك رول ئۆتەيدىغان كىملىكلەر دەسلەپكى قەدەمدە كونكرېتلىق ئىپادە قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ كەڭ دائىرىلىشىپ

ماڭىدۇ. ئەڭ مەركەزدىكى كىملىكلەر كەڭ دائىرىلىك، ئومۇملاشقان، تەسىرچان كېلىدۇ. مەركەزدىكى كىملىكلەر جىنسىيەت، ئىرق، ياش، مىللەتكە ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك ئامىللار بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ ۋە مەركەزنىڭ چېتىدىكى ئۇششاق كىملىكلەرنى تەشكىل قىلىدۇ. كىملىك ئادەتتە نۇرغۇن ئۇششاق كىملىكنىڭ يىغىنىسىدۇر، بۇلار بىر-بىرىگە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كىملىك شەكىللىنىشىدە ئىككى ئاساسلىق ئامىل تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بىرى تەسىرچان ئامىللار بولۇپ، كىملىكنىڭ ھېس-تۇيغۇلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى. يەنە بىرى ئەقلىي ئامىللار بولۇپ، چۈشەنچە ۋە مەلۇماتقا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ھەر شەخس ئۆزى ھەققىدىكى كىملىك ئېڭىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن شەكىللەندۈرىدۇ. كىملىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تۈرتكىسىدە شەكىللەنگەن مۇرەككەپ ھادىسە بولۇش بىلەن بىرگە، شەخس تەۋە بولغان ئىجتىمائىي توپقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شەخسنىڭ جەمئىيەتتە كىملىك تاللىشىدا بىر تەرەپتە ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە قۇرۇلمىنىڭ نوپۇزلۇق ئالاھىدىلىكى، يەنە بىر تەرەپتە شەخسىي ئىرادە، ئەركىنلىك ۋە تاللاش بار. ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئامىللىرى بولغان ئورگان ۋە مۇئەسسەسەلەر، ئىجتىمائىي مىزانلار ۋە مۇھىت قاتارلىقلار ئىجتىمائىي ۋە پىسخىكىلىق جەھەتتە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ئەدەبىيات، مەتبۇئات، تاراتقۇلار، تەشۋىقات قاتارلىقلار ئىنسان ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئويناپ، كىملىككە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىئولوگىيىلىك، قۇرۇلمىلىق (مائارىپ، سىياسىي، ئىقتىسادى ئورگان قاتارلىقلار) ۋە كۈلتۈرەل ئامىللار ھەر ۋاقىت كىملىك ئۈچۈن تاللاش زېمىنى بەرپا قىلىدۇ.

كىملىكنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا جەمئىيەت ئىنسانغا نۇرغۇن كىملىك تاللىشى تەقدىم قىلىدۇ. ئىنسان بۇ تاللاشلاردىن بەزىلىرىنى ئۆز ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىغا ئاساسەن تاللاپ قوبۇل قىلىدۇ. بەزىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەلۋەتتە، جىمى جەمئىيەتتە شەخسنىڭ ئۆز-ئىرادىسى بويىچە كىملىك تاللىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇستەبىت دۆلەتلەردە كىملىك ئاساسەن مەجبۇرىي تېڭىلىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا ئۇيغۇرلاردىن باشقا دۆلەت تەۋەلىكى يەنى سىياسىي كىملىكنى ئۆزگە يۇرتلاردا تەڭقىسلىقتا قالماستىن دادىل دېيەلەيدىغان باشقا مىللەت بارمىدۇ؟ شەخس كىملىك تاللىغاندا ئۆز ئىرادىسى بويىچە تاللىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، تاللاش ئەسناسىدا چوقۇم ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ

قىممەت قاراشلىرىدىن مۇستەقىل قارار بېرەلمەيدۇ. دەرۋەقە، شەخسنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە مەدەنىيەت ساپاسى قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلغان يەنە شۇ شەخس ياشىغان جەمئىيەتتۇر. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر قانچە مۇرەككەپلەشكەنسېرى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار قانچىكى كۆپەيگەنسېرى كىملىك تۈرلىرىمۇ خىلمۇ-خىللىشىپ بارىدۇ. بۇ كىملىكلەرنىڭ شەخسكە بولغان ئەھمىيىتى بولسا تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ (بىر كۆك: 1994:77).

## 2-كىملىك ۋە ئىجتىمائىي كىملىك

كىملىك كەڭ مەنىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، شەخسنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىملىك خاسلىقنىڭ، ئالاھىدىلىكنىڭ ۋە ئۆزگىچىلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. كىملىكنى تەشكىل قىلغان ئىككى ئامىل بار بولۇپ، بىرىنچىسى، تونۇتۇش ۋە تونۇش-تونۇلۇش، ئىككىنچىسى مەنسۇبىيەت. تونۇتۇش ۋە تونۇلۇش-تونۇش شەخسنىڭ جەمئىيەتتە قانداق تونۇلىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنى قانداق تونۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ۋاستىسى تىل، كۇلتۇر ۋە ئەمەلىي كۈچتۇر. مەنسۇبىيەت بولسا شەخسنىڭ ئۆزىنى قايسى خىل ئىجتىمائىي ۋە ئىنسان تۈپىدا كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، سىياسەت ۋە قانۇن ساھەسىدىكى كىملىك ئۇقۇمى ئىنساننىڭ ئېتنىك، مىللىي، دىنى ۋە كۇلتۇرەل جەھەتتىكى كىملىكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، شەخسنىڭ كىملىكىنىڭ بەلگىلىنىشىدە ئۆز ئالدىغا بەلگىلەش رولى ئوينىيالمايدۇ. كىملىك بەزىدە ئۆزگىلەرگە ئوخشاشنى، بەزىدە ئۇلاردىن پەرقلىق بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، كىملىك ئۇقۇمى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق قۇتۇپلار ئارىسىدا دىئالېكتىكىلىق يوسۇندا ئۆزىنى نامايەن قىلىدۇ.

بۇ يەردە مۇھىم بولغان نۇقتا شۇ: جەمئىيەت شەخسنى قانداق تەرىپلەشتىن قەتئىينەزەر، شەخس ئۆزىنى كىملىكنى تەشكىل قىلغان جەمئىيەتكە ياكى ئىجتىمائىي تۈپقا تەۋە ھېس قىلمىسا، مەزكۇر كىملىككە تەۋە ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ (ئايدىن، 1999:12). مەسىلەن، كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزگە يۇرتقا كەلگەندە ئالدى بىلەن مىللىي كىملىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ، رەسمى كىملىكنى يەنى سىياسىي كىملىكنى قەتئىي گەۋدىلەندۈرمەيدۇ.

ئىجتىمائىي پسىخولوگىيەدە كىملىك ئۇقۇمى ئانالىزلىرىدە ئىندىۋىدۇئاللىق ئۇقۇمى

ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى قىلىقلىرىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىلىم-بىلىملىرىنى، پىلان ۋە ھەرىكەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئىجتىمائىي قىلىق ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىيلىشىش جەريانلىرىمۇ ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى تۈرتكىسىدە ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي قىلىق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ شەكىللىنىشى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىندىۋىدۇئاللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تەسىرچانلىقنىڭ مەھسۇلاتى بولۇش بىلەن بىرگە، كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە ئائىت ئۆچۈرلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش نۇقتىسىدىن ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنداقلا ھەرىكەت نۇقتىسى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدۇر (كاغىتچى باشى، 2000:86).

كىملىك شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلەرنىڭ بىرلىششىدىن ھاسىل بولىدۇ. كىملىك ئىجتىمائىي پسخولوگىيەدە شەخسنىڭ باشقىلار ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. كىملىك كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ۋە بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ھەم مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن ئوزۇق ئالىدۇ.

بوستانجى مۇنداق دەيدۇ: كىملىك بىزنىڭ كوللېكتىپ سالاھىيىتىمىز، ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز، ئۆزىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز، ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەمىز قاتارلىق تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىمىزدىن خەۋەر بېرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ (بوستانجى 1998:42).

بىر شەخس ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ بىرلا كىملىكى يوق. مەسىلەن، بىر ئىنسان ئوخشاش ۋاقىتتا ھەم ئۇيغۇر، ھەم مۇسۇلمان، ھەم ئايال كىملىكىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن،

بىر مىللەتنىڭ، بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ، بىر ئىرقنىڭ ئۆزىنى ئۆزگىلەرگە تونۇتۇشى شۇ مىللەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزگىلەرگە تونۇتۇشى ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە ئوك تاناسىپ. مىللەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى شۇ مىللەتنىڭ جەمئىيەتتە، باشقا جەمئىيەتلەر بىلەن بولغان رىقابەتتە، دۇنيادا قانچىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ئەمەلىي كۈچى ئاجىز بولسا

ئۆزىنى ئۆزگىلەرگە تونۇتۇشى ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ، بۇ ئەھۋال سىياسىي جەھەتتىن ئۆزگىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا مەھكۇم بولۇپ قالغانلاردا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئىچكى ئامىللارنىڭ رولى ئاجىز بولۇپ، پاسسىپ ھالەتتە قالىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتلەردە ئۆزىنى ئۆزگىلەرگە تونۇتۇش چەكلىك شارائىتتىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى ئۆزگىلەرگە سېلىشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل تونۇتۇش شەكلى ئاساسەن سۇبيېكتىپ ھېسسىياتقا تايانغان بولىدۇ، ئىلمىيلىكى تۆۋەنرەك بولۇپ قالىدۇ. جەمئىيەتتە ئۆتكۈنچى زىلزىلە قوزغىيالايدۇ. ئەمما ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. خەلقنى يېتەكلەش روھى گەۋدىلىك بولمايدۇ. پىكىر، ئۇقۇم، ئىدىيە قالايمىقانچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىراق، بۇ خىل تونۇتۇش شەكلىگە ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك، بۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا رولى ۋە تەسىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ رولىنى ۋە تەسىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يۇرتقا سالام» ئەسىرىنىمۇ بۇ دائىرىدە ئانالىز قىلىشقا بولىدۇ.

كىملىكنىڭ تونۇلۇش شەكلى تونۇتۇش شەكلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولۇپ، بۇ تاشقى ئامىللارغا باغلىق. تونۇلۇش ئۇقۇمىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، بۇ يەردە تاشقى ئامىلنىڭ پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق. تاشقى ئامىل بۇ يەردە بەلگىلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. سىياسىي تەقدىرى كاج بولۇپ قالغانلار، ھەق-ھوقۇق جەھەتتىن پاسسىپ ئورۇندىكىلەر كىملىكنىڭ بۇ خىل شەكلىنىڭ ئوبيېكتىدۇر. مەسىلەن، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادا تونۇلۇش ياكى بىلىنىش دەرىجىسى ئىنتايىن چەكلىك ساھەلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. ھازىرمۇ بۇ ئەھۋالدا تىلغا ئالغۇچىلىك ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلدى، دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، ئۇيغۇرلار باشقا ساھەدىن بەكرەك، سىياسىي سەھنىدە خەلقئارالىق ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى سەۋەبىدىن تونۇلدى. 11-سېنتەبىر ۋەقەسى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پىرېزىدېنتى جورج بوشنىڭ خەلقئارالىق تېرروررىزم ھەققىدە بايانات بەرگەندە، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىشى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ رايون ۋە دۆلەت دەرىجىسىدىن ھالقىپ خەلقئارانىڭ سىياسىي كۈنتەرتىپىگە كېلىشىگە سەۋەب بولدى. خەلقئارادا دېموكراتىيە، كىشىلىك ھەق ھوقۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يىغىنلاردىمۇ ئۇيغۇر مەسىلىسى تىلغا ئېلىنماي قالمايدۇ. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، بۇ يەردە ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئەمەس، دۇنيا تەرتىپىدە رول ئوينىۋاتقان كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇدۇل كەلگەچكىلا ئۇيغۇر مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇلۇشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتى

ئەمەس ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئاساس قىلىنىۋاتىدۇ.

شەخسنىڭ جەمئىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرگە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىشىنى تېما قىلغان ئىجتىمائىي كىملىك، شەخسنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھالقىشقا ياكى باشقا ساھەگە قەدەم تاشلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال شەخس ياكى ئىنسان «بىر جەمئىيەتتە ياكى مەلۇم كۇلتۇر مۇھىتىدا دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن شەخسىي كىملىكى ئىجتىمائىي كىملىكى بىلەن بىرلىكتە شەكىللىنىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن كىم؟ دېگەن سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب تەشكىل قىلغان شەخسىي كىملىك، بىز كىم؟ دېگەن سوئالغا بېرىلگەن جاۋابنى، مۇنداق قىلىپ ئېيتقاندا مەنسۇپلۇق، تەۋەلىك ۋە سالاھىيەت ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا مەجبۇر» (گۆكا 2006:297). ئىجتىمائىي كىملىكنىڭ شەخسنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھالقىغان بىر قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇشى، ئىجتىمائىي توپلۇق ۋە جەمئىيەتنى ئاساس قىلغان ئۆزنى تونۇش باسقۇچىنى ئاكتىپ ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. كوللېكتىپ قۇرۇلمىدىكى بىر ئىنسان- شەخسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن تامامەن ياكى قىسمەن ۋاز كېچىپ، مەزكۇر ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ دائىرىسىدە تىگىشلىك نىسۋېسىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئىجتىمائىي كىملىكتە مۇھىم ئامىل كوللېكتىپلىقتۇر. كوللېكتىپ قۇرۇلما ئىچىدە كىملىككە ئېرىشىش مۇساپىسى ھازىرقى زامان كىملىك چۈشەنچىسىنىڭ چىقىش نۇقتىلىرىدىن بىرى. ھازىرقى زامان كىملىك چۈشەنچىسىدە كىملىككە ئېرىشىش مۇساپىسى شەخس ياكى ئىنسان توپلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. چۈنكى، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپلۇق ئۈستىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىنسان، مەۋجۇتلۇقىنىڭ تەقەززاسى بويىچە تەئەللۇق، مەنسۇپلۇق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق تۇيغۇلىرىدىن مەھرۇم ھالەتتە ياشىيالمايدۇ. شەخسنىڭ تەقدىرى كوللېكتىپنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلانغان بولىدۇ. كىملىكنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بولغان تەئەللۇق ۋە مەنسۇپلۇق تۇيغۇسى بىراۋغا مەسئۇلىيەت ئاتا قىلىدۇ. كىملىكنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا مەسئۇلىيەت ئېڭى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇ بىراۋنى تەۋە بولغان ھەر قانداق كىملىكىگە ھۆرمەت قىلىشقا، سادىق بولۇشقا ۋە ئۇ كىملىكنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئۆزگىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكىمىز ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىشقا باشلىغاندا، ئۆزىمىزگە تەۋە مىللىي نەرسىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغان ۋاقتىمىزدا كىملىك ئۆزىنى روشەن نامايەن قىلىشقا باشلايدۇ.

كىم ئىكەنلىكىمىز توغرىسىدا ئارسالدا قالغان ۋاقتىمىزدا بولسا كىملىك مەسىلىسى مەۋجۇت دېگەن، گەپ. خىتاينىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدە ئوقۇۋاتقان ياكى تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئەمەلىيەتتە تۇرۇشلۇق يەرلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەلكىم بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. بىراق خىتايلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا تەبىئىي ھالدا كىملىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. خىتايلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارغا قاراپ تەرىپلىسە، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنى خىتايلارغا سېلىشتۇرۇپ تەرىپلەيدۇ. چەتئەلدە جۈملىدىن، تۈركىيەدە بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولمىغۇر بىر ئىشنى قىلىپ قويسا، قارشى تەرەپ ھەرگىزمۇ پالانچى بۇ ئىشلارنى قىپتۇ، دېمەيدۇ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىشلارنى قىلىپتۇ. دېيىشىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، يامان ئىشنى قىلغان بۇ ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىمۇ يوق. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارغا يامان ئۈلگە بولۇۋاتقانلار ئوقۇغۇچىلار سېپىدىلا ئەمەس، باشقا ساھەدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئوخشاشلا، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئابرويىنىمۇ كۆتۈرۈۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس، تۈركىيەدەك ئۇيغۇرلارنى ئاز تولا چۈشىنىدىغان بىر دۆلەتتە ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى، دەپ مىللىي، دىنى، ئىرقىي ۋە كۇلتۇرەل كىملىكنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھېچقاچان ئەقلىگە كېلىپ باقمىغان رەسمىي كىملىكنى يەنى خىتاي دۆلىتىنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىنى بازارغا سېلىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ خىلدىكى كىشىلەر كىملىككە يۈز كېلەلمەيدىغان بۇ ئىشلارنى مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىدىن قىلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ھەقىقەتەن ھايات-ماماتلىق مەسىلە بولسا مەجبۇرلۇقنى ئەلۋەتتە چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىش ئىنساننى ئىنسانىيلىق پەزىلىتىدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزى تەۋە بولغان كىملىككە خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

كۆچمەنلىككە ئوخشاش ماكان ئۆزگەرتىشلەر ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەندە كىملىك مەسىلىسى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا ۋەتىنىمىزدە خىتايلارنىڭ نوپۇسى ناھايىتى ئاز ئىدى، بۇنىڭغا ماس ھالدا ئارىمىزدا مەسىلىمۇ ھازىرقىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى، بىراق، قاچانكى ئۇلار ۋەتىنىمىزگە يېغىشقا باشلىدى، شۇ ۋاقتىدىن باشلاپ كىملىك مەسىلىسى ئالاھىدە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ھازىر ۋەزىيەت شۇ نۇقتىغا يېتىپ باردىكى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر مەسىلىنى كىملىك سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈپ بىر تەرەپ

قىلىدىغان ئىشلار ئومۇملىشىپ كەتتى. بىر ئىنسان توپىنىڭ ئۆزىنى ئۆزگىگە ئاساسەن تەرىپلەشكە، ئۆزگىلەردىن پەرقلىنىش ۋە ئۆزگىلەر ئالدىدا ئۆز ئىرقى ياكى ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىنسان توپى بىلەن كۈچ تەشكىللەشكە ئېھتىياج ھېس قىلىنغان ھەر قانداق جايدا كىملىك مەسىلىسى مەۋجۇتتۇر. 5-ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ ئالدى كەينىدە ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرمۇ ئەسلىدىلا كەسكىن ھالەتتە تۇرغان كىملىك مەسىلىسىنىڭ ئىپادىلىرى ئىدى.

شەخس ياكى ئىنسان پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدە قانداق مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر، ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر شەخسنىڭ شەخسىي كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدىمۇ ئوخشاشلا رول ئوينايدۇ، شۇڭلاشقا، شەخسسىز ئىجتىمائىي كىملىكنى، جەمئىيەتسىز شەخسىي كىملىكنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇلار بىر-بىرىنى تولۇقلاش خاراكتېرىگە ئىگە. ئىجتىمائىي، كۈلتۈرەل ۋە تارىخىي ھادىسىلەر دائىرىسىدە ئانالىز قىلىنىدىغان شەخسنىڭ ئىجتىمائىي توپلۇق ياكى قاتلاملارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە مىزانلىرىغا ماس ھالدا شەكىللەندۈرگەن كوللېكتىپ كىملىك چۈشەنچىسى ئىرقىي، مىللىي، كۈلتۈرەل، سىياسىي كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدە زور تەسىرچانلىققا ئىگە.

كىملىك ئىجتىمائىيلىشىش دائىرىسىدە كىشىلىك تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت ھادىسىسى بىلەن قىياس قىلىنغان ئەھۋالدىمۇ كۈلتۈرگە بىۋاستە چېتىشلىق بولۇپ، كۈلتۈرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. كۈلتۈرنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتىنى كىملىكتە تاپقىلى بولىدۇ. كۈلتۈر ئۆزىنى ئىسلاھ قىلالماي ياكى يات مۇھىتنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەندە ئۆزگىرىش مۇقەررەر مەيدانغا كېلىدۇ (كۆسەئوغلۇ 1995:42).

### 2-1-ئېتنىك كىملىك

ئېتنىك مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپلۇقنىڭ ئىرق، تىل ياكى مىللىي كىملىكنى كۆرسىتىدۇ. سۆزنىڭ يىلتىزى يۇنانچىدىكى ethnos كەلىمىسىدىن كەلگەن بولۇپ، يۇنانچىدە بۇ سۆز سىياسىي بىرلىكنى ئەمەس، قەبىلە ياكى ئىرققا ئوخشاش ئادەمىيەت بىرلىكنى ئىپادە قىلىدۇ.

ئىرقىي كىملىك ياكى ئېتنىك كىملىك ھوقۇق ۋە نوپۇس جەھەتتىن ئاز سانلىقلار

سالاھىيىتىگە چۈشۈپ قالغانلار مۇراجىئەت قىلىدىغان كىملىكتۇر. بۇنىڭ ھەم ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەرىپى ئالاھىدە كۈچلۈك. بولۇپمۇ، ئاز سانلىقلار سالاھىيىتىگە چۈشۈپ قالغانلار بار كۈچى بىلەن ئىپسىلدىغان ياكى مۇراجىئەت قىلىدىغان مەنبەلەر تىل، دىن، كۇلتۇر ۋە سىياسەت بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا، ئېتنىك كىملىك ئىجتىمائىي تۈستىن بەكرەك سىياسىي تۈسكە كىرىپ كېتىدۇ. ناۋادا ئوخشاش ئىنسان توپىدىكىلەر ئۆز-ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتسە، ئاندىن ئېتنىك كىملىك ئۆزىنىڭ مەنىسىنى تاپالايدۇ. شۇنىڭدەك، ئېتنىك كىملىك مىللەت ئۇقۇمى شۇنداقلا مىللەتچىلىك ئۇقۇمىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئېتنىك گۇرۇپپىلار بىلەن بىۋاستە چېتىشلىقى بولغان ئىرقىي كىملىك- بەرپا بولۇش مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئېتنىك كىملىكنىڭ بەرپا بولۇش مۇساپىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەب، بۇ ئۇقۇمنىڭ تېخى يېقىندا مەيدانغا كېلىشكە مۇناسىۋەتلىك. زامانىۋى دۆلەتلەر بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئېتنىك توپلۇقلار ئۇقۇمىنىڭ كەڭ ئىشلىتىلىشىدە كۆچمەنلىك، مۇساپىرلار مەسىلىسى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلاردا ماكان جەھەتتە مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەلمساقتىن بىر جۇغراپىيىلىك ماكانىنى ۋەتەن ۋە يۇرت قىلىپ ياشاپ كەلگەن بىر ئىنسان توپى ياكى توپلۇقنى ئېتنىك گۇرۇپپا ئاتالغۇسى دائىرىسىدە ئىزاھلاشقا بولمايدۇ. ناۋادا ئىزاھلاشقا توغرا كەلسە شۇ يەرنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن سىرتتىن كەلگەن ياتلارنى ئېتنىك گۇرۇپپا دائىرىسىدە ئىزاھلاش تېخىمۇ مۇۋاپىقراق بولىدۇ. جۇغراپىيىلىك بايقاشلار نەتىجىسىدە مۇستەملىكە قىلىنغان ئافرىقا قىتئەسىدىن ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كېلىنگەن قارا تەنلىكلەر مىللىي دۆلەتتە ھەر قايسى ساھەلەردە ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنىدى. دەل مۇشۇ خىل ئەھۋالنى بىلىم ساھەدە ئىزاھلاش ئۈچۈن ئېتنىك گۇرۇپپا ئاتالغۇسىغا مۇراجىئەت قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا بىر ئىرققا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارمۇ ئېتنىك توپلۇق ئاتالغۇسىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلدى. كېيىنچە ئېتنىك توپلۇق ئۇقۇمى كىملىك ئۇقۇمى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىپ، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىگە كىرگۈزۈلدى.

ئېتنىك توپلۇق ئۇقۇم سۈپىتىدە «1953-يىلى ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس دېۋىد رىيسمان تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن» (يىلدىز 2001:39) ئېتنىك ئۇقۇمى 1953-يىلى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، بىراق مىللىي دۆلەتتە فونكسىيىلىك رول ئۆتىگەن. چۈنكى مىللىي

دۆلەتتە چوقۇم بىر ئىرق ھۆكۈمران ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ. ھۆكۈمران ھالغا ئۆتكەن ئىرق كۈلتۈر ۋە ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلىرى سەۋەبلىك بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. دەرۋەقە، دەسلەپ بىر ئىرق بېكىتىلىدۇ، ئارقىدىن ئۇنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر مىللەتكە سىياسىي مەنا ئاتا قىلىنىدۇ. باشقا ئىرق بولسا بۇنىڭغا خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ.

## 2-2. مىللىي كىملىك ۋە كۈلتۈرەل كىملىك

مىللىي كىملىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللىي كۈلتۈر ئامىللىرى تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن كىملىك تۈرىدۇر. مىللىي كۈلتۈر بولسا باشقا جەمئىيەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھەر قايسى ساھەلەردە ئۆزگىچە(مىللىي) ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

زىيا گۆك ئالىپ مىللىي كۈلتۈر شۇ جەمئىيەتتە ھۆكۈمران بولغان كۈلتۈرنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن بولسا (نەقىل قىلغان: ئورھان تۈركدوغان، 14-1963:5)، ئىبراھىم كافەسئوغلۇ كۈلتۈر ماھىيەت جەھەتتىن مىللىيدۇر، دەيدۇ. زامان، ماكان ۋە بەزى شارائىتلارغا ئاساسەن مىللىي كۈلتۈرنىڭ بەزى ئامىللىرى ئۆزگىرىپ تۇرۇشى مۇمكىن. بىراق ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئەسىرلەرچە مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. (كافەسئوغلۇ، 1933) مىللىي كىملىكنىڭ دائىرىسى باشقا كىملىكلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن كەڭ. مىللىي ئالاھىدىلىك ئاساس قىلىنغان كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرالايدۇ (نەقىل قىلغان: بىر كۆك: 71).

كىملىك ۋە كۈلتۈرنىڭ بىرلەشمىسىنى تەشكىل قىلغان كۈلتۈرەل كىملىك بولسا، تۇغما ۋە كېيىن ئېرىشكەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك. ئورتاق قىممەت قاراشلىرى، ئەخلاق چۈشەنچىسى، ئۆرپ-ئادەتلەر، ئەدەبىيات، مۇزىكا، جەمئىيەتكە خاس ئەنئەنىۋى سەنئەتلەر، تىل، مىللىي سىمۋوللار، دىنى ئېتىقادىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەمەلىي شەكىللىرى، تائام تۈرلىرى، ئاي ۋە كۈنلەرنىڭ جەمئىيەتكە ئاتا قىلغان مەنىلىرى، شۇنداقلا ھەر خىل ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ئورتاقلىشىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن كۆپ تەرەپلىملىك ھادىسىدۇر. كۈلتۈرەل كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدە تىل، تارىخ، تىلغا ئوخشاش ئامىللار مۇھىم رول ئوينايدۇ. جەمئىيەتتىكى ئورتاق تىراگىدىيەلەر، خوشاللىقلار، قىسقىسى مەنىۋى ھاۋالار (كەيپىياتلار) كۈلتۈرەل كىملىكنى يۇغۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ (يىلدىز. 2002:29).

كۇلتۇرەل كىملىك «مەن كىم؟»، «بىز كىم؟» دېگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋاب بولۇپ، ئوخشاش كۇلتۇرنى ئورتاقلاشقان ئىنسان توپىنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىدۇ. كۇلتۇرەل كىملىكنىڭ شەخسنى ھالقىغان ئىجتىمائىي تەرىپىمۇ بار. شەخسنىڭ ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇشى ۋە تۇرلۇك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تەشكىللانغان ئىجتىمائىي توپلۇقلار ئىچىدە ياشىشى ئىجتىمائىي توپلۇقنى شەخسكە ۋەكىل قىلالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ (ئەركال. 1997:174). بۇنىڭدىن كۇلتۇرەل كىملىكنىڭ تۇغما ئەمەس، جەمئىيەتتە بەرپا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۇلتۇرەل كىملىكنى تەشكىل قىلغان ۋە كۇلتۇرەل كىملىككە تەۋەلىك ئاتا قىلغان ئامىللارنىڭ قايسىلار ئىكەنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، كۇلتۇرەل كىملىكنى تەشكىل قىلغان ئامىللار ۋاقىت، شەرت-شارائىت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر مۇساپىسىگە ماس ھالدا شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تەكرار تەرىپلەش، تونۇش ۋە تونۇتۇش باسقۇچىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھادىسىدۇر. ئېنىقكى، كۇلتۇرەل ياكى ھەر قانداق بىر كىملىكنىڭ شەكىللىنىشى «يەرلىك شەرت-شارائىتلار»غا (ئېيدخېم 2001، 62-41) ۋە تاشقى ئامىللارغا باغلىق. بۇ سەۋەبتىن كىملىك «ئوبيېكتىپ» ئەمەس، «سىمۋوللار ۋە مۇناسىۋەتلەر سىستېمىسى» سۈپىتىدە تەرىپلىنىشى مۇمكىن.

كۇلتۇرەل كىملىك مىللىي كىملىك مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. مىللىي كۇلتۇر ئۇقۇمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرگەن گۆنگۆر مۇنداق دەيدۇ: «كۇلتۇر ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس، شارائىتقا ئاساسەن بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنىڭغا ئاساسەن مىللىي كۇلتۇر ئەندىزىسىنى تولۇق سۈرەتلەپ بېرىشمۇ تەسكە توختايدۇ. مىللىي كۇلتۇر تارىخىنىڭ مەلۇم بىر پەيتىدە جەمئىيەتنىڭ كۆپ قىسىم ئەزالىرى قوبۇل قىلغان كۇلتۇر ئامىللىرى تەشكىل قىلغان كۆپ قىرلىق ھادىسىدۇر» (گۆنگۆر: 67-1982). بۇنداق ئەھۋالدا، ئومۇملاشقان كۇلتۇر ھەم مىللىي كۇلتۇر ھەمدە مىللىي كىملىك بولالايدۇ. بىراق بىرەر كۇلتۇرەل ئامىلنىڭ جەمئىيەتنىڭ كۆپ قىسىم ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، ئۇنىڭ مىللى بولۇشىنى تەقەززا قىلمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال كۇلتۇر يات كۇلتۇرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇنىڭدا سىياسىي كۈچلەرنىڭ رولى كۈچلۈك بولۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرىغا مەجبۇرىي تېڭىپ قوبۇل قىلدۇرىدۇ. نەتىجىدە، مەنبە جەھەتتىن مىللىي بولمىغان بىر ئامىل قىسمەن بولسىمۇ مىللىيلەشتۈرۈلىدۇ. خىتايلار بىزگە مەجبۇرىي تېڭىۋاتقان مىللىي بايراملىرى كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمىدى، خىتايلارنىڭ بايراملىرىدا

ئۇيغۇر ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوبۇۋېتىلسىمۇ ئۇلارنىڭ بۇنى ئۆتكۈزۈپ كېتىشى ناتايىن، بىراق، بىر ئەۋلاد ئالماشقاندىن كېيىن بۇ بۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن.

قىسقىسى، مىللىي قىممەت ئۆلچەملىرى ئاساس قىلىنىپ، مىللەت ئەتراپىدا مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن كۈلتۈر مىللىي كۈلتۈر بولىدۇ، بۇ تەشەببۇس قىلغان كىملىك تىپى بولسا مىللىي كىملىكتۇر.

مىللىي ئالاھىدىلىك ئۇقۇمىمۇ مىللىي كىملىكنى ئىزاھلاشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇنداق بولغاندا، مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن ياكى بۇ ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەن كىملىك تىپى مىللىي كىملىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار خىتايلاردىن ئېتنىك، كۈلتۈرەل، دىن قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ پەرقلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئىككى مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي، سىياسىي، ئېتىقادى، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدۇر. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەمىزمۇ ئوخشىمايدۇ. مەنىۋى ئېھتىياجلىرىمىزمۇ تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلىلىرىمىز، قىيىنچىلىقلىرىمىز بىر-بىرىدىن تۈپتىن ئايرىلغان. شۇڭلاشقا ئېھتىياجلىرىمىز، مەسىلىلىرىمىز ۋە قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەل قىلىدىغان مۇناسىپ كۈلتۈرەل چارىلىرىمىزمۇ تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

بىر جەمئىيەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى- ئەزالىرىدا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان، زامان ۋە ماكان جەھەتتىن ئەڭ ئومۇملاشقان ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىملىكى ئىسلام ئېتىقادى ۋە مىللىي كۈلتۈر ئىچىدىكى مەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىگە تايىنىدۇ. تارىخىمىزدا ئىسلام دىنى كىملىكىمىزنىڭ بەلگىلىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلدى. ھېلىھەم شۇنداق، خىتايلار بىزنى ئۆزىگە نىسبەتەن ئاز سانلىقلار دەپ تونۇسا، چەتئەلدە رايونلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق تەرىپلەپ كەلمەكتە. كۈنىمىزدە خىتايلارنىڭ ھەر تۈرلۈك بېسىم سىياستى، يەر شارىلىشىش ئېلىپ كەلگەن دولقۇنلار بىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىمىزغا، قىسقىسى بىزنى بىز قىلغان، خىتايلاردىن ۋە ئۆزگىلەردىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىمىزگە خىرس قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلىقىمىز مەۋجۇدلۇقىمىزنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈچىلىك دەرىجىدە رول ئويناپ كەلمەكتە.

كىملىك بىلەن ئېتنىكلىق ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت مەۋجۇت. ئايرىم بىر ئېتنىك كىملىكتىن سۆز ئاچقاندا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان ئۆزگىچە بىر

كۇلتۇرەل كىملىكنى تىلغا ئالماي ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئايرىم بىر كىملىكنى بېكىتىشتە كۇلتۇرنىڭ ھەر بىر ئامىلى نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. چۈنكى تىل ياكى شىۋە كىملىك ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. كۇلتۇر ئامىللىرى كىملىكتە بىر پۈتۈن ھالدا نەزەرگە ئېلىنىدۇ. تۇغۇلما ياكى بىئولوگىيىلىك ئامىلمۇ ئۆز ئالدىغا يېتەرلىك بولمايدۇ.

كۇلتۇرەل كىملىكتە ھېس-تۇيغۇ ئورتاقلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ھېس-تۇيغۇ ئورتاقلىقى تەقدىرنى ئورتاق، دەپ قارىغۇچىلاردا بولىدىغان بىر خىل ھېسسىياتتۇر. داڭلىق تەسەۋۋۇپ ئۇستازى مەۋلانا جالالىدىن رۇمى «ئورتاق تىلنى سۆزلىشىش مۇھىم ئەمەس، ئورتاق ھېس-تۇيغۇنى ئورتاقلىشىش مۇھىمدۇر»دېگەن ئىكەن. جەمئىيىتىمىزدە ئورتاق تىلنى سۆزلىشىپ، لېكىن ھېس-تۇيغۇ جەھەتتىن بىر-بىرىنى چۈشەنمەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. قوش تىللىق مائارىپقا ئوخشاش مىللىي مەۋجۇدلۇقىمىزغا تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتقان سىياسەتلەرگە ۋاستە بولۇپ بېرىپ ئىجتىمائىي، ئىرقىي ۋە كۇلتۇرەل كىملىكىدىن بەكرەك دۆلەت كىملىكىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان چوڭلار بىلەن ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى بولغان ئانا تىلىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن چامىسىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ كۆرگەن ئابدۇۋەلى ئايۇپقا ئوخشاش مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يېتۈك ياشلار ئانا تىلىمىز ئارقىلىق بىمالال ئالاقىلىشىشى مۇمكىن، بىراق، بىر-بىرىنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق بېرىپ، چۈشىنىشىش ھاسىل قىلىشى ناتايىن، ئالدىنقىلار ئۇيغۇرچىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ تارىيىشىغا «بىر كىشىلىك» ھەسسە قوشقان بولسا، كېيىنكىلەر ئۇيغۇرچىنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسىنىڭ بىر ئاز بولسىمۇ كېڭىيىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرگەن. ئالدىنقىلار ئۇيغۇرچىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار بىلەن سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى بولۇپ ھەر قايسى ساھەلەردە بىر پۈتۈنلىشىشىگە توسالغۇ بولىدۇ، دەپ قارىغان بولسا، كېيىنكىلەر بولسا، مەسىلىگە مىللىي مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن قارىغان. ئالدىنقىلار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كىملىكنىڭ تەقەززاسى بويىچە سىياسەتكە خىزمەت قىلىشنى تاللىغان بولسا، كېيىنكىلەر مىللىي كىملىكنىڭ تەقەززاسى بويىچە مىللەتكە خىزمەت قىلىشنى تاللىغان. ئالدىنقىلار ئۇيغۇرچىنى سىياسەتنىڭ ۋاستىسى قىلغان بولسا، كېيىنكىلەر ئۇيغۇرچىنى مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ۋاستىسى قىلغان. ئالدىنقىلار «مەجبۇرلۇق» نى پەش قىلىش ئارقىلىق يولنىڭ ئاسىنىنى تاللىغان بولسا، كېيىنكىلەر نۇرغۇن چەكلىمە ۋە توسالغۇلار ئالدىدا ياخشىراق بىر ئىش قىلىش ياكى تەۋرىتىش ناھايىتى تەس بولۇپ كەتكەن جەمئىيىتىمىزدە ئەركىن ئىرادىسى ۋە ھەقنىڭ تەقەززاسى

بويىچە تەس يولنى تاللىغان. ئالدىنقىلار «ئامانەت»نى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كىملىكىگە قۇربان قىلىۋەتكەن بولسا، كېيىنكىلەر ئامانەتنى دىنى ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ تەقەززاسى بويىچە جېنى ۋە مېلى بىلەن قوغداشقا تىرىشقان. ئالدىنقىلار مەنپەئەتى ئۈچۈن قىممەت قاراشلىرىنى قۇربان قىلغان بولسا، كېيىنكىلەر قىممەت قاراشلىرى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن. ئالدىنقىلار زۇلۇمغا، ھەقسىزلىققە، ئادالەتسىزلىككە، تەڭسىزلىككە كۆزنى يۇمۇۋالغان بولسا، كېيىنكىلەر بۇلارغا كۆكرەك كېرىپ قارشى چىققان. ئالدىنقىلار ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ «ئىلتىپاتى»نى كۆزلىگەن بولسا، كېيىنكىلەر خەلقنىڭ دۇئاسىنى كۆزلىگەن. ئالدىنقىلار بېشىدىكىلەرنىڭ شاھمات تاختىسىدىكى بىر پىشكىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن بولسا، كېيىنكىلەر شاھمات تاختىسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇشنى خالىماي، خەلقنىڭ خىزمەتكارى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن. ئالدىنقىلار كۈچنى ھاكىمىيەتتىن ئالغان بولسا كېيىنكىلەر كۈچنى خەلقتىن ئالغان.

ئىككى تەرەپ جەمئىيىتىمىزدە زىيالىيلار قوشۇنىدىكى «سەرخىللار» دەپ قارالسىمۇ، ئەمما قايسى خىل كىملىكىگە ئەھمىيەت بېرىشتە تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار تارىخىمىزدا مىللەتكە خىزمەت قىلىش نۇقتىسىدىن پەرقلىق سەپلەردە ئورۇن ئالسا ھەيران قالمىساق بولىدۇ. ئەلۋەتتە جەمئىيىتىمىزدە ئىجتىمائىي، سىياسىي كىملىكىدىن پايدىلىنىپ خەلقىمىز ئۈچۈن باش قاتتۇرۇۋاتقان، ھەتتا قولىدىن كېلىشىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلىدا تەلىم-تەربىيە كۆرۈپ، يېتىشىپ ئۆسكەن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ، قەلبىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يېتۈك زىيالىيلارنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، دوكتور ئابدۇرېشىت جېلىل قارلۇقنىڭ نەزىرىدىكى خىتاينىڭ كۈلتۈرى، سىياسىي ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن بىر پۈتۈنلىشىپ كەتكەن«خىتاي تىللىق ئۇيغۇرلار» ئىچىدىمۇ يېتىشىپ ئۆسكەن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ بۇلارغا ئەل بولماي، ۋىجدانىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يېتۈك زىيالىيلارمۇ بار. بۇنىڭ زىتنى ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىدا تەلىم-تەربىيە كۆرۈپ، يېتىشىپ ئۆسكەن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالماي ئۆزىنىڭ كۈلتۈرەل، مىللىي، دىنى كىملىكىگە قارشى ھالدا دۆلەت ياكى سىياسىي كىملىكىگە (خىتاي پۇقرالىقى)ئەل بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، «خىتاي تىللىق ئۇيغۇرلار» ئىچىدىمۇ خىتاينىڭ

كۈلتۈرى، سىياسىي ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن بىر پۈتۈنلىشىپ كەتكەنلەرمۇ بار، يەنى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەنلەر بار.

بۇ ئەھۋال تىلنىڭ بىر ئىنساننىڭ دۇنيا قارىشىغا ۋە كىملىكىگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتسىمۇ، لېكىن بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئورتاق ئىجتىمائىي ئاڭ، ئورتاق ھېس-تۇيغۇلارنىڭمۇ كىملىككە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

كۈنىمىزدە دۇنيانى كىچىكلىتىۋاتقان، مىللىي كۈلتۈرگە قارشى ئاۋام كۈلتۈرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋاتقان، سىياسىي كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىۋاتقان تاراتقۇلارنىڭ كىملىككە بولغان تەسىرىگە قەتئىي سەل قاراشقا بولمايدۇ. تاراتقۇلار كۈلتۈرەل كىملىكلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، تونۇلۇشىغا ۋە كۈچىيىشىگە پايدىسى بولغىنىغا ئوخشاش، كىملىكنىڭ تېخىمۇ مۈجمەللىشىشىنى، ھەتتا ئاسسىمىلياتسەسىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

كۈلتۈرەل كىملىكتە ماددىي ئامىللارغا قارىغاندا مەنىۋى ئامىللار بەكرەك رول ئوينايدۇ. يەنى تۇغما ئامىللاردىن بەكرەك، كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئامىللارنىڭ رولى كۈچلۈك بولىدۇ. ئورتاق قىممەت قاراشلىرى، ئەخلاق چۈشەنچىسى، ئۆرپ-ئادەتلەر، ئەدەبىيات، مۇزىكا، سەنئەت، ئانا تىل، مىللىي سىمۋوللار، بىناكارلىق، تائام، مىللىي بايرام، مەۋجۇت دىن ئەقىدىلەر (ساپ ئەمەس) قاتارلىقلار ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «مۇسۇلمانلىق» سۈپىتىمۇ كۈلتۈرەل كىملىككە كۇپايە قىلمايدۇ. ئىسلامدا مىللىي كىملىكلەر ئىنكار قىلىنمايدۇ. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان، بىراق مۇسۇلمان ئەرەبلەر بىلەن ئوخشاش كۈلتۈرگە ئىگە ئەمەس. كۈلتۈر بىر پۈتۈن بولۇپ، ئازغۇن ھەرىكەتلەرگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇلۇشى كېرەك. يات تىلدا تەلىم-تەربىيە كۆرۈش، ياتلارنىڭ كۈلتۈرىگە ھەۋەس قىلىش قاتارلىقلار كۈلتۈرەل كىملىككە ئېغىر زىيانلارنى بېرىشى مۇمكىن. جەمئىيىتىمىزدە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن تۈرك فىلىملىرىنىڭ بەزىلىرىدە تۈركلەرنىڭ ئېتىقادىغا، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىگە زىت بولغان مەزمۇن ۋە كۆرۈنۈشلەر ئالاھىدە گەۋدىلىك. بۇلارنىڭ زىيىنىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ زىيانلىق ئامىللارمۇ تۈركلەرگە ياتلاردىن كەلگەن.

كىملىكنى نوقۇل جۇغراپىيىلىك ئامىل بىلەنمۇ چۈشىنىشكە بولمايدۇ، جۇغراپىيىلىك ماكان ۋەتەنلەشتۈرۈلگەن نىسبەتتە كونكرېتلىشىدۇ، مەلۇم بىر جۇغراپىيىلىك ماكاننىڭ

كۇلتۇرگە بولغان تەسىرىگە ئەلۋەتتە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىقتىسادى پائالىيەت، قونالغۇ، ئوزۇقلىنىش ۋە قونالغۇ قاتارلىقلاردا تەسىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە ئومۇمىي نەزەر سالغىنىمىزدا بۇ تەسىرلەر مۇتلەق ئەمەس، پەقەت نىسپىدۇر.

مىللىي ۋە كۇلتۇرەل كىملىكتە مىللىي ھېسسىياتنىڭ رولىغمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، مىللىي ھېسسىيات شەخسىي ھاياجانلاردىن بەكرەك، كوللېكتىپ ھاياجان بەرپا قىلىدىغان روھىي ھالەتتۇر. مەتبۇئات، تاراتقۇ، مائارىپ قاتارلىقلار بۇنىڭدا ئۇنۇملۇك رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇلار ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئەمەس ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇلغاندا، ئاندىن ئۇنۇمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

### 3-2-دۆلەت كىملىكى ۋە چەتكە قېقىلغان كىملىك

دۆلەت كىملىكى چۈشەنچىسمۇ باشقا زامانىۋى چۈشەنچىلەرگە ئوخشاش فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. ئەينى دەۋىردە دۆلەتنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش مۇساپىسىدە مۇئەييەن بىر جۇغراپىيىلىك ماكان ئۈستىدە ئۆزۈندىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ئىنسانلار توپىنى قانداق ئاتاش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندا، بۇلارنى «ئۇلۇس» (مىللەت) [2] دەپ ئاتاش مۇۋاپىق كۆرۈلىدۇ. مىللىي (ئۇلۇس) دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت تېررورتورىيەسى ئىچىدە ياشاۋاتقان يۇرتداشلارنىڭ دۆلەت كىملىكلىرى ئەڭ مۇھىم كىملىك تۈرى ھالىتىگە كېلىدۇ. ئۇ مەزگىلگىچە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن دىنى ۋە ئېتنىك كىملىكلەر بۇرۇنقى فونكسىيەسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. دۆلەت يۇرتداشلىرىنى بىرلا كىملىك ئەتراپىدا يىغىش ئۈچۈن سىياسەت يولغا قويىدۇ. ئىنسانلارنى ئورتاق بىر دۆلەت كىملىكى ئاستىدا يىغىشنىڭ ۋاستىسى بولسا دۆلەت تىلى ۋە كۇلتۇر بولغان (شەن، يەر شارىلىشىش باسقۇچىدا مىللەتچىلىك... 133-134).

دۆلەت كىملىكىنى ئانالىز قىلىش ئۈچۈن مىللەتلەرنى ۋە مىللەتچىلىكنى مەيدانغا

(2) ـمىللەت سۆزى ئەسلىدە ئەرەبچە بولۇپ، (ملة) «دىن ياكى مەزھەپ: بىر دىن ياكى مەزھەپكە باغلىق بولغان جامائەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇلۇس دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىكى پۈتۈن ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى بىر پۈتۈن ھالدا مىللەت يەنى ئۇلۇس دېيىش ئومۇملاشقان. ئۇلۇس كەلىمىسى ئورخون ئابىدىلىرىدە «ئۇلۇش» دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ. بۇ كەلىمە **١٩٣٢**ـيىلى تۈركىيە تۈركچىسىگە قوبۇل قىلىنغان. ئورخون ئابىدىلىرى ۋە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ داڭلىق ئەسىرى تۈركىي تىللار دىۋانى ناملىق كىتابىدا مىللەت كەلىمىسى ئورنىدا «بۇدۇن» كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن. لاتىنچىدىكى «nation » نىڭ ئەسلى مەنىسى «بىر ئاتىدىن كەلگەنلەرنى ئىنسان توپلۇقى» دېگەن مەنىگە كېلىدۇ. يەنى ئۇيغۇرچىدىكى قەۋم ياكى قەبىلە دېگەن مەنىلەرگە كېلىدۇ. تۈركچىدىكى ئۇلۇس كەلىمىسى بولسا سىياسىي مەقسەت ئەتراپىغا يىغىلغان ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئىتتىپاقىنى يەنى ئۇيۇشمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

كەلتۈرگەن ھەرىكەتلەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئۈچ قاراشنى تەكىتلەيدۇ. بىرىنچىسى، دۇنيا مىللەتلەرگە بۆلۈنگەن. ھەر قانداق مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس تارىخى، كۈلتۈرى ۋە ھېس-تۇيغۇسى بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەر شەخس بىر مىللەتكە تەۋە. مىللەتكە تەۋەلىك باشقا تەۋەلىكلەردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى، مىللەتلەر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كۈچنىڭ يېگانە قانۇنلۇق مەنبەسىدۇر (ئىلگاز، 6-بەت)

دۆلەت كىملىكى كۆپ قىرلىق ۋە مۇرەككەپ بولغانلىقتىن ئۇنى ئەتراپلىق ئىزاھلىغىلى بولمىسىمۇ، نەزرىيە جەھەتتىن بىر تەبىر بېرىش شەرت. دۆلەت كىملىكىنى «كوللېكتىپ كۈلتۈرەل كىملىكنىڭ بىر تۈرىدۇر» دېگەن سىمىس، دۆلەت كىملىكىنى تەشكىل قىلغان ئالاھىدىلىكلەرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: 1-تارىخى بىر زېمىن، مەملىكەت ياكى يۇرت. 2-ئورتاق رىۋايەتلەر، ئەپسانىلەر ۋە تارىخ. 3-ئورتاق ئاۋام كۈلتۈرى، 4-مىللەتنىڭ پۈتكۈل شەخسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قانۇنىي ھەق ھوقۇقلار ۋە مەجبۇرىيەتلەر، 5-جەمئىيەت ئەزالىرىغا دۆلەت تېررورىتورىيەسى ئىچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدىغان ئىقتىسادى تۈزۈم. كوننور تەكىتلەپ كېلىۋاتقان پىسخىكىلىق رىشتە بولغان ھەمدە دۆلەت كىملىكى تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان «مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى»نىمۇ بۇ تەبىرگە قوشۇش مۇمكىن. گىددىنەسىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان تەبىرنى بېرىدۇ: «دۆلەت كىملىكى تارىخي ۋە كۈلتۈرەل شەرت-شارائىتلار تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن پىسخىكىلىق مەنسۇبىيەتتۇر.»

يۇقىرقىلاردىن ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ختاي مىللىتى ئوتتۇرىسىدا دۆلەت كىملىكى تەقەززا قىلىدىغان ئوخشاشلىقلار ۋە ئورتاقلىقلارنىڭ ئاساسەن يوقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۆلەت كىملىكى شەخس بىلەن مىللەت ۋە دۆلەتنى بىرلەشتۈرىدىغان چۈشەنچە ۋە ئىدىيەگە ئىگە. يۇقىرىقى تەبىرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، دۆلەت كىملىكى مىللەت ۋە مىللىي دۆلەتنىڭ ئۆز-ئارا جۇغلانمىسىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ تىل، كۈلتۈرنى ئاساس قىلغان تونۇش-تونۇلۇش، ئۆزگىچىلىك، خاسلىق ۋە مەنسۇبىيەتنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت كىملىكى بىر ئاساسلىق مىللەت كىملىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق، باشقا مىللەتلەرنى يوق، ھېسابلايدۇ. دۆلەت كىملىكى كۈلتۈرەل كىملىكتىن زور دەرىجىدە ئوزۇق ئالسىمۇ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا پەرق مەۋجۇت. دۆلەت كىملىكى كۈلتۈر

مەنبىلىرىدىن ئۆزىگە لازىملىقنى سۈزۈپ ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. دىن ئاملى ناھايىتى مۇھىم كۈلتۈر مەنبەسى بولغان بولسىمۇ، كۆپىنچە مىللىي دۆلەتلەردە كېيىنكى پىلاندا تۇرىدۇ (شىمەك، 7-بەت)

مىللىي دۆلەت مەلۇم بىر كىملىكنى ئاساس قىلىپ، بۇ كىملىكنى جەمئىيەتكە كېيىمگە ئوخشاش كىيدۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ خۇددى خىتاينىڭ جۇڭخۇا مىللىتى دېگەن سۈنئىي كىملىكنى تېخى يېقىنقى زاماندا مۇقىملاشقان تېررورىتورىيەسى ئىچىدە ياشايدىغان باشقا مىللەتلەرگە مەجبۇرىي تاڭغىنىغا ئوخشايدۇ.

دۆلەت كىملىكى ھەم ئىدېئولوگىيىلىك ھەمدە پسىخىكىلىق مۇساپىلار بىلەن شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، قەشقەردە ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن سېلىنغان قەدىمىي ئۆيلەرنىڭ چېقىلىپ ئورنىغا ئېگىز بىنالارنىڭ سېلىنىشى، بەنچاۋنىڭ ھەيكىلىنىڭ تىكلىنىشى، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدە ماۋزېدوڭنىڭ ھەيكىلىنىڭ قوپۇرۇلۇشى، ئوخشاشلا خوتەن كېرىيەدىمۇ ماۋزىدۇڭنىڭ ھەيكىلىنىڭ بولۇشى، رايون ۋە كوچا ناملىرىنىڭ خىتايچىلاشتۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدا ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىدىن بەكرەك خىتاي قەھرىمانلىرىغا ئورۇن بېرىلىشى قاتارلىق بۇنىڭغا ئوخشىغان ئۇيغۇرلارغا يات سىمۋوللار دەل ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىغا «جۇڭگولۇق» ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئېگىللىنېرنىڭ قارىشىچە، دۆلەت كىملىكى سانائەتلىشىش باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن مىللىي دۆلەتلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك مەھسۇلاتىدۇر. گىددىنس بولسا دۆلەت كىملىكنى تارىخىي ۋە كۈلتۈرەل شارائىتلار نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن پسىخىكىلىق مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى، دەپ قارايدۇ (ئۆزيۇرت، 122: 2005) ئىدېئولوگىيىلىك نۇقتىدىن قارىغاندا، دۆلەت كىملىكى سىياسىي كىملىكنى كۆرسىتىدۇ، پسىخىكىلىق مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دۆلەت كىملىكى كۈلتۈرەل كىملىكنى كۆرسىتىدۇ.

دۆلەت كىملىكى شەكىللەنگەندە «ئىچىگە ئېلىش» ۋە «چەتكە قېقىش» مۇساپىلىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. دۆلەت كىملىكىمۇ «بىز» ۋە «ئۆزگىلەر» ئارىسىدا چەك چېگرىسىنى مۇتلەق ئايرىيدۇ. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، تاشقى جەھەتتىن بىر مەزگىل ئامېرىكىنى دۈشمەن كۆرۈپ كەلگەن بولسا، بىر مەزگىل سوۋېت رۇسىيەسىنى دۈشمەن كۆرۈپ كەلدى، ئىچكى جەھەتتە بولسا ئۇيغۇرلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا چەتكە قېقىپ كەلدى.

مىللىي دۆلەت مىللەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى، ھازىرقى ۋە كېلەچەكتىكى ئەزالىرىنى ئوخشاش تەقدىر ئەتراپىدا بىرلەشتۈرۈشكە كۈچەيدۇ (پوۋېل ، 1993:135). كۆنىمىزگە نەزەرگە سالىدىغان بولساق، ئامېرىكىغا ئوخشاش دېموكراتىك دۆلەتلەردە بۇ ئەھۋال نىسبەتەن ئەمەلگە ئاشتى، دېگىلى بولىدۇ. بىراق، تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى باشقا مىللەتلەرنى پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىشنى ئىچكى سىياسەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋالغان مۇستەبىت دۆلەتلەر تېررورتورىيەسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئوخشاش تەقدىر ئەتراپىدا بىرلەشتۈرۈشتە مەغلۇپ بولدى. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، مەيلى ۋەتەن سىرتىدا بولسۇن مەيلى ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن ھالدا ئۆزىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى (چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى دۆلەت تەۋەلىكى) دېيىشنىڭ ئورنىغا مىللىي كىملىكىنى دېيىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

مىللىي دۆلەتنىڭ مەلۇم بىر كىملىكنى ئاساس قىلىشى زامانىۋى دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، زامانىۋى مىللىي دۆلەتلەرنىڭ ئاپىرىدە بولغىنىغا ئۇنچىۋالا ئۇزۇن بولمىدى. سىياسەت بىلەن دىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن پىرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىي دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىلاھىي پىرىنسىپىغا تامامەن زىت. زامانىۋى مىللىي دۆلەتلەر بىرلا كىملىكنى ياكى مىللەتنى ئاساس قىلىش بەدىلىگە كۆپ خىللىقنى يەنى باشقا مىللەتلەرنى تامامەن يوق ھېسابلايدۇ. بۇ دۇنيادا خىلمۇ-خىللىقنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، ئىجتىمائىي ھاياتىمۇ خىلمۇ خىل بولىدۇ ۋە بولۇشى تەبىئىي. ئەگەر بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. زامانىۋى مىللىي دۆلەتلەر دەل بىرلا كىملىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش بەدىلىگە، ئۆزگىلەرنىڭ كىملىكىنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا يوق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، ئەمما باش ئاغرىقىدىن قەتئىي خالىي بولالمايدۇ.

رەسمىي ھالدا بىرلا كىملىك ئاساس قىلىنغان تەقدىردە، ئۆزگىلەر تەبئىي ھالدا چەتكە قېقىلىدۇ. بۇنداق مۇھىت قويۇق جەمئىيەتتە، ئۆزگىلەرگە قارىتا بۇيرۇقۋازلىق ۋە بېسىم سىياستى يولغا قويۇلۇپ، ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇلار بېسىم ئاستىدا تۇتۇلىدۇ. بۇ ۋاستىلەر خىلمۇ-خىل بولۇپ، ماددىي جەھەتتە ئارمىيە، ساقچى، (خەلق) چارلىغۇچىلار، بىخەتەرلىك ئورۇنلىرى، ژاندارما، قىسقىسى، فورمىلىقلار، مەنىۋى جەھەتتە، تاراتقۇلار، مائارىپ قاتارلىق ئورگانلار ئارقىلىق ئۆزگىلەر ئارىسىدا ۋەھىمە كۆلتۈرى پەيدا قىلىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇلار بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان بولۇپ، تولۇقلىما خاراكتېرىگە ئىگە. مۇستەبىت دۆلەتلەردە بۇنىڭ ئىپادىلىرى

ھەر يەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. «بىر جەمئىيەتتە ۋەھىمە كۈلتۈرى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتسە ئىنسان ھەرگىزمۇ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ، پەقەت جارى قىلدۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئاللاھ ئىرادە قىلغان ھەققىي ئىنساندەك مەۋجۇتلۇقنى نامايەن قىلالمايدۇ. ۋەھىمە كۈلتۈرىنىڭ زىتى ئىززەت ۋە ھۆرمەت كۈلتۈرىدۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە ئىنسان ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.  رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان ئىنسانلار، بىر ئىشنى قىلغاندەك ياشايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشنى ھەققىي مەنىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايدۇ.  ۋەھىمە كۈلتۈرى ھۆكۈمران بولغان جەمئىيەتتە نە ھەقىقەتكە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ،  نە ئىنسان جېنىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ئىنساننىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ.  پۈتۈن ساھەلەردە كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش چۈشەنچە، ئىدىيە ۋە بىلىممۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ، ئىنسانلار ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، خالاس» دەيدۇ پىروفېسسور دوكتور دوغان جۈجەئوغلۇ.

رەسمىي كىملىك ھەر خىل ماھىيەتتە بولۇشى مۇمكىن، بۇ بىر ئېتنىك توپلۇق، ئىرق ياكى قەۋم بولغىنىغا ئوخشاش، بىر دىن، مەزھەپ ياكى باشقا بىر نەرسىمۇ بولۇشى مۇمكىن. زامانىۋى مىللىي دۆلەتنىڭ مۇنداق ئاساسلىق ئىككى خاراكتېرى بار: 1-تېررورتورىيەسىدىكى باشقا مىللەتلەرنى يولسىز ۋە ھەقسىز ھالدا بېسىم ئاستىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى، رىئاللىقلىرى، ھەقىقەتلىرى، ئەنئەنىلىرى، تارىخىي، كۈلتۈرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، قىسقىسى ئۇلارغا تەۋە نېمە بولسا ئۇلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ، ئىنكار قىلىدۇ، ھەقىقەتنى بۇرمىلايدۇ، ھەتتا يوق قىلىدۇ. 2- شەيئى -ھادىسىلەرنىڭ تەقەززاسى بويىچە، بۇزغۇنچىلىققا قارشى ئىسيان ياكى ئىنكاس ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بۇ نۆۋەت ئۆزگىلەر رەسمىي كىملىكنىڭ مۇئەككەللىرىگە قارشى ئۆزلىرىنىڭ كىملىكنى رەسمىي كىملىك ھالىتىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەسىلەن، خىتايدا خىتاي كۈلتۈرى ئۆزگىلەرگە مەجبۇرىي تېڭىلسا (تېڭىلىۋاتىدۇ) ئۇيغۇر قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئەنئەنىگە ۋە كۈلتۈرگە  ئىگە باشقا مىللەتلەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ قارشى چىققىنىغا ئوخشاش.  خىتايدا رەسمىي كىملىك جۇڭخۇا مىللىتى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى ئەلمىساقتىن تارتىپ خىتايلاردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ كەلگەن ۋە ئۆزلىرىنى باشقىچە ئاتاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار تەبىئىي ھالدا قوبۇل قىلمايدۇ ۋە بۇنىڭغا قارشى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

مەلۇمكى، بۇ يالغۇزلا پسىخىكىلىق بىر ھادىسە ئەمەس. خىتايغا ئوخشاش زامانىۋى

دۆلەتلەرنىڭ ئورگانلىرى، بېسىم ۋە بۇيرۇقۋاز سىياسەتلىرى ۋە بۇنى يولغا قويىدىغان ۋاستىلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئۆزگە كىملىكلەرنى ئىنكار قىلىش، خاراب قىلىش، ھەتتا يوق قىلىش بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

## 3- كىملىكلەرنىڭ توقۇنۇشى

كىمىكلەرنىڭ توقۇنۇشى شەخسنىڭ جەمئىيەتتە ئۆتەيدىغان ئادەتتىكى رولىدىن تارتىپ تا مىللىي خاراكتېرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر قاتار ئىجتىمائىي مىزانلارغىچە بولغان ناھايىتى كەڭ ساھەدە ئىپادىلىنىدۇ. تۆۋەندە بىر نەچچە كاتىگورىيە ئاستىدا كىملىكلەرنىڭ توقۇنۇشىنى ئىزاھلاپ ئۆتىمىز.

كىمىكلەرنىڭ توقۇنۇشى شەخسنىڭ ئۆتەيدىغان ئىجتىمائىي رولىدا ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ.

جەمئىيەتتە شەخستىن ئائىلىسى مۇئەييەن ئىجتىمائىي رول كۈتىدۇ، مەكتەپ، قانۇن، ئىجتىمائىي مىزان ۋە دۆلەت قاتارلىقلار بولسا شەخستىن ئائىلىسىگە قارىغاندا پەرقلىق ياكى پەرقسىز ھالدا مۇئەييەن رول تەلەپ قىلىدۇ. دىن، كۈلتۈر ۋە مىللىي ئەنئەنە بولسا مۇئەييەن ئىجتىمائىي رول كۈتىدۇ. شەخس بولسا تەبىئىي تالانتى، ئىجتىمائىيلىشىش مۇساپىسىدە ئىگە بولغان قابىلىيىتى، تەجرىبىسى، دۇنيا قارىشى قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يا ئۆزىدىن كۈتكەن بۇ روللارنى ئۆتەيدۇ ياكى رەت قىلىدۇ. شەخس ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئىجتىمائىي روللىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان كىملىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىدە دىنى كىملىكى بويىچە ئىش تۇتسا، بەزىدە، كۈلتۈرەل ۋە مىللىي كىملىكى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، بەزىدە دۆلەت كىملىكى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، بەزىدە ئىستىخىيلارچە ھەرىكەت قىلىدۇ. مۇبادا بۇ كىملىكلەر ئارىسىدا فونكسىيەلىك ۋە تەڭپۇڭ مۇناسىۋەت بولمىسا، شەخسنىڭ كىملىكلىرى تەبىئىي ھالدا توقۇنۇشىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە كۆپىنچە كادىر ئائىلىسى پەرزەنتلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىنى يەرگە قاراتماسلىقنى، ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە كىرىشىنى، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماسلىقنى، ياخشى ئوقۇپ بىر كەسپ ئىگەللەشنى، دۆلەتنىڭ ھەر تۈرلۈك سىياسەتلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇشى كۈتسە، مائارىپ ئورگانلىرى دۆلەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشىمىزنى، دۆلەتنىڭ ئىدىئولوگىيەسىنى شەرتسىز ئىگىلىشىمىزنى، دۆلەت بىزگە نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى ئۆگىنىشىمىزنى، ئۆزىمىزگە خاس ئالاھىدىلىك يېتىلدۈرۈشنى

ئەمەس، دۆلەتتىن ئىبارەت چوڭ بىر مېخانىزىمنىڭ بىرەر ۋىنتىسى بولۇشىمىزنى، ئۆزىمىزگە ۋە خەلقىمىزگە ئەمەس، دۆلەتكە چاكارلىق قىلىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشىمىزنى، پىكىر ئەربابى ئەمەس زىكىر ئەربابى بولۇشىمىزنى كۆتسە، قانۇن ئىتائەتمەن پۇقرا بولۇشىمىزنى كۆتىدۇ. دۆلەت ئۆزىنىڭ توغرا-خاتا ھەر قانداق سىياسەتلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىزنى، دۆلەتكە ساداقەتمەن پۇقرا بولۇشىمىزنى، ئىنسانلىيلىقتىن تامامەن خالىي سىياسەتلىرىگە ھېلىغۇ ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئەمەس، ئۈستىدە ئويلانماستىن شەرتسىز قوبۇل قىلىشىمىزنى، بىزگە تاڭغان ھەر قانداق نەرسىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشىمىزنى، ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق كۈچكە ئىتائەت قىلماسلىقىمىزنى، مىللىي ئەنئەنىمىزنى، ئەدەبىياتىمىزنى، تەپەككۇر مېۋىلىرىمىزنى، ھەتتا ئېتىقادىمىزنىمۇ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشنى كۆتىدۇ. ئىسلام پىرىنسىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلاردىن، يەنى بىزدىن كىملىكىمىزنى ئىسلامىي بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەشمە كىملىكنى ‹مۇناپىقلىق› نىڭ ئىپادىسى، دەپ قارايدۇ. يەنى قانداق بولسا شۇنداق كۆرۈنۈشنى، ئىسلام ماقۇللۇق بىلدۈرگەن ئىشلارنى قىلىش، توسقان ئىشلاردىن يېنىشنى ئېتىقادىنىڭ (ئېتىقادىمىزنىڭ)تەقەززاسى، دەپ قارىشنى شەرت قىلىدۇ. لېكىن، كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تەلەپ قىلىنغان ئىسلامىي كىملىكى ‹نان› دىكى سېھرىي كۈچىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر مەنپەئەتىگە نۇقسان يەتمىسىلا، تەقۋادارلىق، مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىدىن چۈشمەيدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، چىقىش يولى تېپىشتا زورىقمايدۇ. ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز، كۈلتۈرىمىز بىزدىن خاسلىقىمىز بويىچە ھەرىكەت قىلىشىمىزنى، ئۆزلىرىنى تەشكىل قىلغان ئامىللارنى ياشنىتىشىمىزنى ۋە مۇھاپىزەت قىلىشىمىزنى كۆتىدۇ. قىسقىسى، ئېتىقادىمىز، مىللىي ئەنئەنىمىز ۋە كۈلتۈرىمىز بىزدىن ئۆزىمىزنىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىمىز، خاسلىقىمىز ۋە ھۆررىيىتىمىزگە ماس ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلسا، دۆلەت ۋە ئۇنىڭغا مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان ئورگانلار بۇنىڭغا زىت ئىجتىمائىي رول ئۆتۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭلاشقا، بۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىملىكىمىز ئوتتۇرىسىدىمۇ توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇقەررەردۇر.

بىر جەمئىيەتتە بىردىن ئارتۇق، ھەتتا بىر-بىرىگە بىلەن تامامەن زىت بولغان ئىجتىمائىي مىزانلار، قىممەت قاراشلار ياكى تەرتىپلەر مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. بىر جەمئىيەتتە بۇنداق ھەر خىللىقلارنىڭ بولۇشى ناھايىتى نورمال، مەسىلە بۇلارنى قانداق

قىلىپ بىر يەردە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن تەڭشەشكە مۇناسىۋەتلىك. مەيلى تارىختا بولسۇن مەيلى ھازىر بولسۇن بۇ مەسىلىنى توپ يىلتىزىدىن ھەل قىلغان جەمئىيەتلەرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز. كۆنىمىزدە بەزى جەمئىيەتلەر بۇنى ئازراق بولسىمۇ ھەل قىلغان، بىراق بەزى جەمئىيەتلەر بولسا پەرقلىقلەر ۋە ئوخشىماسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تامامەن كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. بۇ ئەھۋال تارىخىي ۋە سىياسىي ئارقا كۆرۈنىشى، دۇنيا قارىشى، كۆلتۈرى بىر-بىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان ئىككى مىللەت ئوخشاش جۇغراپىيىلىك ماكاندا مەجبۇرىي ياشايدىغان بىر جەمئىيەتتە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى كۆپ مەيدانغا كېلىدىغان جەمئىيەتلەردىكى ئىجتىمائىي مىزانلار ۋە تەرتىپلەر ھەم شەخس ھەمدە ئىجتىمائىي سەۋىيەدە داۋاملىق توقۇنۇش ئىچىدە بولىدۇ. زىددىيەت، توقۇنۇش ئىنساننىڭ پسىخىكىلىق ھالىتىگە سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي مىزانلار، تەرتىپلەر، كۆلتۈرلەر داۋاملىق توقۇنۇش ئىچىدە بولغان جەمئىيەتتىكى شەخسلەرمۇ بۇ خىل مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي تەسىرلەردىن بەكرەك نىسۋىسىنى ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنداق جەمئىيەتتە مەۋجۇت كىملىكلەرنىڭ ھەر ۋاقىت بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشى مۇقەررەردۇر... كۆنىمىزدە دېموكراتىك دۆلەتلەرگە قارىغاندا مۇستەبىت دۆلەتلەردە كىملىكلەرنىڭ كەسكىن توقۇنۇشى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولماقتا. ھەتتا، ئوخشاش مىللەت ئىچىدىكى شەخسلەرنىڭ كىملىكلىرى بىر-بىرىگە توقۇنۇشىدىغان ئەھۋالمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇنداق ئەھۋاللارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئەتىگەندە بىر ۋاخ نامىزىنى ئوقۇپ ئاندىن ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئۇيغۇرچە سالاملىشىپ ئۆيىدىن چىققان مائاشلىق بىر دۆلەت كادىرى، ئىش ئورنىغا كەلگەندە زىممىسىگە خىزمەتتىن باشقا بىر مۇنچە سىياسىي ۋەزىپە چۈشىدۇ. بۇ سىياسىي ۋەزىپىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئېتىقادىغا مۇخالىپ بولۇشى ھەممىگە ئايان. دىنى ئىبادەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر تىجارەتچى ئىشلىرىنى ئاقتۇرۇش ئۈچۈن چىرىكلىك تۈزۈملەشكەن جەمئىيىتىمىزدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇندىكىلەرگە بىرەر نەرسە سۇڭگىتىش ئارقىلىق ئېتىقادىغا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولغان ئۇيغۇرنى ھەم پارتىيەنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىنى كۆرىسىز، ھەمدە دىنى ئىبادەتلەرنى ئاز تولا ئورۇندىغىنىمۇ كۆرۈپ قالىسىز، خىزمىتىمىزنىڭ تەقەززاسى، دەپ خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئاتىئىزىمنى تەكىتلەپ قويىدىغانلار ئىچىدە، ئۆيلىرىگە بارغاندا ئاستا جاينامازغا چىقىپ قويىدىغانلارمۇ يوق

ئەمەس. «ئانارخاندەك» سىياسىي پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا سىياسەتنىڭ بىسىمى، ئەرتىسلىكنىڭ تەقەززاسى، دەپ قويۇپ رولنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئالىدىغان «داڭلىق»لىقلارنىڭ ئىچىدە مىللىي غۇرۇرنى تەكىتلەپ تۇرىدىغان، نۆۋەتتە كەلسە دىنى ئىبادەتلەرنىڭ بەزى شەرتلىرىنى ئادا قىلىپ قويىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

ياش ۋاقتىدا ئۆرپ-ئادەتىمىزگە، دىنى-ئېتىقادىمىزغا مۇخالىپ نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلغان ئارىمىزدىكى ياشانغانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ھازىر جامەدىن تاپىسىز. ھاراق ئىچىپ، ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلگەن بىرەر ئۇيغۇر بالىسىغا «بۇلارنى تاشلاپ ناماز ئوقۇساڭ بولمامدۇ» دېگەندە، ئىككىلەنمەستىن «چوڭ بولغاندا ئوقۇيمەن» دەيدۇ. دىنى نۇقتىدىن ئۆزىنىڭ ئىرقىي، مىللىتى ھەتتا دىنى قېرىندىشى بولغان ئۇيغۇرغا ياردەم قىلسا مىللەتچىلىك بولۇپ قالىدۇ، دەپ ياردەم قىلىشنى رەت قىلىدىغانلارمۇ بار. دىنى تەلىم كۆرگەن بەزى تالىپلار ئىچىدىمۇ ئۇيغۇرغا تەۋە نېمە بولسا دىن نامىدىن ئىنكار قىلىدىغان، ئىراق ئەرەبكە تەۋە بولسا ئالدى-كەينى سۈرۈشتە قىلماي دەرھال قوبۇل قىلىدىغانلار بار. چەتئەلدە بولۇپمۇ، تۈركىيەدە مىللەتچى تۈركنى كۆرسە مىللەتچىلىكنى پەش قىلىدىغان، دىندار تۈركنى كۆرسە مۇسۇلماندارچىلىقنى پەش قىلىدىغان، ھەتتا كوممۇنىزم ئىدىيەسىنى ياقلايدىغان تۈركنى كۆرۈپ قالسا، دادىسىنىڭ «كاتتا» كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى كۆككە كۆتۈرىدىغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ گېپى چىقسا ئۇيغۇرلۇقى ئېسىگە كېلىدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چېپىشۋاتقانلارنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرغا شۇنداق كۆيىنىدىغان قىلىپ كۆرسىتەلەيدىغان، خىتاينىڭ قېشىغا كەلسە «جۇڭگولۇق» ئىكەنلىكىنى ماڭدامدا بىر تەكىتلەپ تۇرىدىغان، جەمئىيىتىمىزدە خىتايغا قارشى بىرەر چوڭراق ۋەقە يۈز بەرگەندە، بىگۇناھ ئۆلۈپ كېتىشۋاتقان، تۇتۇلۇپ كېتىشۋاتقان، زىندانلاردا چۈرۈۋاتقان ياشلىرىمىز ئۈچۈن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ «ئىنتىقام»دەپ ۋارقىراپ، تەرەپ-تەرەپكە چېقىپ ئۇيغۇرنىڭ مەزلۇملۇقىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىدىغان، نۆۋەتتى كەلگەندە جەمئىيىتىمىزدىكى تەڭسىزلىكنى، ئادالەتسىزلىكى ۋە زۇلۇمنى يوق كۆرسىتىش ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان مىللىي سىياسەتنىڭ نە قەدەر ياخشى ئەمەلىيلىشىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ قالتىس تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىنى «مۇھاجىر ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇقلار»غا بىلدۈرۈش مەقسىتىدە «جۇڭگونى ساياھەت قىلىش» پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇنلارغا دادىللىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇرىدىغان، ئىش تۆگەپ بولغاندىن كېيىن بۇ قەبىھ ئىشنى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، دەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدىغان مۇجمەل ۋە زىددىيەتلىك كىملىككە ئىگە كىشلەرنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز.

جەمئىيەتمىزدىكى بۇ ئەھۋاللارنى جەمئىيەتىمىزنىڭ مۇرەككەپ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بەلگىلەپ قويغان، دېسەك ھەرگىزمۇ خاتالاشمىغان بولىمىز.

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ رېتىمى تېز بولىۋاتقان جەمئىيەتلەردە، بىر تەرەپتە ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي نىزام ۋە تەرتىپلەرگە، ئۆرپ-ئادەتلەرگە باغلىق بولغان كىملىكلەر، بىر تەرەپتە يەرلىك كۈلتۈرلەر بىلەن فونكسىيەلىك مۇناسىۋەت ئورنىتالمىغان يات كۈلتۈرلەرمۇ توقۇنۇشماقتا. شەھەر ئۇيغۇرلىرىدا بۇنىڭ ئىزنالىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

بىزگە ئوخشاش سىياسىي تەقدىرى كاج، ئىقتىسادى، مائارىپى تامامەن باشقىلارنىڭ تىزگىنىدە بولىۋاتقانلارغا نىسبەتەن، كىملىكلەرنىڭ توقۇنۇشى ئىنتايىن ئۆتكۈر ۋە كۆپ قىرلىق بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى ۋە بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا شەكىللەنگەن تۇرمۇش، جەمئىيەت ۋە دۇنيا قارىشى تىنچلىقنى، سۆيگۈنى، كەڭ قورساقلىقنى، ھەمكارلىقنى، ياخشىلىقنى، ئۆز-ئارا ياردەمنى تەقەززا قىلاتتى. ھەتتا پەرقلىق كىملىكلەرنى ئۆز قوينىغا ئالالايدىغان دەرىجىدە ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى تەشۋىق قىلاتتى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تىنچلىق قانداقتۇر ياتلارنىڭ بوزەك قىلىنىشى ئالدىدا ياۋاش يۇمشاق بولۇپ قارشىلىق كۆرسەتمەي سىڭگەن نېنىنى يەپ ئولتۇرۇشنى كۆرسەتمەيدۇ. بىراق، خىتايلارنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە، كىشىلىك ھوقۇققا، ئىنسانىي قەدىر قىممەتكە زىت بولغان بىرلا پارتىيەلىك تۈزۈمنى ئاساس قىلغان دۆلەت سىياستى، مەۋجۇتلۇق پرىنسىپىغا كۆزىنى يۇمۇۋالغان ئاتېئىزملىق ئىدىيەسى، ئىنساننىڭ روھىنى ئىنكار قىلىپ، نوقۇل ئىقتىسادى ھايۋان، دەپ قارايدىغان ماركسىزم ئىدىيەسى، ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە دەرىجە پەرقىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىدىغان كۇڭزى ئەنئەنىسى، زامانىۋىلىق ۋە كۈلتۈرىدىن كەلگەن ماددىغا چوقۇنۇش ئىدىيەسى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلار ئىگە بولغان بۇ ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ زىتىنى تەشۋىق قىلاتتى. يەنى پەرقلىق كىملىكلەرنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىشنى، ھەتتا ئىنكار قىلىشنى مىزان قىلاتتى. ئوخشىمىغان ئىككى خىل دۇنيا قارىشىغا ئىگە بولغان بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئوخشاش جۇغراپىيىلىك ماكاندا كىملىكلىرى توقۇنۇشماستىن چىقىشىپ ياشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەققەتەن تەس. چۈنكى بۇنىڭ مەسىلىنى نە تارىختا تاپقىلى بولمايدۇ، نە ھازىرقى شارائىتتىن بۇ ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولمايدۇ.

توغرا قىممەت قارىشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بىر مىللەت ئىدىيە جەھەتتىن تارقاق ۋە قالايمىقان بولۇپ، بۇنداق مىللەتنى باشقۇرۇش ئاسان بولىدۇ، چۈنكى

بىرلىك تۇيغۇسى ۋە ئىدىيىسى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقان بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەۋجۇتلۇقنى تۇتۇپ تۇرىدىغان كىملىكلىرىمۇ پارچىلىنىدۇ. بولۇپمۇ مودېرنىلىكنىڭ (زامانىۋىلىقنىڭ) مىراسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۆنىمىزدىكى پوستمودېرنىزىملىق دەۋرىدە ھەقىقەتنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن، بىرلىك ۋە بىر پۈتۈنلۈك تۇيغۇسى ئاجىزلىشىپ كەتتى. بۇ سەۋەبتىن يېقىنقى دەۋردە فاشىزم ۋە كوممۇنىزم قاتارلىق چوڭ تۈزۈملەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئويلاشمۇ مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. بۇ، مودېرنىن دۇنيانىڭ مالىمانچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ زىددىيەتلىك تەرەپلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ھەر پارچە بىر تەرەپتىن نىسپىلىشىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر پۈتۈنلۈكتىن، بىرلىكتىن ۋە باشقا پارچىلاردىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولماقتا. ھەر پارچە نىسپىيلەشكەنسېرى ئۆز ھاكىمىيىتىنىمۇ قۇرۇپ چىقالايدۇ. بۆلەرنىڭ بۆلۈنگەن ۋە توقۇنۇش - رىقابەتچى ۋە دۈشمەن خاراكتېرىنى ئالغان سىستېمىسى، مالىمان دۇنيا ياكى مودېرنىلىق تۈزۈم، دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شەھەرلەشكەن جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئامىللار يالغان ۋە پارچىلاش خاراكتېرىگە ئىگە، شۇنداقلا پارچىلار مۇستەقىل ھالەتكە كەلگەچكە ئىنساننى تېخىمۇ ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. بىردىن ئارتۇق ئورگان، بىلىم، خىزمەت، تۈزۈم، دۆلەتنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ بىردىن ئارتۇق مۇستەقىل ساھەسى كىشىلىك خاراكتېرنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ ۋە بۆلەرنىڭ ھەر بىرى ئىنساندىن، يەنى مەرىپەت ئويغىنىش ئېقىمى كۆككە كۆتۈرگەن ئىنساندىن پەرقلىق بىر رول ئويناشنى تەلەپ قىلىدۇ. 24 سائەت ئىچىدە ئىنسان، بەلكى قانچە ئونلىغان كىملىككە ئېرىشىپ بۇنىڭغا ماس ھالدا رول ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، بىر پۈتۈنلۈك ۋە بىرلىك تۇيغۇسى تامامەن ئۆلگەن بولىدۇ. نېرۋا ئاجىزلىق كېسەللىكى بىلەن روھىي كېسەللىكنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى دەل بۇ ساختا ۋە بۆلۈش خاراكتېرىگە ئىگە ئامىللارنىڭ ۋە ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭ ئىپادىسى، خالاس(ئەلى بۇلاچ). ئىدىيە ۋە قىممەت قاراش جەھەتتىن تامامەن پارچىلانغان، ئىش تەقسىماتى خىلمۇ-خىللاشقان، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش رېتىمى تېز بولغان، سىياسى، مائارىپ ۋە ئىقتىسادى باشقىلارنىڭ تىزگىنىگە ئۆتۈپ قالغان، سىياسىي كۈچى ئاجىز بولغان، يات كۈلتۈرلەرنىڭ خىرىسىغا تىنىمسىز ئۇچراپ تۇرىدىغان مىللەتلەردە زۇلپىقار بارات ئۆز باشىنىڭ ئېيتقىنىدەك «مۈجمەل كىملىك ۋە زىددىيەتلىك ئادەم»لەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

كىملىكلەرنىڭ توقۇنۇشى نەتىجىسىدە ياتلىشىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ نەتىجىدىن ئىبارەت. ياتلىشىش شەخسنىڭ ئىجتىمائىي،سىياسىي، كۇلتۇرەل، ئىقتىسادى سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەڭپۇڭ ۋە مۇستەھكەم زېمىنغا بەرپا قىلالماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ رىتىمىنىڭ تېز سۈرئەتتە بولۇشى شەخسنىڭ ياتلىشىشنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرىدۇ. شەخس ۋە بىر ئىنسان توپلۇقىنىڭ ياتلىشىش ھادىسىسىنى بارلىق جەمئىيەتلەردە كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق، ياتلىشىشنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. ئىنساننىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا جىمى ئاسانلىقلار يارىتىپ بېرىلگەن، ئىنساننىڭ قىممىتى بولغان، خەلق دۆلەتكە ئەمەس، دۆلەت خەلققە خىزمەت قىلىدىغان جەمئىيەتلەردە ياتلىشىش ھادىسىسگە ھەل قىلىش چارىسى تېپىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ۋە ھەر تۈرلۈك رىتىسېپلىرى تېپىلىشى مۇمكىن. بىراق، بۇنىڭ دەل زىتى بولغان جەمئىيەتلەردە بولسا ھەل قىلىش چارىسى تېپىش ھەققەتەن تەس. بىراق، قەتئىي ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايدۇ. بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى، ئىتائەت قىلىشنى، ئۇنىڭلا ھۆكۈمرانلىقىنى تونۇشنى، ئۇنىڭغىلا بويسۇنۇشنى، ئۇنىڭدىنلا مەدەت تىلەشنى، ئۇنىڭدىنلا ئۈمىد كۈتۈشنى، ئۇنىڭغىلا يالۋۇرۇشنى تەقەززا قىلىدىغان تەۋھىد ئېتىقادى قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئىنسان شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە بۇنىڭغا چوقۇم چارە تاپالايدۇ.

### خۇلاسە

دۇنيانىڭ زامان، ماكان ۋە مۇساپە جەھەتتىن كىچىكلەپ كېتىشىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قويۇقلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ۋە مىللىي دۆلەتكە تەھدىت ئېلىپ كەلگەن يەر شارىلىشىش ھادىسىسىنىڭ قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى نەتىجىسىدە، كىملىك ئۇقۇمى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. بېسىم، زۇلۇم ۋە ئاسسىمىلياتسىيە خەۋپى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان، ئۆزگىلەرنىڭ سىياسىي ئورگانلىرىدا ياشاشقا مەجبۇر بولىۋاتقان نۇرغۇن مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ تەلەپلىرى، دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، ۋە ئىجتىمائىي ساھەلىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر تەتقىقاتچىلارنىڭ كىملىك ئۇقۇمىغا بولغان قىزىقىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. كىملىك ئۇقۇمى كۇلتۇر، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەتلەر، تەپەككۇر شەكلى، ئېتىقاد ۋە كىشىلەرنىڭ تونۇش-تونۇلۇش، تونۇتۇش ۋە مەنسۇبىيەت شەكىللىرى قاتارلىق مۇھىم ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاساسىي مۇستەھكەم بەلگە ۋە سىمۋوللارغا تايانغان، مەيلى ئىندىۋىدئاللىق جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىيلىقى جەھەتتىن بولسۇن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان

ھادىسىدۇر. كىملىك ئىچىدىكى ئامىللارنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا ئاساسەن شەخسلەرنىڭ جەمئىيەتتە شەخسىي مۇناسىۋەت ياكى ئۆزگە جەمئىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە يېتەكچى ياكى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. كىملىكنىڭ تونۇش-تونۇلۇش، تونۇتۇش تەرىپى شۇ كىملىككە ئىگە بولغۇچىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىرقىي كىملىك، ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىلەردە شەكىللەنگەن ۋە بىر مىللەتنىڭ خاسلىقىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدىغان مىللىي ۋە كۈلتۈرەل كىملىك، شۇنداقلا ھۆررىيەت كىملىكى بولغان دىن كىملىكى، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەڭ غوللۇق تۈۋرۈكلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ، ناۋادا بۇنىڭغا بىر مىللەتنىڭ ئىگىمەنلىكىنى ۋە سىياسىي كۈچىنى نامايەن قىلىدىغان دۆلەت قوشۇلسا مىللەتنىڭ باشقا كىملىكلىرى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. شەخسنىڭ جەمئىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرگە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىشىنى تېما قىلغان ئىجتىمائىي كىملىك، شەخسنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھالقىشىغا ياكى باشقا ساھەگە قەدەم تاشلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال شەخس ياكى ئىنسان «بىر جەمئىيەتتە ياكى مەلۇم كۈلتۈر مۇھىتىدا دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن شەخسىي كىملىكى ئىجتىمائىي كىملىك بىلەن بىرلىكتە شەكىللىنىدۇ.

ئۆزگىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكىمىز ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىشقا باشلىغاندا، ئۆزىمىزگە تەۋە مىللىي نەرسىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغان ۋاقتىمىزدا كىملىك ئۆزىنى روشەن نامايەن قىلىشقا باشلايدۇ. كىم ئىكەنلىكىمىز توغرىسىدا ئارىسالدا قالغان ۋاقتىمىزدا بولسا كىملىك مەسىلىسى مەۋجۇت دېگەن، گەپ.

كۆچمەنلىككە ئوخشاش ماكان ئۆزگەرتىشلەر ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەندە كىملىك مەسىلىسى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.

شەخس ياكى ئىنسان پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدە قانداق مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت شەخسنىڭ شەخسىي كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدىمۇ ئوخشاشلا رول ئوينايدۇ،

كۆچمەنلىككە ئوخشاش ماكان ئۆزگەرتىشلەر ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەندە كىملىك مەسىلىسى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.

شەخس ياكى ئىنسان پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدە قانداق مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت شەخسنىڭ شەخسىي كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىدىمۇ ئوخشاشلا رول ئوينايدۇ،

تارىخى بىر زېمىن، مەملىكەت ياكى يۇرت. ئورتاق رىۋايەتلەر، ئەپسانىلەر ۋە تارىخ. ئورتاق ئاۋام كۇلتۇرى، مىللەتنىڭ پۇتكۇل شەخسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قانۇنىي ھەق ھوقۇقلار ۋە مەجبۇرىيەتلەر، جەمئىيەت ئەزالىرىغا دۆلەت تېررورتورىيەسى ئىچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدىغان ئىقتىسادى تۈزۈم قاتارلىق دۆلەت كىملىكىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرىغا قاراپ شۇ خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدىكى، ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن خىتاي مىللىتى تامامەن بىر-بىرىدىن پەرقلىقتۇر.

دۆلەت كىملىكى بىر ئاساسلىق مىللەت كىملىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق، باشقا مىللەتلەرنى يوق، ھېسابلايدۇ. دۆلەت كىملىكى سىياسىي كىملىكنى كۆرسىتىدۇ، پىسخىكىلىق مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دۆلەت كىملىكى كۇلتۇرەل كىملىكنى كۆرسىتىدۇ.

رەسمىي ھالدا بىرلا كىملىك ئاساس قىلىنغان تەقدىردە، ئۆزگىلەر تەبئىي ھالدا چەتكە قېقىلىدۇ. بۇنداق مۇھىت قويۇق جەمئىيەتتە، ئۆزگىلەرگە قارىتا بۇيرۇقۋازلىق ۋە بېسىم سىياستى يولغا قويۇلۇپ، ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇلار بېسىم ئاستىدا تۇتۇلىدۇ.

كىمىكلەرنىڭ توقۇنۇشى شەخسنىڭ جەمئىيەتتە ئۆتەيدىغان ئادەتتىكى رولىدىن تارتىپ تا مىللىي خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر قاتار ئىجتىمائىي مىزانلارغىچە بولغان ناھايىتى كەڭ ساھەدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي روللار، مىزانلار، تەرتىپلەر ۋە تۈزۈلمىلەرنىڭ شەخستىن كۈتىدىغان تەلىپى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن شەخسلەر ئىگە بولغان كىملىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مۇرەككەپ ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئىگە بولغان، ھاكىم مۇتلەق سىياسىي تۈزۈم ئاستىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىملىكلەرنىڭ توقۇنۇشى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. قىسقىسى، مۇجمەل ئادەم ۋە زىددىيەتلىك كىملىكلەر جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسلىق ئىجتىمائىي

ھادىسىلەردىن بولۇپ قالدى. شەھەرلىشىش ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي كىملىكىنى تېخىمۇ مۇجەممەللەشتۈردى. كىملىكلەرنىڭ توقۇنۇشى نەتىجىسىدە ياتلىشىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ.● تەھرىر: نۇرئەخمەت قۇربان

## پايدىلانمىلار


-Kafesoğlu, Türk Millî Kültürü. 10. Baskı, Boğaziçi Yayınları, İstanbul

-Türkdoğan, Millî Kültür Modernleşme ve İslâm, İstanbul, 1983, s.12.

-Bilgin, Nuri (1996) İnsan İlişkileri ve Kimlik, İstanbul, Sistem yayıncılık.

-Kağıtçıbaşı, Çiğdem (2000) Kültürel Psikoloji. Kültür Bağlamında İnsan ve Aile, İstanbul, Evrim Yayınevi.

-Aydın, Suavi (1999) Kimlik Sorunu, Ulusallık ve Türk Kimliği, Ankara, Öteki Yayınları.

-M. Miller ve J. Bonnie, "The Human Web: Reflections on the State of Pastoral Theology." The Christian Century. v. 110, Apr. 7 1993, s. 366-9.

- Mehmet Cüneyt BİRKÖK, (Bilgi Sosyolojisi Işığında Kimlik Sorunu), Doktora Tezi, İstanbul, 1994

-[Arnold M. Rose, Racial and Ethnic Relations in Contemporal Social Problems, Merton and Nisbet. s. 326, 1961.]

zikreden: O. Türkdoğan, "Türkiye'de Etnik Guruplar", Türk dünyası Tarih Dergisi, sayı 78,

-Bulaç Ali (Çatışmanın düzeni), Zaman Gazetesi, 20 mart 2010.

-S. Stryker, "Identity Salience and Role Performance", Journal of Marriage and the Family, 4 Nov. 1968, s.558-64.

- N. Bilgin, Sosyal Bilimlerin Kavşağında Kimlik Sorunu, s. 236

- Şen, Globalleşme sürecinde Milletçilik (Makale)

-Sulçuk ilgaz, küreselleşme ve ulusal kimlik, 2009

- Cevdet ÖZYURT, küreselleşme sürecinde kimlik ve farklılaşma, Açılım Kitap, 2005, İstanbul

دوكتور ئەركىن ئەكرەم

# چەنتۇ - خىتاي مەنبەلىرىدە هازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

مودېرن دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئېتنىك گۇرۇپپا (ethnonym) ياكى بۈگۈنكى سالاهىيىتى بىلەن بىر مىللەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلانغانلىقى مەلۇم. دەسلەپتە غەربتە پەيدا بولغان «مىللەت» ۋە «مىللەتچىلىك» ئۇقۇملىرى، بولشېۋىك رۇسىيەسى هاكىمىيىتى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار بىلەن رۇسىيەدە ئوقۇغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئارقىلىق ۋەتىنىمىزگە كىرىپ ئۆزلىشىشكە باشلىغان. مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە ۋەتىنىمىز نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان مۇسۇلمان خەلق، «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، 1903 – يىلى لىياڭ چىچاۋنىڭ تەبىرى بويىچە، 1911 – يىلى مانجۇ ئىمپېرىيەسى (1644 – 1911) ئاغدۇرۇلۇپ، خىتاي جۇمهۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئېتنىك كىملىككە ئىگە بولغان خىتايلار، ئۆزىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەزى ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى ئايرىم مىللەت نامى بىلەن ئاتاشقا باشلىغان. مىللەتچى خىتاي (گومىنداڭ) هۆكۈمىتى (1949 - 1911) ئۇيغۇرلارنى «خۇي»، يەنى «مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتىغان. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندىكى شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى (1944 – 1933) بولسا، رايوندىكى خەلقنىڭ تەلپى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مىللەتلەرنى ئايرىش فورمۇلىسى» نىڭ تەسىرىدە، «چەنتۇ»، «چەنخۇي»، «چەنزۇ» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى «ئۇيغۇر» ۋە مۇشۇنداق ئاتىلىۋاتقانلارنى «ئۇيغۇر مىللىتى» دەپ بېكىتكەن.

بىر مىللەتنىڭ كىملىكىنى بەلگىلەشتە، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە بەرگەن باهاسى بىلەن بىرگە، باشقا مىللەتنىڭ ئۇلار ھەققىدە بەرگەن تەبىرلىرى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلار بىلەن پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ كىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە، مىللىي كىملىكنى شەكىللەندۈرگەن مىللەتلەرنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى

ھەققىدىكى مىللەت ئېنىقلىملىرىنى قوبۇل قىلىپ - قىلماسلىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.


新疆邊防督辦公署 通令 第 字
新疆省政府 令呼圖壁縣

بىرىنچى رەسىم: «ئۇيغۇر» نامىنىڭ «ۋېي – ۋۇ –ئېر» غا ئۆزگەرتىلىشىگە ئائىت پەرمان.

بۇ ماقالىمىزدە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ «چەنتۇ»، «چەنخۇي» ۋە «چەنزۇ» دېگەن ناملارنى «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا ئالماشتۇرۇشىنى؛ خىتاي مەنبەلىرىدىكى «چەنتۇ» دېگەن نامنىڭ دىنىي كىملىكتىن قانداق قىلىپ، ئېتنىك كىملىككە ئۆزگەرگەنلىكىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھەمدە 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆزىتىشلىرىنى، شۇنداقلا بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى ۋە ئېتنىك شەكىللىنىشى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىمىز.

## 1 - «چەنتۇ» دېگەن نامنىڭ «ئۇيغۇر» غا ئۆزگىرىشى

نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار «چەنتۇ»، «چەنخۇي» ۋە «چەنزۇ» دېگەن ناملارنىڭ تۈنجى بولۇپ، «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلىشىنى شېڭ شىسەي (盛世才) (1879 – 1970) ھۆكۈمىتىنىڭ 1934 – يىلى 29 – نويابىردا ئېلان قىلغان پەرمانىغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ پەرمان ئەينى ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ناھىيەلىرىگە تارقىتىپ ئۇقتۇرۇلغان. كۆنىمىزدە بۇ پەرماننىڭ تۇرپان ناھىيەسىگە[1] ، قۇتۇبى ناھىيەسىگە[2] (1 – رەسىم)، بارچۇق ناھىيەسى (بۈگۈنكى مارالبېشى) گە[3] چۈشۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ۋە مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن (1901 – 1995) نىڭ ئۇيغۇرچىدىن خىتايچىغا

(1) 魏長洪, <維吾爾族名漢譯名稱新考>, 《新疆大學學報》2007年01期, 頁69.

(2) 新疆邊防督辦公署 / 省政府通令 (第085 號)通令」, 1934年12月9日.

(3) 田衛疆, <民國時期新疆省政府確定維吾爾族漢譯名稱的來龍去脈>, 《新疆社會科學》2007年06期, 頁97.

تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى[4] بار. تۇرپان ۋە قۇتۇبى ناھىيەلىرىگە چۈشۈرۈلگەن نۇسخىلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ:

« ‹چەنزۇلار› (纏族) (چەن مىللىتى)، خەن سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىن تارتىپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا تارقاق ھالدا ياشاپ كەلگەن. ئارىلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئايماقلار بار بولۇپ، ئىسىملىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ. مانجۇ ئىمپېرىيەسى خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنغاندا، بۇيەردە ياشاۋاتقان خەلقلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ‹چەنزۇ› دەپ ئاتالغان. مەزكۇر خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە سۇنغان ‹چەنزۇ› دېگەن نامنى ئەزەلدىن بىرى قوللىنىلىپ كەلگەن ‹ئۇيغۇر› (維吾爾) دېگەن نامغا ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى تەلىپى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ھۆكۈمەت بارلىق تارىخ مەنبەلىرى ھەمدە ئۆلكە تارىخ مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا باشلىغان، نەتىجىدە بۇ خەلقنىڭ ئىچىدە ‹ۋېي ۋۇئېر› (畏兀兒) ۋە ‹ۋېي ۋۇئېر› (威武爾) دەپ ئاتالغان قوۋملارنىڭ تارىختا ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولدى. تەلەپپۇزنىڭ ئوخشاشلىقى تۈپەيلىدىن خاتا تەرجىمە قىلىنىپ قېلىشقا ۋە خاتا مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ‹ۋېيۋۇ ئېر› (畏兀兒) دېگەن نامنىڭ مەزكۇر خەلقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئېنىق. قىسمەنلىككە ئىگە بىر قوۋم نامىنى پۈتۈن خەلقنىڭ نامى قىلىپ ئىشلىتىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مىللەتنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىستېمالدىن قېپقالغان بەزى مەنالارغا تايىنىپ تۇرۇپ، بىر ئۇقۇمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۆتمۈشتىن ئايرىلىپ قالغان بىر تەتقىقات باسقۇچى ئارقىلىق بۇگۈننى ئايدىڭلاشتۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ 30 – قېتىملىق يىغىنىدا دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ مەسىلە مەخسۇس مۇزاكىرىگە قويۇلدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئورتاق قارارى بىلەن ‹چەنزۇ› دېگەن نامنىڭ ‹ۋېي ۋۇئېر› (維吾爾)، يەنى ‹ئۇيغۇر› غا ئۆزگەرتىلىشىگە قارار بېرىلدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ‹ۋېي ۋۇئېر› (維吾爾) يەنى ‹ئۇيغۇر› دېگەن نامنىڭ تار مەنىدە خەلقىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىش مەنىسى بار؛ كەڭ مەنىدە بولسا، دۆلىتىمىزنى قوغداش مەنىسىگە ئىگە. بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر خەلقنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق پەقەت قارىمۇ قارشىلىققا

(4) 新疆省政府令改纏回名稱為維吾爾佈告」(1934 年12 月14 日), 艾沙譯,《天山月刊》1934 年第1卷第5期, 第53頁.

ئىگە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىدىن يوقىتىپلا قالماي، خەتنىڭ شەكلىگە قاراپ مەنىسىنى چىقىرىش نۇقتىسىدىن بۇ مىللەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئومۇمىي تۇيغۇلىرىنى كۈچەيتكىلىمۇ بولىدۇ. قىسقىسى، باشقا شەكىلدىكى تەرجىمىلەرگە قارىغاندا بۇ نام پەۋقۇلئاددە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇگۈندىن باشلاپ بۇ خەلقنىڭ نامى ‹ئۇيغۇر مىللىتى› ( 維吾爾民族)، قىسقارتىلمىسى ‹ۋېيزۇ› (維族 ) بولىدۇ. بۇرۇنقى ‹ۋېي ۋۇئېر› (威武爾) دەپ خاتا تەرجىمە قىلىنغان ئىسىملار پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن خاتا تەرجىمە قىلىنىپ قىلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. بۇ ئۇقتۇرۇش گېزىتتە ۋە ئۇقتۇرۇش شەكلىدە ئېلان قىلىنغاندىن باشقا، ئىجرا قىلىنىشى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى (民政廳) تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدۇ.»

1934 – يىلى 29 – نويابىر قارار قىلىنغان ۋە شىنجاڭ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن 1934 – يىلى 5 – دېكابىر ئېلان قىلىنىپ، بارلىق ناھىيە ۋە مۇناسىۋەتلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق رايون خەلقىگە يەتكۈزۈشى تەلەپ قىلىنغان بۇ ئۇقتۇرۇشتا، شىنجاڭ دۇبەنى (督辦) شېڭ شىسەي، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى لى روڭ (李溶) (1870 – 1940) ۋە مۇئاۋىن رەئىسى خوجا نىياز ھاجى (1889 – 1941) نىڭ مۆھۈرلىرى ئىمزالىرى بار. لى روڭ 1934 – يىلى 18 – ئۆكتەبىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن بولۇپ، خوجا نىياز ھاجى ئەشۇ ۋاقىتلاردا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان ئىدى. دېمەك، بۇ ئىككىيلەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىنغان.

بۇ ئۇقتۇرۇشتىكى بەزى سۆزلەر ئوخشىمىغان نۇسخىلاردا كىچىك پەرقلەرگە ئىگە. شىنجاڭ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە تۇرپان ناھىيەسىدىكى ئۇقتۇرۇشتا، خىتايلار ئۇيغۇرلارنى ئاتايدىغان «چەنزۇ» (纏族) (چەن مىللىتى) دېگەن نام، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ تەرجىمە ئۇقتۇرۇشىدا «چەنخۇي» (纏回) (سەللىلىك مۇسۇلمانلار) دەپ يېزىلغان. بارچۇق ناھىيەسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىدا بولسا، «چەنزۇ» (纏族) نىڭ ئورنىغا بىۋاستە «ۋېيزۇ» (維族) (ئۇيغۇر مىللىتى) دەپ يېزىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى، ئېھتىمال ئابدۇلېتىپنىڭ ناھىيە ھاكىمى بولۇشىدىن بولغان بولسا كېرەك. ئۇقتۇرۇشتىكى «خەلققە ئۇقتۇرۇلسۇن» دېگەن بۇيرۇق، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدا «تۈرك خەلقىگە ئۇقتۇرۇلسۇن» دەپ يېزىلغان. بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك ئوخشىمىغان قاراشلار بار بولۇپ، 1933، 1934 ۋە 1935 – يىلى ئېلان قىلىندى،

دەيدىغان تالاش – تارتىشلار مەۋجۇت[5]. بۇ مەسىلىدە شىنجاڭ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 1934 – يىلى 5 – دېكابىردا ئېلان قىلغان ئۇقتۇرۇش ئاساس قىلىنىشى لازىم. بەلكىم، «چەنزۇ » (چەن مىللىتى) دېگەن نامنى «ئۇيغۇر» غا ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار بۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (維吾爾族文化促進會) نىڭ 1934 – يىلى 5 – ئاۋغۇست قۇرۇلغانلىقى ئاساس قىلىنغاندا، «چەنزۇ» (纏族) (چەن مىللىتى) دېگەن نام، بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ «ئۇيغۇر» غا ئۆزگەرگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، تالاش – تارتىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. 1934 – يىلى 1 – ئاۋغۇست قۇرۇلغان شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى (新疆民眾反帝聯合會) نىڭ باش كاتىپى خې يۈجۇ (何語竹)، يەنە بىر ئىسمى خې خېڭگۇاڭ (何耿光) نىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدىكى ئۇيۇشمىنىڭ ئەزالىرى «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسمىنىڭ «چەنخۇي» (سەللىلىك مۇسۇلمانلار) دەپ تەرجىمە قىلىنىشىدىن ناھايىتى بىئارام بولغان. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان شېڭ شىسەي ۋە خې يۈجۇ «ئۇيغۇر» نىڭ خىتايچە «ۋېي ۋۇئېر» (威武爾) (ھەيۋەتلىك مەلۇم كىشىلەر، دېگەن مەنىسى بار) دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا قوشۇلمىغان. بۇنى تەرجىمە قىلغان كىشى نۇرىبېك (خىتايچە ئىسمى، خاۋ دېڭباڭ) (郝登榜) ئىدى. شېڭ شىسەي ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن بۇ تەرجىمىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈشنى بۇيرۇغان. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، چەنخۇي «ۋېي ۋۇئېر» (威吾爾) غا (ھەيۋەتلىك مەن، دېگەن مەنىسى بار) ئۆزگەرتىلىپ ھۆكۈمەتكە سۇنۇلغان. شېڭ شىسەي «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسمىنىڭ خىتايچە تەرجىمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» غا تاپشۇرغان ۋە مۇۋاپىق ئىسىم تېپىشنى تەلەپ قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا بىر قاتار تالاش – تارتىشلاردىن كېيىن، «چەنخۇي» نىڭ «ۋېي ۋۇئېر» (維吾爾) غا ئۆزگەرتىلىشى قارار قىلىنغان[6].

(5) 趙海霞, <關於「纏回」正式更名「維吾爾」的時間問題>《華夏文化》2010年04期, 頁37-38; 趙海霞, <「纏回」更名「維吾爾」時間考>,《甘肅民族研究》2011年第2期, 頁59-61.

(6) 何語竹、康炳麟, <關於新疆「民眾反帝聯合會」及其它>, 中國人民政治協商會議新疆維吾爾自治區委員會文史資料研究委員會編,《新疆文史資料選輯》第14輯, 烏魯木齊:新疆人民出版社, 1985:44; 何耿光, <關於維吾爾族漢譯名稱問題>,《新疆大學學報》1987年第5期, 頁55-56.

بۇرھان شەھىدى خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى خىتايچە ئومۇمەن ‹چەنخۇي› (纏回) ياكى ‹چەنتۇ› (纏頭) دەپ يېزىلغان. بۇنداق ئاتاش چىڭ سۇلالىسى (1644 – 1911) دەۋرىدىن باشلانغان. شېڭ شىسەينىڭ مىللەتلەر ئارا باراۋەرلىك شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، خىتاينىڭ يېڭىلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى زىيالىيلىرى ‹ئۇيغۇر› ئىسمىنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئاساسەن ‹ۋېي ۋۇئېر› (畏兀兒)، (威武兒) ۋە (威武爾) دېگەن ئوخشىمىغان خەتلەردە يازغان. مەن 2 – نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئومۇمىي خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى (新疆第二次全省民眾代表大會) ئېچىلىشتىن بۇرۇن، سېيىتزادە يۇنۇسبەگ (خىتايچە ئىسمى، يۇ ۋېنبىن) (郁文彬) بىلەن بۇ مەسىلە توغرۇلۇق كۆرۈشتۈم ۋە ‹ئۇيغۇر› ئىسمىنىڭ ‹ۋېي ۋۇئېر› (維吾爾) دەپ يېزىلىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بۇ تەرجىمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىدا قارار قىلىنىپ بېكىتىلدى[7].» شېڭ شىسەي 1934 – يىلى 12 – ئاپرېل ئېلان قىلغان «سەككىز سىياسەت» نىڭ بىرىنچى ماددىسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك سىياسىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن ئېلان قىلغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ ئاخىرقى ماددىسىمۇ مىللەتلەر ئارا باراۋەرلىك سىياسىتى ئىدى. 1 – نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئومۇمىي خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى يىغىنى 1934 – يىلى ئاپرېلدا ئېچىلغان. بۇرھان شەھىدىنىڭ مەلۇماتلىرى ئاساس قىلىنغاندا، «چەنخۇي» (纏回) ياكى «چەنتۇ» (纏頭) دېگەن ئىسىملارنىڭ «ئۇيغۇر» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى 1934 - يىلى ئاپرېلدىن 1935 - يىلى ئاپرېل ئايلىرى ئارىسىدا ئەمەلگە ئاشقان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەلۇماتلار بويىچە بولغاندا، 1935 – يىلى ئاپرېل ئېيىنى گۇمانلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. دېمىسىمۇ، خې يۈجۇ بۇنى رەت قىلىدۇ[8].

1935 – يىلى ئېچىلغان 2 – نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئومۇمىي خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، تارانچى، قازاق، قىرغىز (بۇرۇن ‹بۇرۇت› 布魯特 دېيىلەتتى)، تاتار (بۇرۇن ‹نوغاي› 腦蓋依 دېيىلەتتى)، ئۆزبېك، تاجىك، تۇڭگان (خىتاي مۇسۇلمانلىرى)، خىتاي، موڭغۇل، مانجۇ، شىۋە، سولۇن (索倫) ۋە رۇس (گۇيخۇا مىللىتى) (歸化族) قاتارلىق 14 مىللەت ئىسمىنىڭ خىتايچە يېزىلىشى مۇقىملىشىشقا باشلىدى. «تارانچى» لارنىڭ ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىشى بولسا، كېيىن ئەمەلگە ئاشتى.

(7) 包爾漢,《新疆五十年》, 北京:文史資料出版社, 1984:244.

(8) 何耿光, <關于維吾爾族漢譯名稱問題—對蘇北海先生《維吾爾族漢譯名稱源流考》一文幾點補充>, 《新疆大學學報》(哲學人文社會科學版) 1987:56.

تەكتىلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا، تەڭرىتاغ ژۇرنىلى (天山月刊) مەزكۇر ئۇقتۇرۇشنىڭ خىتايچە نۇسخىسى بار بولسىمۇ، 1935 – يىلى 15 – فېۋرالدىكى ساندا ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئۇيغۇرچىدىن خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئۇيغۇرچىسى چۆچەكتە چىقىرىلغان «بىزنىڭ ئاۋازىمىز» ناملىق گېزىتنىڭ 1934 – يىلى 14 – دېكابىردىكى سانىدىن ئېلىنغان. «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» نەنجىڭدىكى تەڭرىتاغ ئۇيۇشمىسى (南京天山學會) تەرىپىدىن 1934 – يىلى ئۆكتەبىردە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ تەرجىمىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى نەزەردە تۇتۇلغاندا، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇلارنىڭ تارىخىدىكى مۇھىم ئىلگىرىلەشنى خىتايلارغا بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتلاردا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىش باسقۇچىدا ئىدى.

خىتايچىدىكى «چەنخۇي»، «چەنتۇ»، «چەنزۇ» دېگەن نام، تارىختا دىنىي كىملىكتىن ئېتنىك كىملىككە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا، مىللىي كەمسىتىش ۋە ئايرىمچىلىق مەزمۇنىغا ئىگە بولغان[9]. شۇنداقلا ھاقارەت ۋە پەس كۆرۈش مەنىلىرىنى بىلدۈرۈشكە باشلىغان[10]. تېخى بۇ يەتمىگەندەك، «كاللىسى ئاددىي»، يەنى «كاللىسى يوق»، «ئەقىلسىز» دېگەندەك مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان[11]. بەزى خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى «ئۇيغۇر» نامىنىڭ «ۋېي – ۋۇ – ئېر» دەپ ئىپادىلىنىشىنى، ئەينى ۋاقىتتىكى پىكىر ئېقىمى بولغان «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم» نى يوقاتتى ۋە رايوندىكى مىللىي مەسىلىلەر ئۈستىدە غەيرى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئارزۇلىرىغا يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، دەپ قارايدۇ[12].

شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، زامانىمىزدىكى «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ

(9) 田衛疆,<民國時期新疆省政府確定維吾爾族漢譯名稱的來龍去脈>,《新疆社會科學》2007年第6 期, 頁97, 100.

(10) Linda Benson, *The Ili Rebellion: the Moslem challenge to Chinese authority in Xinjiang, 1944-1949*, Armonk, NY: M. E. Sharpe,1990:30; Anthony Garnaut, "From Yunnan to Xinjiang:Governor Yang Zengxin and his Dungan Generals", *Etudes orientales* N°25 (Pacific and Asian History, Australian National University), 2008:95.

(11) Andrew D. W. Forbes, *WarlordsandMuslims in Chinese Central Asia: A PoliticalHistory of RepublicanSinkiang 1911-1949*, Cambridge. UniversityPress, 1986:307, not 27.

(12) 田衛疆, <民國時期新疆省政府確定維吾爾族漢譯名稱的來龍去脈>, 1997:100.

شەكىللىنىشى، شىڭ شىسەيى ھۆكۈمىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقمىغان، بەلكى چارلىق رۇسىيەسى ۋە بولشىۋىك ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تەكلىپى ۋە بەزى ئالىملارنىڭ يول كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. 1921 – يىلى ئىيۇندا تاشكەنتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، «ئۇيغۇر» (Уйгу́ры) نامى شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمان خەلقنىڭ نامى قىلىپ بېكىتىلگەن[13]. بەزى مۇتەخەسسىسلەر، «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئېتنىك نام سۈپىتىدە، ئوخشاش ۋاقىتتا ئالمۇتادا ئېچىلغان بىر يىغىندا بېكىتىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ[14]. ئابلەت كامالوۋ «ئۇيغۇر» نامىنىڭ، 1921 – يىلى تاشكەنتتە چاقىرىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا بىر ئېتنىك نام سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇيغۇر مىللىي

(13) Owen Lattimore, *Pivot of Asia: Sinkiang and the Inner Asian Frontiers of China and Russia*, Boston: Little, Brown and Company, 1950:125; Joseph F. Fletcher, “China and Central Asia, 1368-1884”, in J. K. Fairbank (ed.), *The Chinese World Order: Traditional China’s Foreign Relations*, Cambridge M. A.: Harvard University Press, 1968:206-224; Jack Chen, *The Sinkiang Story*, London: Macmillan Publishers Limited, 1977:100; Edward Allworth, *The modern Uzbeks: from the fourteenth century to the present: a cultural history*, Stanford, California: Hoover Institution Press, 1990:206; Dru C. Gladney, “Ethnogenesis of Uyghur”, *Central Asian Survey*, Vol. 9, No. 1, 1990:1-28; Pamela Eddy, “Ethnicity and the Uighurs of the Peoples Republic of China”, Dissertation Thesis (M.A.), Indiana University, 1990:4; Dru C. Gladney, Muslim *Chinese: Ethnic Nationalism in the People’s Republic*, Cambridge, MA: Harvard University Press, 1991:301-305; Linda Benson and Ingvar Svanberg, *China’s Last Nomads: The History and Culture of China’s Kazaks*, New York and London England: M. E. Sharpe, 1998:20; John L. Esposito, *The Oxford History of Islam*, New York: Oxford University Press, 1999:465; Eiji Mano 間野英二編,『中央アジア史』 (アジアの歴史と文化8), 東京: 同朋舎, 1999:200; Dru C. Gladney, *Dislocating China: Muslims, Minorities, and Other Subaltern Subjects*, London: Kurst &. Company, 2004:207; Arienne M. Dwyer, *The Xinjiang Conflict: Uyghur Identity, Language Policy, and Political Discourse*, Washington: East-West Center Washington, 2005:75, not 26; R. Khanam, *Encyclopaedic Ethnography of Middle-East And Central Asia* (3 Vols. Set), New Delhi: Global Vision Publishing House, 2005:821-822; David John Brophy, “Taranchis, Kashgaris, and the ‘Uyghur Question’ in Soviet Central Asia”, *Inner Asia*, Vol. 7, No. 2 (2005) pp. 171-172; Ildikó Bellér-Hann, *Situating the Uyghurs: between China and Central Asia*, London: Ashgate Publishing, Ltd, 2007:32; James A. Millward, *Eurasian Crossroads: A History of Xinjiang*, New York: Columbia University Press, 2007:208; Gardner Bovingdon, *The Uyghurs: Strangers in Their Own Land*, New York: Columbia University Press, 2010:12; David John Brophy, “Tending to unite? : the origins of Uyghur nationalism”, Thesis (Ph. D.), Harvard University, 2011:247-255; Peter B. Golden, *Central Asia in World History*, New York: Oxford University Press, 2011:138.

(14) Андрей Николаевич Кононов, *История изучения тюркских языков в России* (Istoriâ izučeniâ tûrkskih âzykov v Rossii), Ленинград: Наука,1972:230-231; Masami Hamada 濱田正美,「モグール・ウルスから新疆へ東トルキスタンと明清王朝」, Mio Kishimoto 岸本美緒編, 『岩波講座世界歴史13東南アジア伝統社会の形成』, 東京:岩波書店, 1998:98-103; Shinichiro Oishi 大石真一郎,「テュルク語定期刊行物における民族名称『ウイグル』の出現と定着」,『東欧・中央ユーラシアの近代とネイションII』 (スラブ研究センター研究報告シリーズ No. 89, 2003.3.20), 第5章, 2003:49-61.

كىملىكى بىلەن ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا سوۋېتلەرنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ[15]. قەشقەرلىق قادىر ھاجى ۋە «تارانچى» ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ (1897 - 1938) قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنىڭ «ئۇيغۇر» ئېتنىك نامىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئوينىغان رولىنىمۇ تەقدىرلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمان خەلقىنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئاتالغانلىقى ھەققىدىكى يەنە بىر كۈچلۈك قاراش بولسا، رۇس تىلشۇناسى سېرگېي يېفىموۋىچ مالوۋ (1880 – 1957) نىڭ تاشكەنتتىكى مۇھاكىمە يىغىنىدا قىلغان سۆزى ۋە بۇ ھەقتە بەرگەن تەكلىپى مۇھىم رول ئوينىغان[16]. توغرىسىنى ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى گەۋدىسىدىن كەلگەنلىكى ھەققىدىكى قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى[17]. بولۇپمۇ، رۇسىيە تارىخچىلىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى ئەينى ۋاقىتتا تارقىلىپ كەتكەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى (886 – 1360) بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتى (840 – 1212) نەسەبىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ[18]. بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا، بۇ قاراشقا قارشى چىقىدۇ. يەنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئېتنىك نامىنى تارىختىكى ئۇيغۇرلاردىن ئالغان بولسىمۇ، تارىختىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ[19].

شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمان خەلق، كىملىكلىرىنى «ئورۇمچىلىك»

---

(15) Ablet Kamalov, "The Uyghurs as a Part of Central Asian Commonality: Soviet Historiography on the Uyghurs", in Ildikó Bellér-Hann (ed.), *Situating the Uyghurs Between China and Central Asia* (Anthropology and Cultural History in Asia and the Indo-Pacific), Aldershot: Ashgate Publishing, 2007:32.

(16) А. Т. Кайдаров, *Развитие современного уйгурского литературного языка* (Том 1: Уйгурские диалекты и диалектная основа литературного языка), Алма-Ата: Наука, 1969:322; Gunnar Jarring, "The Uighurs of Xinjiang: their place in Swedish history and research", *Institute of Muslim Minority Affairs* (Journal), Vol. 12, No 1, 1991:108; Reinhard F. Hahn, "Uyghur", in Lars Johanson and Éva Ágnes Csató (eds), *The Turkic Languages*, London and New York: Routledge, 1998:379; Arienne M. Dwyer, The Xinjiang Conflict: Uyghur Identity, Language Policy, and Political Discourse, Washington, D.C.: East-West Center Washington, 2005:75, not 26; Keith Brown end Sarah Ogilvie (eds.), "Uyghur", *Concise Encyclopedia of Languages of the World*, London: Elsevier, 2009:1143.

(17) Ildikó Bellér-Hann, *Situating the Uyghurs: between China and Central Asia*, 2007:32.

(18) James A. Millward, *Eurasian crossroads: a history of Xinjiang*, 2007:208.

(19) Linda Benson, *The Ili Rebellion: the Moslem challenge to Chinese authority in Xinjiang, 1944-1949*, 1990:30.

ۋە «غۇلجىلىق» دېگەندەك ئۆزى ياشايدىغان يۇرتقا ئاساسەن ئىزاھلاشقا تىرىشقان ۋە «يەرلىكلەر» كىملىكى ئالدىنقى پىلاندا تۇرغان[20]. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىغىنىدەك، 1930 – يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا ساياھەت قىلغان جورج ۋ. خانتېر (1865 – 1946)، پېتېر فلېمىڭ (1907 – 1971)، ئېللى ك. مېيللارت (1937 – 1903) ۋە سېۋېن ھېدىن (1865 – 1952) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە «تۈركىي خەلقلەر» ياكى «مۇسۇلمان تۈركلەر» دەپ تىلغا ئېلىنغان ۋە ھېچقانداق يەردە «ئۇيغۇر» نامى قوللىنىلمىغان[21]. قىسقىچە ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان مۇسۇلمان تۈركلەر، زامانىۋى دۇنيانىڭ ئېتنىك تەبىرلىرىگە ماسلىشىپ، «ئۇيغۇر» نامىنى ئېلىش بىلەن، يۇقىرىدىكى ھەر خىل ئاتىلىشلاردىن قۇتۇلغىنىدەك، ختايلار تەرىپىدىن بېرىلگەن «چەنتۇ» دېگەن نامدىن قۇتۇلغان بولدى. «ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى» بولسا، 1921 – يىلى تاشكەنتتە ئېچىلغان يىغىندىن كېيىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى[22].

بەزى تەتقىقاتچىلار، «تۈركىي خەلق» ياكى «مۇسۇلمان تۈركلەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىشىنى، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئويۇنى، دەپ قارايدۇ[23]. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى 1921 – 1924 – يىللىرى ئارىسىدا تۈركىستاندا ئېتنىك پەرقلەرگە ئاساسەن جۇغراپىيەلىك تەقسىماتلارنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن ۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستان سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر رېسپوبلىكىلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، رايون خەلقىنىڭ كىملىك بىرلىكىنى تۇتۇپ تۇرغان «ئىسلام» ۋە «تۈرك» سۆزلىرىنى «پانئىسىلامىزم»، «پانتۈركىزم» گە باغلاپ سەلبىيلەشتۈرگەن. شۇنداقلا رايون خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس شېۋىسىنى «ئەدەبىي تىل» قىلىپ، ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغان «چاغاتايچە» نى ئەمەلدىن قالدۇرغان. رايون خەلقىنىڭ جۇغراپىيەۋى بىرلىكىنى ساقلاپ تۇرغان «تۈركىستان» ئاتالغۇسىنى چەكلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئېتنىك نام بىلەن ئاتالغان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەرنى ياساپ، جۇغراپىيەۋى بىرلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە مۇشۇ ئارقىلىق تۈركىستان خەلقىنىڭ «ئومۇمىي مىللىي

(20) Saguchi Tōru 佐口透, “Historical Studies on Central Asia in Japan: Part III. Kashgaria”, *Acta Asiatica*, No. 34 (March 1978), pp. 62-63.

(21) Linda Benson, *The Ili Rebellion: the Moslem challenge to Chinese authority in Xinjiang, 1944-1949*, 1990:30; James A. Millward, *Eurasian crossroads: a history of Xinjiang*, 2007:208.

(22) Peter B. Golden, *Central Asia in World History*, 2011:138.

(23) Linda Benson, *The Ili Rebellion: the Moslem challenge to Chinese authority in Xinjiang, 1944-1949*, 1990:30.

دۆلەت» قۇرۇپ چىقىشنى مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا ئەكىلىپ قويغان.

## 2. ئۇيغۇر نامى «خۇيخې» بىلەن مۇسۇلمان نامى «خۇيخۇي» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر

خىتاي ئەدەبىي تىلىدا چەنتۇ (纏頭) نامى، «چۇمبەل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تارىختا «ناخشچى»، «ئۇسسۇلچى» ۋە «پاھىشە» لەرگە بېرىلگەن «خىراجەت پۇلى» دېگەن مەنىلەردىمۇ قوللىنىلغان. بەزىدە «خۇشامەتچى» دەپمۇ ئىشلىتىلگەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خىتايلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى كىيىم – كېچەك، بولۇپمۇ بېشىدىكى سەللىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا «چەنتۇ» دەپ ئاتىشى، 14 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن مۇسۇلمان تۈرك خەلقى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نامى بولغان «خۇيخې» (回紇) ۋە بۇ سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان «خۇيخۇي » (مۇسۇلمانلار) (回回) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. «خۇيخۇي» دېگەن ئىسىم تۇنجى قېتىم 1086 – 1093 – يىللىرىدا شېن كو (沈括) (1031 – 1095) تەرىپىدىن يېزىلغان «مېڭ شى بى تەن» (夢溪筆談) ناملىق كىتابىنىڭ بىر ناخشا تېكىستىدە تىلغا ئېلىنىدۇ[24]. خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان «خۇيخۇي»، كۇچار ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار[25] بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مىسال بولسا، قىتانلار قۇرغان لياۋ سۇلالىسى (1125 – 916) نىڭ يىقىلىشى بىلەن قوماندان يېلۈ داشى (耶律大石) (1087 – 1143) نىڭ باشچىلىقىدىكى قارا قىتانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشكە باغلىنىدۇ. 1141 – يىلى سىنتەبىر ئېيىدا يۈز بەرگەن قاتۋان ئۇرۇشىدا قارا قىتان ھۆكۈمدارى يېلۈ داشى ئارمىيەسى سەلجۇقىيلار سۇلتانى ئەھمەت سەنجەر (1086 – 1157) نىڭ ئارمىيەسىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان ئىدى. خىتاي مەنبەلىرىدە يېزىلىشىچە، قارا قىتانلار سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىپ ئارىدىن 90 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خۇيخۇي ھۆكۈمدارى (回回國王) ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئولپان تاپشۇرغان[26]. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «خۇيخۇي» ھۆكۈمدارىنىڭ خارەزم شاھى ئالائېددىن ئاتسىز

(24) 沈括,《夢溪筆談》卷五 <樂律一 • 凱歌詞>, 上海:上海書店出版社, 2003:37.

(25) 楊志玖, <回回一詞的起源和演變>, 楊志玖,《元代回族史稿》, 天津:南開大學出版社, 2003:59.

(26) 脫脫等,《遼史》卷30 <耶律大石>, 北京:中華書局1974:356.

(1097-1156) ئىكەنلىكى مەلۇم[27]. خىتاي مەنبەلىرىدە، قارا قىتانلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى يېلۈ داشى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارام بولغان قوۋملارنىڭ ئارىسىدا «مۇسۇلمان ئەرەب قوۋملىرى» (回回大食部) نىڭ بارلىقى يېزىلغان[28]. يېلۈ داشى 1132 – يىلىدا ئۆزىنى گۇر خان (菊兒汗)، خىتايچە «تىيەن يوۋ خۇاڭدى» (天祐皇帝) (تەڭرى تەرىپىدىن قوغدالغان ئىمپېراتور) دەپ ئېلان قىلغان[29]. بۇ ۋاقىتتا قارا قىتانلارنىڭ كۈچى تېخى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېيىلمىغان بولۇپ، بۇ مەلۇماتنىڭ قاتۋان ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەزگىلگە ئائىت بولۇش مۇمكىنچىلىكى يۇقىرى. ئەمما، «خۇيخۇي» نامىنىڭ رايوندىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر.

«خۇيخۇي» (回回) نامى، خىتايلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى ئاتىغان «خۇيخې» (回紇) نامىدىن كەلگەن[30]. 1141 – يىلىدىكى قاتۋان ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستېلاسى (1219-1223) جەريانىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان تۈركلەر ۋە بەزى تۈركىي قوۋم بولمىغان مۇسۇلمانلار ئېتىنىڭ نام بولغان «خۇيخې» نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان[31]. «خۇيخې» دەپ ئاتالغان بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كىملىكىنىڭ «خۇيخۇي» (مۇسۇلمانلار) دەپ تەرىپلىنىشمۇ مۇشۇ دەۋردە كۆرۈلۈشكە باشلىغان[32]. بولۇپمۇ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (1368-1644) كەڭ ئومۇملاشقان. تۇرپان (قۇجۇ، قوچۇ) ۋە ئەتراپىدىكى غەيرىي مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار «خۇيخۇ» (回鶻) ياكى «ۋېي ۋۇئېر» (畏兀兒)، (畏吾兒)، (偉吾而)، (瑰古) «ۋېيگۇ» ۋە (外五) «ۋەيۋۇ»؛ (委兀)، (衛吾)، (偉兀) «ۋېي ۋۇ»؛ (畏午兒) دەپ ئاتالغان. بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن، خىتايلار

(27) W. Vladimirovich Barthold, *Turkestan down to the Mongol Invasion*, Philadelphia: distributed in the U.S. by Porcupine Press, 1977:427.

(28) 脫脫等,《遼史》卷69 <部族表>, 北京:中華書局1974:1123.

(29) 魏良弢,《西遼史研究》, 銀川:寧夏人民出版社, 1987:41-42.

(30) 楊志玖, <回回一詞的起源和演變>, 楊志玖,《元代回族史稿》, 2003:59-76; 楊軍, <回回名源辨>,《回族研究》2005年第1期(總第57期), 頁35-41.

(31) 脫脫,《金史》卷121 <粘割韓奴傳>, 北京: 中華書局, 1975:2637; 脫脫,《宋史》卷490 <拂菻國傳>, 北京: 中華書局, 1977:14124; 宋謙,《元史》卷118 <特薛禪傳>, 北京:中華書局, 1976:2915; 張廷玉,《明史》卷330 <哈梅里傳>,北京:中華書局, 1974:8567.

(32) 脫脫,《遼史》卷30 <耶律大石>,北京:中華書局, 1974:355;《元史》卷3 <本紀第三 憲宗蒙哥六年>, 1976:49; 《元史》卷120 <察罕傳>, 1976:2956; 《元史》卷121 <速不台傳>, 1976:2976; 《元史》卷122 <昔兒吉思傳>, 1976:3015;《元史》卷146 <耶律楚材傳>, 1976:3456; 《元史》卷149 <耶律留哥傳>, 1976:3514.

ئۇيغۇرلارنى «خويخوي» دەپ ئاتاشقا باشلىغان[33]. خىتاي مەنبەلىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىغا، يەنى «ئۇيغۇر» نامىغا ئېنىقلىما بېرىش ئۈچۈن نېمە ئۈچۈن «خويخې» (回紇) دېيىلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق ئىزاھات يوق. ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى 840 – يىلى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ، رايوندىكى باشقا تۈرك قوۋملىرى بىلەن بىرلەشتى ھەمدە 10 – ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان تۈرك جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ئېھتىمال، خىتايلار بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «خويخې» دېگەن نامىنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە خىتاي مەنبەلىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلاھ قىلىشىغىچە «خويخې» (ئۇيغۇر) دەپ ئاتالدى[34].

موڭغۇللارنىڭ «مەخپىي تارىخى» دا، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى «ساردا ئۇلۇن» ياكى «ساردا ئۇل» دەپ ئاتالغان بولۇپ، خىتايچە ئاھاڭ تەرجىمىسى «خويخوي» (مۇسۇلمانلار) دەپ ئېلىنغان[35]. بۇ يەردىكى «ساردا ئۇلۇن» ۋە «ساردا ئۇل» سۆزلىرىنىڭ يىلتىزى «سارت» بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەشكەن تۈركلەرنى، بولۇپمۇ خارەزم شاھلىرى (1128-1231) غا قارىتىلغان. بەزىدە ئافغانىستان ۋە تاجىكىستاندىكى خەلقلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان[36]. يازما ھۆججەتلەر سۈپىتىدە «سارت» سۆزى تۇنجى بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1070 – يىلى يېزىلغان ئەسىرىدە ۋە ئەلشىر نەۋايى (1441-1501) نىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار «سارت» دېيىلىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى (1271-1368) دەۋرىدە،

(33) 《明史》卷6 <成祖朱棣永樂三年>, 1974:82; 《明史》卷9 <宣宗朱瞻基>, 1974:116; 《明史》卷329 <哈密衛>, 1974:8513, 8518-8519.

(34) 黃時鑒, 〈釋《北使記》所載的「回紇國」及其種類〉, 《中國史論集》(祝賀楊志玖教授八十壽辰論文集), 天津:天津古籍出版社, 1994:293-303; 章巽, 〈桃花石和回紇國〉, 《章巽文集》北京:海洋出版社, 1986:245-257; 王頲, 〈金山以西交通與耶律大石西征路線新證〉, 《西北師範大學學報》2002年第6期, 頁57-62; 王頲, 〈域含伊西—宋代的回鶻、回紇詞意轉變〉, 王頲, 《西域南海史地考論》, 上海:上海人民出版社, 2008:74-91; 王紅梅、楊富學, 〈元代畏兀兒的界定及其文化區域〉, 《青海民族學院學報》2006年第1期, 頁54-62.

(35) Hitoshi Kuribayashi 栗林均編,『「元朝秘史」モンゴル語漢字音訳・傍訳漢語対照語彙』 (東北アジア研究センター叢書 第33号), 仙台: 東北大学東北アジア研究センター, 2009:219, 419.

(36) W. Barthold, “Sart”, *Encyclopaedia of Islam*, Vol. 4, Leiden: E. J. Brill, 1913-1936:175-176.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار «خۇيخې» (回紇) دەپ ئاتىلىش بىلەن بىرگە[37]، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى «شىيۇ خۇيخې»[38] (西域回紇)، يەنى «غەربىي دىيار ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان ۋە ئاز بولسىمۇ ئېتنىك نامى بىلەن زىكىر قىلىنغان.

1544 – يىلى يېزىلىشقا باشلىنىپ، 1617 – يىلىغا كەلگەندە ئاران تاماملانغان ۋە 1657 – يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «سۇ شەھىرىنىڭ خىتاي ۋە چەت ئەللەردىكى ھۆججەتلىرى» (肅鎮華夷志) ناملىق رايون خاراكتېرلىك جۇغراپىيە كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار «ئۇيغۇر » (回紇) دېيىلگەن[39] بولسىمۇ، دىنىي كىملىكى بولغان «خۇيخۇي» (回回) نامى تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ كەڭ قوللىنىلغان. بۇ دەۋردە «خۇيخۇي» نامى پەقەت مۇسۇلمان تۈركلەرنىلا ئەمەس، بەلكى يىلتىزى ئەرەب ۋە پارس بولغان ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان[40]. ئوخشاش شەكىلدە يەنە، تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ «خۇيخۇي» دەپ ئاتالغان[41]. خىتاي مەنبەلىرىدە شەرقىي تۈركىستاندىن ئوتتۇرا شەرققىچە بولغان رايونلاردا ياشىغان مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان يەر ناملىرى بىلەن ئايرىلغان ۋە پۈتۈن بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنىڭ «مەدىنە» ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. بۇ دەۋردە خىتايلار مەككە (天方國) بىلەن تۇرپان (吐魯番) نى جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن يېقىن ۋە ھەممىسىنى «مۇسۇلمان ئەجنەبىيلەر» دەپ قارىغان[42]. مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيخۇيلارنىڭ پۈتۈن خىتايغا تارقالغانلىقى يېزىلغان[43]. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا كالېندارچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاستىرونومىيە ئىدارىسىدە نۇرغۇنلىغان ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي خەلقلەردىن بولغان مۇسۇلمانلار خىزمەت قىلغان. خۇڭ ۋۇ (1368-

(37) 《明太祖實錄》卷44, <洪武2年8月癸酉>, 1968:683; 《明神宗實錄》卷583, <萬曆47年6月丁丑>, 1968:11109; 《明熹宗實錄》卷84, <天啓7年5月庚辰>, 1968:4083.

(38) 張廷玉,《明史》卷330 <哈梅里傳>,北京:中華書局, 1974:8567.

(39) 李應魁, 《肅鎮華夷志校註》(高啓安、邰惠莉校注), 蘭州: 甘肅人民出版社, 2006:2.

(40)《明史》卷81<食貨五•市舶>, 1974:1980; 《明史》卷326 <外國七>, 1974:8440, 8443, 8446, 8448, 8450, 8453, 8456, 8460; 《明史》卷332 <西域四>, 1974:8617, 8622, 8624, 8625.

(41) 張廷玉,《明史》卷6 <永樂三年>, 1974:82; 《明史》卷9 <宣宗紀>, 1974:116; 《明史》卷10 <正統十一年>, 1974:136.

(42) 張廷玉,《明史》卷332 <西域四 • 撒馬兒罕>,北京:中華書局, 1974: 8598.

(43) 張廷玉,《明史》卷332 <西域四 • 撒馬兒罕>, 1974: 8598.

1398) سەلتەنەت سۈرگەن دەۋردە تەرجىمە قىلىنغان مۇسۇلمانلار كالېندارى (回回曆) نىڭ ھەممىسى غەربىي دىيارلار (西域) دىن كەلگەن[44]. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاتالغان «خۇيخۇي» نامى، بەزىدە ئەرەبلەر ئۈچۈن، بەزىدە پارسلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا، بەزىدە تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) ئۈچۈن قوللىنىلغان[45].

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخۇي» نامىنىڭ ئالاھىدە بىر قوللىنىلىشى بار. مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدە، ئوردىغا خىزمەت قىلىدىغان بىلىم ئادەملىرى تۇرىدىغان «خەنلىن يۈەن» (翰林院) قارمىقىدا قۇرۇلغان «سىيى گۈەن» (四夷館) (تۆت يۆنىلىشلىك چەت ئەللىكلەر ئىدارىسى) نىڭ خۇيخۇي (مۇسۇلمانلار) بۆلۈمى (回回館)، پەقەتلا پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرگە ئايرىلغان.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇ يۈەنجاڭ (1328-1398)، خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى دۇنيا تۈزۈمى ۋە ئولپان سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە چاقىرىق پەرمانى (招諭) ئەۋەتكەن[46] ھەمدە مەزكۇر تۈزۈم ۋە ئولپان سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى ئەسكەرتكەن[47]. 1382 – يىلى مىڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى جۇ يۈەنجاڭ دەسلەپكى قەدەمدە، چاقىرىق پەرمانى ئەۋەتىلىدىغان دۆلەتلەر بىلەن خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن، چەت ئەل تىللىرىنى ۋە مەكتۇپلىرىنى تەرجىمە قىلىش، شۇنداقلا چەت ئەل تىللىرىنى بىلىدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، خىتايچە – چەت ئەل تىللىرى لۇغىتى «خۇا يى – يى يۈ» (華夷譯語) نى تۈزگۈزگەن[48]. 1407 – يىلىغا كەلگەندە ئىمپېراتور جۇدى (朱棣)، (1403-1424) تەرجىمە ئىشلىرىنى سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سىيى گۈەننى قۇرغان ۋە 38 ئادەمگە مائاش بېرىپ ئىشلەتكەن[49]. بۇ ئىدارە تارمىقىدا موڭغۇل، تىبەت، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى (高昌) ۋە مۇسۇلمانلار (回回) غا دائىر مەخسۇس بۆلۈملەر بار ئىدى. 1441 – يىلى ۋە 1759 – يىلى يېڭىدىن ئىككى بۆلۈم تەسىس قىلىنىپ، ئىلگىرىكى

(44) 《明史》卷31 <曆法沿革>, 1974:544.

(45) 劉迎勝, <中古亞洲雙語字典編纂傳統>, 劉迎勝主編,《元史及民族與邊疆研究集刊》(第20輯), 上海:上海古籍出版社, 2008:42-66.

(46) 《明太祖實錄》卷37, <洪武元年12月壬辰>, 臺北:中央研究院歷史語言研究所, 1968:749-751; 《明太祖實錄》卷39, <洪武2年2月辛未>, 1968:785-0787; 《明太祖實錄》卷68, <洪武4年9月辛未>, 1968:1277-1278.

(47) 《明太祖實錄》卷76, <洪武5年9月庚寅>, 1968:1400-1401; 《明太祖實錄》卷106, <洪武9年5月甲寅>, 1968:1763.

(48) 《明太祖實錄》卷141, <洪武15年正月丙戌>, 1968:2223.

(49) 《明太宗實錄》卷65, <永樂5年3月癸酉>, 1968:920.

مەۋجۇت بۆلۈملەرنىڭ سانىنى 10غا يەتكۈزگەن[50]. بۇ بۆلۈملەردە، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان لۇغەت خاراكتېرىگە ئىگە دەرسلىكلەرنىڭ بىر قىسمى خىتاي قاتارلىق كۆنىمىزدىكى بەزى دۆلەتلەردە ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت تەۋەلىكىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئولپان تاپشۇرۇش، زىيارەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش، زىياپەت بېرىش، ھەدىيە بېرىش ۋە سوۋغا - سالام يوللاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان خۇڭ لۇسى (鴻臚寺) ئىدارىسىدە چەت ئەل تىللىرىنى بىلىدىغان ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل نەسىللىك كىشىلەر خىزمەت قىلاتتى[51]. ئەمما، ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزىدە دەپ ئويلايدىغان مىڭ سۇلالىسى، دۇنيا تۈزۈمى قارىشى ۋە كۆڭزى پەلسەپەسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بۇ چەت ئەللىكلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى[52]. خۇيخۇي بۆلۈمى (回回館)، يەنى پارسچە بۆلۈمى تەييارلىغان لۇغەتلەردىكى ناھايىتى ئازغىنە ئەرەبچە سۆزلەردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى پارسچىدۇر. دېمەك، بۇ يەردە خۇيخۇي تىلىنىڭ پارسچە ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، خۇيخۇي بۆلۈمدە پەقەت پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارلا خىزمەت قىلغاندەك بىر چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇيخۇي ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ مۇجمەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1280 – يىلىدا ھىنىت تۈزلەڭلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان مالابار (مالايا بار، مابار) دۆلىتى بىلەن قۇبلەينىڭ يۈەن سۇلالىسى ئۆزئارا بىر – بىرىگە يېزىشقان مەكتۇپلارنىڭ «خۇيخۇي يېزىقى» (回回字) بىلەن يېزىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ[53]. يۈەن سۇلالىسىدە تەرجىمانلارمۇ خۇيخۇي يېزىقىنى «回回文字[54]» ساقلىغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇرمۇز (忽魯謨斯) دۆلىتىنىڭمۇ خۇيخۇي يېزىقىنى قوللانغانلىقى قەيت قىلىنغان[55]. شۇ زاماندىكى خىتاي ئالىمى تاۋ زوڭيى(陶宗儀 1329-1412)

(50) 申時行等編,《大明會典》(萬曆15年刊本) 卷221 <翰林院>, 第五冊, 揚州:江蘇廣陵古籍刻印社, 1989:2943; 張廷玉,《明史》卷74 <職官志三•太常寺: 附提督四夷館>, 北京:中華書局 1974:1797-1798.

(51) 《明太宗實錄》卷15，〈洪武35年12月乙卯〉，1968：271；《明太宗實錄》卷46，〈永樂3年9月甲寅〉，1968：713；《明太宗實錄》卷52，〈永樂4年3月庚子〉，1968：778；《明太宗實錄》卷53，〈永樂4年4月乙丑〉，1968：790.

(52) 朱元璋，<諭齊魯河洛燕薊秦晉民人檄>,《明太祖實錄》卷26, <吴元年冬十月丙寅>, 1968:401-404.

(53)《元史》卷210 <馬八兒等國傳>, 1976:4669.

(54) 宋濂,《元史》卷83 <選舉三銓法下>, 北京:中華書局, 1976:2071.

(55)《明史》卷326〈外國七〉，1974：8453.

29 ھەرپلىك خۇيخۇي يېزىقى (回回字) ھەققىدە توختالغان[56]. ئەمما، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان خۇيخۇي يېزىقى پارسچىمۇ ياكى ئەرەبچىمۇ بەك بىلگىلى بولمايدۇ. چۈنكى پارسچە ئېلىپبە ئەرەبچىنىڭ 28 ھەرپىگە «پ»، «چ»، «ژ» ۋە «گ» دىن ئىبارەت تۆت ھەرپ قوشۇلۇپ 32 ھەرپتىن تەشكىل تاپىدۇ. مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە (1644-1911)، يەنى شەرقىي تۈركىستان ئىشغال قىلىنىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا 1763 – يىلى يېزىلغان «شىيۈ تۇڭۋېن جى» (西域同文志) ۋە تەخمىنەن 1794 – يىلى تۈزۈلگەن «ۋۇتى چىڭ ۋېنبيەن» (五體清文鑑) قاتارلىق لۇغەت خاراكتېرلىك كىتابلاردا ئىشلىتىلگەن خۇيۋېن (回文)، يەنى مۇسۇلمانچە يېزىق ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (چاغاتايچە) نى كۆرسىتىدۇ.

سىيى گۈەن تۈزگەن ھەر خىل تىللاردىكى لۇغەتلەردە خۇيخۇي (回回) سۆزىنىڭ مەنىسى «مۇسۇلمان» دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ[57]. موڭغۇلچە بۆلۈمى تۈزگەن لۇغەتلەردە بولسا، سالى دادەي (撒里答歹) ۋە سالىتاۋېن (撒里塔溫)؛ موڭغۇلچە (ساردائۇل، ساردائۇللۇن[58]) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئىبارىلەر موڭغۇللار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، «سارت» ياكى «سارتلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خۇيخۇي بۆلۈمىنىڭ ھۆججەتلىرىدە گاۋچاڭ (高昌) (تۇرپان) سۆزىنىڭ مەنىسى «تۇ ئېرجى» (土兒几)، (تۈركىي) ۋە تۇ ئېرچى (土兒期)، (تۈركىي)[59] دەپ ئېلىنغان. ئۇيغۇرچە بۆلۈمىنىڭ ھۆججەتلىرىدە «گاۋچاڭ» سۆزىنىڭ مەنىسى «ۋېي ۋۇئېر» (畏兀兒)، (委兀兒)، يەنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان[60]. بۇ يەردە مەلۇم بولغاندەك، مۇسۇلمان خەلقلەر ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى «تۈركىي خەلق» دەپ ئىزاھلانغان.

**● داۋامى كېيىنكى ساندا**

(56) 陶宗儀,《書史會要》卷8, 上海:上海書店出版社影印, 1984:365.

(57)《高昌館譯書》, 北京圖書館古籍出版編輯組編,《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 北京:書目文獻出版社, 1988:387b; 《高昌館雜字》, 《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:437b;《回回館雜字》,《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:470b;《回回館譯語》,《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:523a; 《華夷譯語》, 《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:81b.

(58)《譯語•蒙古譯語》, 《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:586a; 《譯語•韃靼》, 《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:590a.

(59) 回回館雜字》, 《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:470b; 《回回館譯語》,《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:523a.

(60) 高昌館譯書》,《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:387b; 《高昌館雜字》,《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:437b;《華夷譯語》,《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:81b;《華夷譯語》,《北京圖書館古籍珍本叢刊》第6冊, 1988:167b.

ئۆمەرجان نۇرى

# ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىكى ‹ئۇيغۇر› نامى

ئۇيغۇر نامى- ئۇيغۇرچە ياكى تۈركچە مەنبەلەردە تۇنجى بولۇپ 735- يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى ئويۇلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ 37- قۇرىدا: ئۇيغۇر ئىلتەبىر يۈزچە لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىپ كەتتى، دەپ تىلغا ئېلىنغان[1]. بۇ ‹ئۇيغۇر› نامىنىڭ يازما مەنبەلەردىكى تۇنجى خاتىرىلىنىشىدۇر.

‹توققۇز ئۇيغۇر خانلىقى›دا ھاكىمىيەت ئادىز جەمەتىگە ئۆتكەندىن كېيىن، گەنسۇ تەرەپكە كۆچكەن ياغلاقار جەمەتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىبەتلەرگە سىڭىشىپ، تىبەتچە «خور» ئاتالغان[2]، ئاز بىر قىسمى كېيىن قوچۇدىن قېچىپ كەلگەن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىۋىدە ساقلىنىپ قالغان. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنى ‹ئۇيغۇر› ياكى ‹ئون ئۇيغۇر› دەپ ئاتاۋەرگەن. ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۆزىنى ‹توققۇز ئۇيغۇر› دەپ ئاتىغان ھاكىمىيەت، ئەرەپ-پارسچە مەنبەلەردە «توغۇزغۇز» دەپ ئاتالغان[3]، كېيىن بۇ نام ئۆزىنى ‹ئون ئۇيغۇر› دەپ ئاتىغان قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا قالغان[4].

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ‹ئۇيغۇر› دېگەن سۆزنى بىر سىياسى بىرلىكنىڭ نامىدا كۆرسىتىپ، تەۋەلىكىدىكى بەش شەھەر ساناپ ئۆتۈلگەن.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان، سۇلتان سەئىدخاننىڭ سېرىق ئۇيغۇرلارغا جازا يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكى

(1) Mehmet Ölmez: Orhun-Uygur Hanlığı Dönemi Moğulistan’daki Eski Türk Yazıtları, sayfa 130, 2012, Ankara.

(2) 尹伟先：维吾尔-藏族关系史，甘肃文化出版社，٢٠٠٤年版。

(3) مىنورسكى: تەمىم ئىبن بەھرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھىتى، (خۇا تاۋ: 10-8. ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات، 610-546. بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003. يىلى نەشرى).

(4) خۇا تاۋ: 10-8. ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات، 349-229. بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003. يىلى نەشرى.

سەۋەبىدىن تاپالماي قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ[5]. بۇ ئۇچۇر، مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ خاتىرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇچۇر ھېساپلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا 1687 - يىلى 25 - ئاۋغۇستتا سىرىق ئۇيغۇر ئارىسىدا كۆچۈرۈلگەن «ئالتۇن ياروۇق» تا ‹ئۇيغۇر تىلى› سۆزى ئاخىرقى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ‹ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلغان› ئۇيغۇرلار مىللەت نامى ئورنىغا ‹مۇسۇلمان› دېگەن دىنى تەۋەلىك نامىنى قوبۇل قىلىپ، ئومۇمىي مىللەت نامىنى ئۇنۇتقان. تەدرىجى تارىم، يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىگە يېيىلغان ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى مىللەت نامى ئورنىدا قوللانغان. پەقەت، ‹قەشقەرلىك›، ‹خوتەنلىك›، ‹تۇرپانلىق› ۋە ‹ئەندىجانلىق›، ‹ياركەندلىك› دېگەن نام بىلەن ئۆزىنىڭ جوغراپىيەلىك تەۋەلىكىنى ئىپادىلىگەن. ھەتتا، گېزى كەلگەندە، «ئىبراھىم خەلىۇللاھنىڭ مىللىتىدىندۇرمەن» دېيىشمۇ ئومۇمىيلاشقان.

رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن بىچۇرىن چىنچە[6] مەنبەلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك ئاخباراتلارنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، قەدىمكى چىنچە مەنبەلەردىكى 廻鶻 نىڭ، قەدىمكى «ئۇيغۇر» ئىكەنلىكىنى بايقىغان. 19. ئەسىرنىڭ بېشىدا قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹مىراجنامە›نىڭ پارىژدا نەشرى قىلىنىشى ۋە قەدىمكى چىنچە مەنبەلەردىكى 廻鶻 نىڭ، قەدىمكى «ئۇيغۇر» ئىكەنلىكىنىڭ بايقىلىشى، غەرپتىكى بىلىم ساھەسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا، تۈركى خەلقلەردىن ئازەربەيجانلىق كازىمبېك تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلى ۋە تارىخى ھەققىدە رۇسچە تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدۇرغان. مالوف، سىرىق ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكى ھەققىدە 1913 - يىلى بۇرھان «ۋاقىت» گېزىتىگە ئەۋەتكەن خەۋەردىكى ئۇيغۇرلار گەنسۇدىكى سىرىق ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتەتتى[7].

ئۇيغۇر نامىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر- نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف بولۇپ «ئۇيغۇر بالاسى» تەخەللۇسىنى 1914 - يىلى قوللانغان. بۇنىڭ بىلەنلا

(5) مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، 2. جىلد 766-763. بەتلەر. 2007. يىلى نەشرى.

(6) چىنچە خىتايچىنىڭ تۈركچە ئاتىلىشىدۇر. (مۇھەررىدىن)

(7) بۇرھان شەھىدى: ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈش، «ۋاقىت» گېزىتى، 1913. يىلى 7. ئاينىڭ 27. كۈندىكى 1260.سان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىلمىي تەتقىقات، «ۋاقىت» گېزىتى، 1914. يىلى 10. ئاينىڭ 4. كۈندىكى 1600.سان.

قالماي تارىم، يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىسكى يۇرت نامى بىلەن ئايرىم ئاتىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي نامى <ئۇيغۇر> ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بىرىپ[8]، <ئۇيغۇر> نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش داۋاسىغا ئاتلانغان. نەزەرخوجىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئابدۇللاھ رۇزىباقىيېۋ ئىككى چوڭ ئىمپېرىيىگە تەۋە بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىنى قوشۇشتا <ئۇيغۇر> نامىنى ئومۇمىيلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرغان.

ئابدۇللاھ رۇزىباقىيېفنىڭ بۇ تەشەببۇسى، تۈركى خەقلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ باشقۇرۇشنى پىلانلىغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى مىللەت يارىتىش سىياسىتىگە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن تۈركلوگ مالوف بىلەن شېرباك بىرىنچى قەدەمدە، ئۇيغۇر بىلەن ئۆزبېكنىڭ تىلىنى ئايرىۋېتىشكە ئاتلانغان. شېرباك ئۆزبېك تىلىنى پارس تىلىغا تارتىپ ئالتە سوزۇق تاۋۇشلۇق <يېڭى ئۆزبەك تىلى>نى ياراتتى. مالوف بولسا ئۇيغۇرچىنى يەتتەسۇدىكى <تارانچى شىۋىسى>گە تارتىپ، <يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى>نى يارىتىشنى تەشەببۇس قىلدى[9].

1921- يىلى 6- ئاينىڭ 1- كۈنى تاشكەنتتە چاقىرىلغان «جۇڭغارىيە-قەشقەرىيە ئەمگەكچى كەمبەغەللەر قۇرۇلتايى» دا، مالوفنىڭ تەكلىپى ۋە سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە، تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ نامىنى بىرلەشتۈرۈپ «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاش ماقۇللانغان. ئەمما، بۇ قۇرۇلتاي ئېچىلغان كۈندىن باشلاپ نەشرى قىلىنغان «كەمبەغەلەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ تىلى دەسلەپتە <كاشغەرلىك-تارانچى تىلى>دا نەشرى قىلىنىپ، 1925- يىلى 7- ئايدىن باشلاپ <ئۇيغۇر تىلى> دەپ ئاتالغان[10]. ئۆزبېك نامى بېكىتىلگەن كېيىن، ئۇيغۇر دېگەن نام يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئومۇمىيلىشىشقا قاراپ ماڭغان بولسىمۇ، پەرغانە ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن قادىر ھاجى ھاشىموف[11]

(8) نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ۋە كونا كىتاپلار، ‹شۇرا› ژورنىلىنىڭ 1913. يىل 5. ئاينىڭ 15. كۈندىكى11. سان، 333-332. بەتلىرىدىن.

(9) مالوف ياراتقان <يېڭى ئۇيغۇر تىلى> ئىملا قائىدىسى ئورتاق تۈركى تىل ئىملا قائىدىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەچكە، ۹۰ يىلدىن بۇيان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىنىڭ تىكىشى توختىيالماۋاتىدۇ.

(10) 大石真一郎：「ウイグル」語新聞『貧者の声』について　、『中央アジアにおけるウイグル人地域社会の変容と民族アイデンティティに関する調査研究』，（平成15年度～平成18年度科学研究費補助金・基盤研究A（1）・研究成果報告書），2007，东京.

(11) قۇتلۇق شەۋقى ۋە مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق زىيالىلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەن قادىر ھاجى دەل مۇشۇ كىشى.

قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ ماقالە ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ.

ئابدۇللاھ رۇزىباقىيېۋ چىقىرىۋاتقان «كەمبەغەلەر ئاۋازى» گېزىتى قەشقەرلىكلەرنىڭ تارانچىلار بىلەن ئوخشاش <ئۇيغۇر> ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلسا، قادىر ھاجى ھاشىموف چىقىرىۋاتقان «قۇتۇلۇش» گېزىتى قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەمەسلىكى ۋە تارانچىلاردىن ئايرىم بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنى پارام- پارچە قىلىپ ئىدارە قىلىشنى پىلانلىغان سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى تەرەپنىڭ جېدىلىنى تاماشا ئورنىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى بىرلەشتۈرۈپ جۇمھۇرىيەت داۋاسى قىلىشنى ئويلىغان ئابدۇللا رۇزىباقىيېۋ بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان قادىر ھاجىنىڭ تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە 1938- يىلىغىچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا <ئۇيغۇر>، <تارانچى> ۋە <قەشقەرلىك> دېگەن ئۈچ خىل كىملىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ستالىن قوزغىغان چوڭ تازىلاشتا، ئابدۇللاھ رۇزىباقىيېۋ بىلەن قادىر ھاجى ھاشىموف قاتارلىق نۇرغۇن زىيالىيلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، <تارانچى> ۋە <قەشقەرلىك> دەپ ئايرىشقا خاتىمە بېرىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، پەقەت <ئۇيغۇر> نامىلا ساقلىنىپ قالدى.

شېڭ شىسەي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن خوجانىياز ھاجىنى مۇئاۋىن رەئىسلىك مەنسەپ بىلەن ئورۇمچىگە ئەكىلىۋالىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەسلىھەتچىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، خوجانىياز ھاجى 1934- يىلى <ئۇيغۇر> نامىنى قوللىنىشقا پەرمان قىلغان بولسىمۇ، 14- مىللەت بولۇپ «تارانچى» نامى ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا، ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ يىغىلىشىغا <ئۇيغۇر> ۋەكىل بىلەن <تارانچى> ۋەكىلى ئايرىم- ئايرىم ئىككى مىللەتكە ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. 1935- يىلى چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ نامى چىنچە <缠头> دەپ يېزىشتىن <维吾尔> دەپ يېزىشقا ئۆزگەرتىلدۇ[12].

1934- يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەنسۇر رۇزىيېۋ[13] <شىنجاڭ گېزىتى>نىڭ ئۇيغۇرچە باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تەشۋىقاتنىڭ

(12) خۇ يۈجۇ، كاڭ بىڭلىن: ئۇيغۇرلارغا خەنزۇچە <维吾尔> نامىنى بېرىش توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن، شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى، 28. قىسىم، 1990. يىلى نەشرى، 374-373. بەتلەر.

(13) يەنى مەنسۇر ئەپەندى، ئابدۇللاھ رۇزىباقىيېفنىڭ ئىنىسى.

كۆچى بىلەن <ئۇيغۇر> نامىنى ئومۇمىيلاشتۇرۇشقا كۆچەيدۇ. ئارقىدىن سىياسەتنىڭ قىستىشى بىلەن، ئالتەشەھەر خەلقى ئارىسىدىكى نۇپۇزلۇق مەتبۇئات- قۇتلۇق شەۋقى باش مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان <يېڭى ھايات> گېزىتى تۈركلۈك داۋاسى قىلىش ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، تۇنجى قېتىم: شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپ سانلىقى مۇسۇلماندۇر. قان ۋە مىللىيلىقىدىن ئېيتقاندا، تۇران مىللىتىدىن چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر، دەپ ئۇيغۇر نامىنى ئېتىراپ قىلغان[14]. ئارقىدىن: بىز شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار نەچچە ئەسىردىن بېرى شەپقەتسىز كونا ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا، ئىنسانىي ھۇقۇقىمىزدىن ئايرىلىپ، بىلىمدە ناھايىتى قالاق مىللەت بولۇپ قالدۇق[15]، دەپ يېزىپ <ئۇيغۇر> نامىنى رەسمىي قوبۇل قىلغان.

1946- يىلى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، «تارانچى» نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «ئۇيغۇر» نامى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا ۋە مەقسۇت سابىرى بايقۇزى قاتارلىق ئۇلۇسچىلار[16] تۈركلۈك داۋاسى قىلىپ، <ئۇيغۇر> نامىنى قوبۇل قىلمىغان.

1955- يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، خەلق سىياسى ھىمايە ئاستىدا مەجبۇرلانغان <ئۇيغۇر> نامىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. چىن كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد مىللى سىياسىتىدە ئورتاق بىر نام ۋە بىر تىلغا باغلانغان ئۇيغۇرلار 21- ئەسىرگىچە مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇشنى تاماملىغان بولسىمۇ، <ئۇيغۇرلۇق ئېڭى> سىڭگەن ھالدا مىللىيلىششنى تاماملىيالمىدى.●

تەھرىر: ئا. يۇسۇپ

---

(14) <يېڭى ھايات> گېزىتى، 1934. يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈندىكى 4- سان.

(15) <يېڭى ھايات> گېزىتى، 54- يىلى 2- ئاينىڭ 28- كۈندىكى 43- سان.

(16) -مىللەتچىلەر، دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇلۇسچىلىق ياكى مىللەتچىلىك ئۆزلىرىنى بىرلەشتۈرگەن تىل، تارىخ ۋە كۈلتۈر مۇناسىۋەتلىرىدىن ئۈستى قۇرۇلما شەكىللەندۈرەلىگەن بىر ئىجتىمائىي جۇغلانمىنىڭ نامى بولغان مىللەت ياكى ئۇلۇس دەپ تەرىپلەنگەن بىر ئىنسان توپلۇقىنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش نىشانىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان دۇنيا قارىشىدۇر.

تۈركچىدە ئۇلۇس ئۇقۇمى بىر دۆلەتتىكى بارلىق ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تۈرك ئۇلۇسى دېيىلىدۇ. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى كۈرت، لاز، تاتار، ئەرمىنى، چەركەز قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۈرك ئۇلۇسى، دەپ ئاتىلىدۇ. (مۇھەررىردىن)

دولقۇن قەمبىرى

# ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر كىملىكى[1]

**”ئۇيغۇر تارىخىسىز مەركىزى ئاسىيا تارىخى مەۋجۇت ئەمەس؛ مەركىزى ئاسىيا تارىخىسىز ئاسىيا تارىخى مەۋجۇت ئەمەس؛ ئاسىيا تارىخىسىز ھەقىقىي دۇنيا تارىخى مەۋجۇت ئەمەس.“[2]**



## كىرىش سوزى

دۇنيادا ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيونلار، ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيەلەرمۇ ھامىنى بىر كۈنى يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچىدۇ. ئەمما ئىنسانلار تارىخى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئەقىل - پاراسەت، مەدەنىيەت ۋە مەدەنىي مىراسلار ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى تارىم، جۇڭغار ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايون گېرو - رىمان مەدەنىيىتىنى ھىندىستان بۇددا مەدەنىيتى ۋە مەركىزى ۋە شەرقىي ئاسىيا ئەنئەنىسىگە باغلايدىغان غەرب ۋە شەرق ئارىسىدىكى قەدىمى سودا يولىغا جايلاشقانلىقىدەك ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكى تۈپەيلىدىن، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. گۈللەنگەن تىجارەت، سودا ۋە مەدەنىيەت ئۇيغۇرلار زېمىنىغا تىل، ئىرق ۋە دىن جەھەتتە ھەممە باراۋەر بىرلىكتە ياشايدىغان

---

(1) ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇنيۇقۇق

(2) See Dolkun Kamberi “A survey of Uyghur documents from Turpan and their importance for Asian and Central Eurasian history” Central Asian Survey (1999), 18(3), p. 283

ئالاھىدە تۈس قوشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەنئىتى پەقەتلا ئۆز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ساقلاش ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى شەرق ۋە غەرب ئەللىرىدىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن.

بۇ ماقالىدىكى «ئۇيغۇر زېمىنى» دىگەن سوز جۇغراپىيەۋى سياسى گەۋدىنى ئەمەس، بەلكى جۇغراپىيەلىك ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار زېمىنى مەركىزى ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان ئارىلىقى 2000 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبىغىچە بولغان ئارىلىقى 1650 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار زېمىنى مەركىزى ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ زېمىن ھازىر خىتاي تېررىتورىيەسىنىڭ 6/1 قىسمىنى ئىگىلەپ، موڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، تىبەت ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرالىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار زېمىنى مەركىزى ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ ئىمپېرىيە، يەنى خىتاي، ھىندىستان ۋە رۇسىيە ئارىسىدىكى ئالاقە تۈگىنىدە ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماي، ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك مۇھىت ، مول تەبىئىي بايلىق ۋە ئالاھىدە ھاۋا كىلىماتىغا ئىگە. ئۇنىڭ قۇرغاق ھاۋاسى، قەدىمى قەبرە ، مۇميا، تاش ئويما، شەھەر قىياپىتى ، بۇتخانا، سان - ساناقسىز مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە يەر ئاستىدىكى قەدىمى بويۇملارنى ساقلاشقا ئىنتايىن پايدىلىق. 17 خىل قەدىمى تىلنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن يېزىلغان ئوخشاش بولمىغان 24 خىل يېزىقدىكى قولىيازمىلار، تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلار دۇنيادىكى نۇرغۇن ئالىملار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان.(3)

خىتاينىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدا، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە بۇ رايون «شەرقىي رايون » ياكى «شەرقتىكى دۆلەتلەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئەمما خىتاينىڭ ماتېرىياللىرىدىن سىرت ماتېرىياللاردا ، بۇ رايون «ئۇيغۇرىستان»، « شەرقىي تۈركىستان» ۋە «خىتايدىكى تۈركىستان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «ئۇيغۇر ئىلى» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «ئۇيغۇر دۆلىتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(3) Dolkun Kamberi, "Xinjiang Yeqinqi Zaman Arheologiyisi wä Qeziwelinghan Qädimqi Yeziqlarni Qisqichä Tonushturush [Brief Introduction of Xinjiang Contemporary Archology and Unearthed Various Ancient Scripts]," *Xinjiang Ijtima-i Pänlär Tätqiqati*, 1 (1984): 60-70.

1884 - يىلى خىتاينىڭ چىڭ سۇلالىسى بۇ رايوننى «شىنجاڭ» يەنى «يېڭى تېررىتورىيە « دەپ ئاتىدى، 1955 - يىلدىن كېيىن بۇ رايونغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى « دەپ نام بەردى.

1990 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر زېمىنىدا ئۇمۇمى نوپۇس 15 مىليون بولغان، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغانلارنىڭ سانى 7.2495 مىليون بولۇپ، شۇ رايون نوپۇسىنىڭ 60% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى بولسا 5.7466 بولۇپ، 30% نى تەشكىل قىلغان. 10 يىلدىن كېيىن خىتاينىڭ 2000 - يىلدىكى ستاتىستىكىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغانلارنىڭ سانى تەخمىنەن 9 مىليون (لېكىن باشقا مۇستەقىل تەشكىلاتلارنىڭ مولچىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 16 مىليون دەپ كۆرسىتىلگەن). شۇ 10 يىلدا بۇ رايوندىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 32% ئاشقان. ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا 1949 - يىلدىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى 90% تىن كۆپ ئىدى. ئەمما خەنزۇلار شۇ ۋاقىتتىكى 5 مىليون نوپۇسىنىڭ ئاران 5% نى تەشكىل قىلاتتى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ رايوندىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 500% ئاشقان.

ئۇيغۇرلار تارىختا مەركىزى ئاسيادا كۆرۈنەرلىك نوپۇس گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار مول بولغان ئەدەبىيات، سەنئەت ، مۇزىكا ، ئىقتىسادى ۋە ھەربىي جەھەتتە ئىنتايىن گۈللەنگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار يەنە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن تاشقىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى قابىلىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئىنتايىن سېخى ۋە كەڭ قورساق بولۇپ، بۇلارغا ئائىت مەزمۇنلار خىتاي تارىخى ۋە ئوخشىمىغان دەۋردە قېزىپ چىقىرىلغان ئۇيغۇر قولىيازمىلىرىدا ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا ھون ئىمپېرىيەسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردىن مىلادىيەدىن كېيىنكى 2-ئەسىرگىچە)، جورجىت ئىمپېرىيەسى (مىلادىيە 5-3 ئەسىرغىچە) ۋە تۈرك (مىلادىيە 744-522) ئىمپېرىيەلىرىنى قۇرۇپ چىققان. ئۇيغۇرلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ سەلتەنەتلىرىنى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، ئۇلار، ئۇيغۇر ئېلى (مىلادىيە 744-840)، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (1250 - 605-840) ئۇيغۇر قارا خانلىقى (10 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە)، ئۇيغۇر چاغاتاي خانلىقى

(13 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە)، ياركەنت ئۇيغۇر خاندانلىقى (1678 ـ 1514)، قۇمۇل ۋە تۇرپان بەگلىكى (17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 ـ ئەسىرگىچە) ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن ئاخىرلاشقان ياقۇپ بەگلىكى (1820 ـ 1877) قاتارلىقلار. ئۇيغۇرلار ئۆز زېمىنىدا يەنە، 1933 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ۋە 1944-يىلى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى .

1944 ـ يىلى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلەنگەن؛ 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ستالىن ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارمىيەسىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغا سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىرىنى ئەۋەتكەن، بۇ رۇسىيە كومىسسارلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ سىياسىي كۆز قاراشلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى بىۋاستە موسكۋاغا يەتكۈزگەن. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلار زېمىنىنىڭ ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرغان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى خىتاي ۋە رۇسىيەدىن كۈچلۈك دەرىجىدە مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلغان. جوسىف ستالىن 1945 ـ يىلى يالتادا ۋىنستىن چېرچىل ۋە فرانكلىن روزۋېلت بىلەن ئۆتكۈزگەن مەخپىي يىغىندا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا چىقىرىلغان قارارغا قوشۇلغان. جوسىف ستالىن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك ئېقىمىغا ئەگەشكەن ھالدا يېڭى بىر خىتاي قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىغا كۈچلۈك دەرىجىدە ئىشەنگەندىن كېيىن. 1946 ـ يىلى ستالىن دەرھال شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئەلىخان تۆرىنى رۇسىيەگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن( ئەلىخان تۆرە تاشكەنتتە 1976 ـ يىلىغىچە ياشىغان).

ئەلىخان تۆرىنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى (1949 ـ 1902)، شەرقى تۇركىستان ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى گېنىرال ئىساقبەگ(1949-1902)، قوشۇمچە ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى دەلىلقان سۇگۇربايېف (1949 ـ 1902) ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف (1949 ـ 1921) لارنىڭ ھەممىسى 1949 ـ يىلى 22 ـ ئاۋغۇستتا، ئۇيغۇرلار ۋە شەرقى تۇركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي تەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان يولىدا، بىر قېتىملىق سىرلىق ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش ۋەقەسىدە قازا قىلغان.

1946-يىلدىن 1949 يىلىغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي بىر نەچچە قېتىم ئۇيغۇر زېمىنىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنغان. شۇ ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا، ئىككىلا دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ئۇيغۇرلارغا قايتا- قايتا ۋەدە بېرىپ، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئۇيغۇر زېمىنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، پەقەتلا شۇ رايوندىكى دېموكراتىيە، ئەركىن سايلام ۋە ھەقىقىي ئاپتونومىيەنى بەرپا قىلىش شۇنداقلا يېڭى بىر رايون قۇرۇپ چىقىشقا ياردەم بېرىش، ھەتتا ئاخىرىدا مۇستەقىللىققىمۇ كاپالەت قىلىشتىن ئىبارەت دېگەن.[4] شۇ ۋەدىلەرنىڭ مەزمۇنى خۇددى جاڭ جىجۇڭنىڭ خىتاي مىلەتچىلىرى، كوممۇنىستلىرى ۋە ئۇيغۇر ۋەكىللىرى 1946 - يىلدا ئۇرۇمچىگە يىغىلغاندا بەرگەن ۋەدىسىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايىسى ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلمىغان ئىدى. 1950-يىلدىن كيىن، ئۇيغۇر زېمىنىدا "ئىنقىلابى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتلاردا " ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ھەر بىر قاتلىمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. "ئىنقىلابچىلار" ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ھەر قانداق بىر ساھەنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىدىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تارىخى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، ناخشا-ئۇسۇلى، يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى، كلاسسىك ناخشا - مۇزىكا، ھەتتا تىل-يېزىقلىرىغىچە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى.

ھۆكۈمەت 50 يىل مابەينىدە ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ يېزىق سىستېمىسىنى ئىككى قېتىم ئۆزگەرتكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۆت قېتىم سىياسىي سەۋەبلەرنى دەستەك قىلىپ جازالىغان. سىياسىي ھۆكۈمرانلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيەلىرىنى سىياسىي ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق خىتاي ئارمىيەسىگە قوشۇۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن 1966 - يىلدىن كېيىن بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستان ئارمىيەسى ۋە ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلىرى تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچكەن.

بۇ ماقالىنىڭ مەقسىتى دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ياخشىراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى تەمىنلەش.

(4) Zhang Zhizhong, *Cong Dihua Huitan Dao Xinjiang Heping Jiefang* [From Urumchi Summit to Peaceful Liberation of Xinjiang] (Urumchi: Xinjiang Renming Chubanshe, 1987), pp. 166-67.

## ئۇيغۇرلار

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ۋە تارىخى خاتىرىلەر ئۇيغۇرلار زېمىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە مەركىزى ئاسىيا خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بولغان ئامبىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرى ئۆتتۈرا ئەسىردە ياشىغان داڭلىق بىر ئۇيغۇر پادىشاھى تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بۈيۈك بىر نىشانىنى تىكلىگەن ۋە شېئىر ئارقىلىق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

**مەن سىلەرگە بولدۇم قاغان، ئېلىڭلار ئوقيا، قالقان،**

**تامغا بولسۇن بىزگە بۇ يان، كۆك بۆرە بولسۇن ئۇدان،**

**تۆمۈر يىدالار بول ئورمان، ئاۋيادا يۈرسۇن قۇلان.**

**تاكى تالۇي تاكى مۇران، كۈن تۇغ بولسۇن كۆك قۇرقان.**

مەنىسى؛ مەن سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار بولدۇم، ئوقيا ۋە قالقىنىڭلارنى ئېلىڭلار، بىزنىڭ سىمۋولىمىزنى، گۈزەل كەلگۈسىمىزنى قىلايلى، كۆك بۆرىنى تۇتىم قىلايلى، قورال-ياراقلىرىمىزنى خۇددى ئورمانلاردەك قىلايلى، ياۋايى ئاتلارنى ئوۋ مەيدانلىرىمىزدا چاپقۇزايلى، دەريالار ۋە ئېقىنلار زېمىنىمىزغا ئېقىپ كىرسۇن، قوياش بىزنىڭ سىمۋولىمىز، كۆك ئاسمان بىزنىڭ بايرىقىمىز بولسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پادىشاھ بىر جاكارنامە يازغان ۋە بۇنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە ئەۋەتكەن. ئۇنىڭدا: ”مەن ئۇيغۇرلارنىڭ پادىشاھى، بۇ دۇنيا ماڭا موھتاج ، شۇڭا مەن پۈتۈن دۇنياغا پادىشاھ بولۇشۇم كېرەك“ دېيىلگەنىدى.[5]

ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ئاساسى مەنىسى «ئىتتىپاقلىشىش» بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئىتتىپاق»، «فېدېراتسىيە»، «بىرلەشمە» دەپ تەرجىمە قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇ نام تۇنجى بولۇپ ئورخۇن كۆك تۈرك قولىيازمىلىرىدا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلغان. كېيىن بۇ نام ئوتتۇرا ئەسىردىكى مانى، سوغدى يازمىلىرىدا ھەمدە ئۇيغۇر قارا خانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى قولىيازمىلاردا قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن باشقا بۇ نام مەركىزى ئاسىيادا خىتاينىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرىدىكى ھەر خىل

(5) *Qädimqi Uyghur Yazma Yadikarlaridin Tallanma* [Selection of Ancient Uygher Manuscripts], ed. Abdukeyim Khoja (Ürümchi: Khälq Näshriyati, 1983).

كىتابلىرىدا يۇزدىن ئارتۇق تەرجىمە شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان.[6]

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەسلەپكى مىڭ يىلدىن باشلاپ مەركىزى ئاسىيادا ياشىغان قەدىمقى خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى خىتاي تارىخى مەنبەلىرىگىچە تۇتىشىدۇ، يەنى دىڭلىڭ، چىدى، شۇگنۇ، دىڭلىڭ، گاۋچى دىگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى، سېلىنگا ۋە ئورخۇن دەرياسى بويىدا ياشىغان. بۇ رايونلار كېيىنچە ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار قەدىمكى يىپەك يولى ۋە خىتاي قەدىمقى يازمىلىرىدا تارىخىي ئىزنالارنى قالدۇرغان.

ئۇيغۇرلار باشقا يايلاقتا ياشايدىغان كىشلەردىن بۇرۇنلا شەھەرلەرنى قۇرۇشقا باشلىغان، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ۋە تارىخى خاتىرىلەردىن تېپىلغان ئىسپاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى مەزگىللەردە شەھەرلەشكەن تۇرمۇشتا ياشىغان ھەمدە بۇددىزم ۋە مانى دىنى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. 8 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا دۆلەتلەردىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىن ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى تەسۋىرلىگەن ئۇيغۇرچە قوليازمىلار يەنە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، بۇ خىل مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەجرىبىلەر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇھىم قىسمى بولسا، تۈرك تىلى سىستېمىسىدا يېزىلمىغان بۇددىزم ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بولۇپ، بۇ دەل ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نۇرغۇنلىغان سىرتتىن كەلگەن سۆزلەرنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھى ھەققىدە پىروفېسسور دەنىس سىنور مۇنداق يازغان: «تۈرك ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى كۆپ ئىرقلىق ، كۆپ تىللىق بولۇپ، كۆپ خىل دىنلارنىڭ تىنچ ھالەتتە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنغانىكەن»، «مۇسۇلمان ئەمەس تۈرك خەلقلەر ئارىسىدا تېخى ئۇيغۇرلار يەتكەن دەرىجىدە مەدەنىيەتلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن تۈرك خەلقى يوق، ئۇلار شۇنداق بىر مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپتۇكى، بۇ خىل مەدەنىيەت كۆپلىگەن مۇسۇلمان تۈرك

(6) See Dolkun Kamberi "A Survey of Uyghur Documents from Turpan and Their Importance for Asian and Central Eurasian History," *Central Asian Survey* (1999), 18 (3): 283.

خەلقلىرىنىڭكىدىنمۇ ئىلغار ئىكەن. كۆرۈش سەنئىتىدە ئۇلار ئالاھىدە بىر خىل ئەنئەنىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار يازغان قولىيازمىلار شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلار مەركىزى ياۋرو - ئاسىيانىڭ تارىخىدىكى چاقناپ تۇرغان سەھىپىلەردىن ئورۇن ئالغان.»[7]

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتى تاكى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە قەدەر گۈللەنگەنىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار 200 يىللىق ئۇرۇش ۋە بۆلۈنۈشنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى. مەدەنىيەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر قۇرغۇچىلىرىدىن سەككاكى، لۇتفى ۋە ئەلشىر نەۋايى قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا باشلانغان، نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە قوغداش، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى باشقا سىرتقى سىياسىي بېسىملار ۋە باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىپ كەلدى.[8]

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ قالايمىقانلاشقانلىقىنىڭ تىپىك مىسالىنى خىتاي يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1877 - يىلى ئاپىرېلدىكى ياقۇپ بەگنىڭ[9] قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇيغۇر زېمىنى خىتاي ۋە رۇسىيە تەرىپىدىن 8 يىللىق بۇزغۇنچىلىققا دۇچار بولدى. ئاخىرىدا 1884 - يىلى مانجۇ چىڭ سۇلالىسى رۇسىيە بىلەن مەخپىي بىرلىشىۋالدى ۋە ئىككى ئىمپېرىيە كۈچلىرى ئۇيغۇر زېمىنىنى يۇتۇۋالدى. چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىنى «شىنجاڭ ئۆلكىسى» دەپ ئاتىدى ۋە قاتتىق باشقۇرۇش ئېلىپ باردى. شۇنداق قىلىپ بۇ رايونغا ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي[10] قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە بۇ رايوندا 30 يىل ھۆكۈم سۈردى شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇقىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مىللىي زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشىغا چەكلىمىلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى.[11]

قەشقەر شەھىرىگە يېقىن بولغان ئاتۇش شەھىرىنىڭ تىجەن مەھەللىسىدە يۈز

(7) Denis Sinor, *Inner Asia* (Bloomington: Indiana University Publications, 1969), p. 120.

(8) See also Annemarie von Gabain, "Das uighurische Königreich von Chotscho, 850-1250," in *Sitzungsberichte der deutschen Akademie der Wissenschaften zu Berlin*, 1961, Nr. 5, and A.

(9) Yakup Beg (1820-1877) was the founder of a dynasty (1864-1888) in Uyghuristan.

(10) Saypidin Äzizi, *Ömür Dastani* [Epic of Life] (Beijing: Millätlär Näshriyati, 1990), pp. 119-24.

(11) Äzizi, *Ömür Dastani*, pp. 351-60.

بەرگەن كىچىك بىر ۋەقەنى مىسالغا ئالساق، 1910 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلار 50 دىن ئارتۇق كىشىنى تۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، بەزىلىرى قايتىپ كەلمىگەن، بۇ ئەللىك كىشى شۇ يەردىكى تەسىر كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئۇيغۇرلار بولۇپ، بەزىلىرى بايلار، بەزىلىرى زىيالىيلار ئىدى. ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاقىتلاردا پۈتۈن ئۇيغۇر زېمىنىدا، مەسچىتلەرنىڭ ئېچىلىشىغا يول قويۇلۇشتەك كىچىككىنە دىنىي ئەركىنلىكنى، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقىمۇ يول قويۇلمايتتى.[12] ئاخىرىدا قەشقەر شەھىرىدە بىر قانچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسيان كۆتۈرۈلدى ۋە 1933 ـ يىلى يېڭى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئەگەشكەن مەدەنىيەتتىكى قايتا گۈللىنىش ئۇيغۇرلارنى يېڭى بىر زامانغا باشلاپ كىردى. 1933 ـ يىلى، قاسىمجان قەمبىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ غۇلجا شەھىرىدە ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى ھەمدە ئۇيغۇر زېمىنىدىكى باشقا رايونلاردا ئويۇن كۆرسەتتى. ئۇ «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىنى بارلىققا كەلتۈردى، ئوپېرانى يازدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە ئوپېرادا بىر ئارتىسنىڭ رولىنى ئالدى. شۇنداقلا ئۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا يەنە ئاياللارنى تۇنجى بولۇپ سەھنىگە چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.[13]

ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتى رۇسىيەنىڭ ياردىمى ئاستىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەنە باستۇرۇلدى، شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىدىن يەنە بىر قېتىم مەھرۇم بولدى. لېكىن يەنە ئون يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلار قايتىدىن ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى (1944 ـ 1949) قۇردى، ئۇيغۇرلار زېمىنىدىكى مەدەنىيەت قايتا بىر قېتىم جانلاندى. ئۇيغۇرلار ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ قىيىن شارائىتلارنى ۋە بېسىملارنى باشتىن كەچۈردى، ئەمما ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ھەر بىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەلىبىلىك ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى.

## ئۇيغۇر تىل كىملىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلى تارىختىن بېرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىلى بولۇپ

(12) The researcher obtained this information from a Uyghur historian, Abduqadir Aji (1902-1986).

(13) *Xinjiang Tarikh Materyalliri* [Xinjiang Historical Materials] (Ürümchi: Xinjiang Khälq Näshriyati, 1990), 27inchi Sani, pp. 200-11.

ئىشلىتىلگەن. 8 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر ئورخۇن- يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرىدىكى تىل بىلەن ئوخشاش شۇڭلاشقا قەدىمقى تۈرك تىلى دەپ ئاتالغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن خاقانىيە دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ پەرقى يوق. بۇ ھادىسە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، 8 - ئەسىردىن بۇرۇنلا ئىشلىتىلگەن قەدىمقى تۈرك ئەدەبىي تىلى، ئەمەلىيەتتە دەل ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى 14 - ئەسىرگىچە تۈركى خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىپ كەلگەن. "قامۇسۇل ئالەم" دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى شەمسىدىن سەمى مۇنداق دەپ يازغان: ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتى تەرەققىيات جەھەتتە ئەڭ ئىلغار ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تىلى نۇرغۇنلىغان تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدا ئورتاق قوللىنىلىدۇ. چاغاتاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا، ئۇيغۇر تىلى چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان بولۇپ، دۇنياغا تونۇلغان.[14]

ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرىدىكى تارىخ، ئەدەبىيات، دىن، مەزمۇن ۋە قولىيازمىلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئوخشاش بولمىغان بەش خىل كاتېگورىيەگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1- يازما تارىخدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلى: مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردىن بۇرۇن قوللىنىلغان. لېكىن بۇنىڭغا دائىر قولىيازمىلار يوق بولۇپ، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى، ئىدىيوم، ئەقلىيە سۆز، خەلق ھېكايىلىرى، خەلق ناخشىلىرى، خەلق ئەدەبىياتى، ھەمدە قەدىمقى مېتولوگىيە ۋە ئەپسانىلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن.

2-قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى: 6 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە قوللىنىلغان، كۆپ قىسمى ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى تىللارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان.

3-ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى: مىلادىيە 10 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە قوللىنىلغان بولۇپ، كۆپ قىسمى ئىسلامى ئەسەرلەردە قوللىنىلغان ، بۇ ئەسەرلەر پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

4-يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى: مىلادىيە 16 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە

(14) Khämit Tömür, *Chghatay Tili* [Chaghatay Language](Qashqar: Qashqar Uyghur Näshiryati, 1987), p. 2.

قوللىنىلغان.

5- ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى: 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن ھازىرغىچە قوللىنىلغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئورال - ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، شەرقىي تۈرك تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. تۈرك تىلىنىڭ ئالتە چوڭ تارمىقى ئىچىدىكى تۈرك تىلى بىلەن ئەزەرى تىلى، قازاق تىلى بىلەن قىرغىز تىلى، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۆزبېك تىلى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى تىل تارمىقىدىكىلەر بىر - بىرى بىلەن ئالاقە ئېلىپ بارالايدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككى چوڭ دىيالېكتى بار بولۇپ، جەنۇبى ۋە شىمالى دىيالېكت دەپ بۆلۈنىدۇ. 2000-يىلىدىكى خىتاينىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يەرلىك ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغانلارنىڭ سانى 10 مىليون بولۇپ، كۆپ قىسمى خىتاينىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى »دا ياشايدۇ. يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان نوپۇس بار بولۇپ، ئۇلار مەركىزى ئاسىيا جۇمھۇرىيىتى ۋە تۈركىيەدە ياشايدۇ، ئاز بىر قىسمى يەنە رۇسىيە، موڭغۇلىيە، پاكىستان، ئافغانىستان ۋە غەرب ئەللىرىدە ياشايدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، 1955 - يىلىدىن باشلاپ، ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي تىلى قىلىپ قوللىنىلغان. گەرچە مەركىزى ياۋرو - ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەمەلىيەتتە 10 مىليوندىن كۆپرەك بولسىمۇ ھەم شۇنداقلا ئۇلار 2000 يىلدىن بويان ئۆزلىرىنىڭ مول بولغان ئەدەبىي ۋە مەدەنىي مىراسلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلقئارا تەشكىلاتلار ئۇيغۇر تىلىغا زور دەرىجىدە سەل قارىغان.

ھازىر پەقەت رۇسىيە، گېرمانىيە، شۋېتسىيەدە بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدە نەشر قىلىنغان قىسمەن كىتابلاردىن باشقا، غەرب ئەللىرىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ئائىت ھېچقانداق پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ ھازىرغىچە ئوخشىمىغان 8 خىل يېزىق سىستېمىسىنى ئىشلىتىپ كەلگەن. ھازىر ئۇلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساس قىلىنغان پارس يېزىقى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان بىر نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان يېزىق سىستېمىسى:[(15)]

(15) Turghun Almas, *Uyghurlar* [The Uyghurs] (Ürümchi: Xinjiang Yashlar-Ösmürluar

1 - براهما يېزىقىI
2 - براهما يېزىقى II
3 - ئۇيغۇر رونىك يېزىقى
4 - ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىقى
5 - ئۇيغۇر سوغدى ۋە مانى يېزىقى
6 - ئەرەب ، پارس ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان چاغاتاي يېزىقى
7 - هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى
8 - رىم ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى

بۇ يېزىقلارنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئاخىرىدىكى قوشۇمچە مەزمۇنغا قاراڭ.

## ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكى

ئۇيغۇرلار بولسا مەركىزى ئاسىيانىڭ يەرلىك ئاهالىسى، ئۇلار ئۆزىگە خاس بولغان مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئاسىيانىڭ ئەدەبىيات، مېدىتسىنا، بىناكارلىق، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسۇل ۋە سەنئىتىگە مۇهىم تۆهپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ئاساسلىقى يېنىك سانائەت ۋە دېهقانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، مېۋە، پاختا، شال، بۇغداي قاتارلىقلارنى تېرىيدۇ. ئۇيغۇرلار 2000 يىل بۇرۇنلا بۇ قۇرغاق رايوندا ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە بولغان سۇغۇرۇش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار زېمىنىدا نېفىت ۋە مىنېرال ماددىلار ئىنتايىن مول.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزىنىڭ قوشنا ئەللىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. تۇرپان ئويمانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئىسپاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئەسىرلەردىن بويان مەركىزى ئاسىيادىكى بۇددا مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 10 - ئەسىردە، سۇڭ

Näshriyati, 1989), pp. 801-10; Annemarie von Gabain, *Alttürkische Grammatic* [Ancient Turkish Grammar] (Wiesbaden: Otto Harrassowitz, 1974), pp. 1-41; *Weiwuer Zu Jianshi* [Brief History of Uyghur], ed. by a Group (Ürümchi: Xinjiang Renmin Chubanshe, 1991); Liu Yi Tang*, Weiwuer Yanjiu* [Studies of Uyghur] (Taibei: Zhengzhong Shujü, 1975), pp. 517-84; Abdukeyim Khoja, ed., *Qädimqi Uyghur Yazma Yadikarlaridin Tallanma* [A Selection of Ancient Uyghur Manuscripts] (Ürümchi: Khälq Näshriyati, 1983), pp. 37-44

سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە، بۇ خانلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى مەدەنىيلىششى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغان. شۇ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كۇچادا 100دىن ئارتۇق بۇتخانا، تۇرپاندا 50دىن ئارتۇق بۇتخانا ۋە كۇتۇپخانا قۇرۇلغان بولۇپ، نامراتلار ئۈچۈن پاراۋانلىق سىياسەتلىرى يولغا قويۇلغان ئىدى.[16]

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ۋە تارىخى هۆججەتلەردىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن، بولۇپمۇ تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقىدىكى قولىيازما ۋە تام رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ نەقەدەر يۇكسەكلىكىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مەسىلەن: تۇرپاندىن تېپىلغان تام سۈرەتلىرىدە ئۇيغۇرلار ئىنتايىن مەدەنىي ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، نازاكەتلىك ئاياللار ۋە سالاپەتلىك ئەر كىشىلەر ئۇزۇن تونلارنى كىيگەن ۋە قوللىرىدا گۈل - دەستىلەرنى تۇتقان ھالەتتە سىزىلغان ئىدى. قەدىمكى يارغۇل ۋە ئىدىقۇت شەھەرلىرىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان باشقا سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە قولىيازمىلار بايقالغان. كېيىن 13 - ئەسىردە، تىۋۋست چاڭچۇن چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندا، گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر پادىشاھلىقىدىن ئۆتكەن ۋە بۇ پادىشاھلىقتىكى مولچىلىققا قاراپ ھەيران قالغان . بۇ زېمىندىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى يىراق جايدىن سۇ باشلاپ كېلىپ سۇغۇرۇلغان ئىدى. تىۋۋست چاڭ چۈن بۇ يەرنىڭ يەرلىك خەلقى ۋە مۇزىكانتلىرىدىن ئىنتايىن زوقلانغان. ھەمدە گۈلدەستە، شاراب، شۇنداقلا ئېغىرلىقى 7.5 كىلوگىرام كېلىدىغان تاۋۇز قاتارلىقلار بىلەن كۈتۈۋېلىنغان.[17]

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ماقال - تەمسىلى: « ئۆكۈز ئاداقى بولغىچە، بوزاغۇ باشى بولسا يىغ».[18]

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا: بۇقىنىڭ تۇيىقى بولغاندىن موزاينىڭ بېشى بولغان ياخشى.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چوڭ كۆلچەكتىكى كىچىك پاقا بولغاندىن، كىچىك

(16) Geng Shemin, *Gudai Weiwuer Shige Xun* [Selection of Ancient Uyghur Poems] (Xinjiang Renming Chubanshe, 1983), pp. 5, 19. Colin Mackerras, *The Uyghur Empire (744-840), According to the T'ang Dynastic Histories* (University of South Carolina Press, 1972), p. 8

(17) Sinor, *Inner Asia*, pp.118-19.

(18) Mäkhmut Qäshqäri, *Turki Tillar Divani* [Turkic Languages Dictionary] (Ürümchi: Xinjiang Khälq Näshriyati, 1981).

كۆلچەكتىكى چوڭ پاقا بولغان ياخشى. بۇ تەمسىل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىققە ئىنتىلىدىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ تەمسىل يەنە بىر ئادەم باشقىلارنىڭ قانچىلىك باي ۋە قۇدرەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ تەمسىل ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىلەرنى باشقىلارغا قۇل بولماسلىق، گەرچە كىچىككىنە يەردە ئاز سانلىق كىشىلەرگىلا باش بولسىمۇ، چوقۇم بىر رەھبەر بولۇشقا، ھەممە ئىشتا ئۆزى ئەركىن قارار چىقىرىش، چەكلىمە ئاستىدا ياشىماسلىققا رىغبەتلەندۈرىدۇ. مەھمۇت قەشقىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇ تەمسىلنى 11 - ئەسىرلەردە خاتىرىلەپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇ تەمسىل نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ھەمدە ئۆز مەنىسىنى ئۆزگەرتمەي ساقلىنىپ كەلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار چوڭ شەھەرلەرنى قۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت جاپالىق كۈرەش قىلغان ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەركىزى ئاسىيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا كۈچلۈك ئاساس تىكلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىققان ۋە مەركىزى ئاسىيادىكى خەلقلەر ئارىسىدا باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان. مۇشۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. يېقىندا قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇر قوليازمىلىرى بىزگە شۇ ۋاقىتتىكى گۈللىنىشنى يەنى شۇ ۋاقىتتىكى دىنىي ھايات، ئىجتىمائىي ئالاقە، شەھەر مەدەنىيىتى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى يەنمۇ گەۋدىلىك تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ قولىيازمىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا خەلقلەر بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى شۇنداقلا ئۇلار بىلەن خېلى قويۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۇچراتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ قوليازمىلار تۆۋەندىكىچە:

1) مايتىرىسىمىت
2) ئالتۇن يارۇق
3) سامسو ئاچارنىڭ تەرجىمھالى
4) سەكىز يۈكمەك
5) ئابىدارىم قوشۋەردى سۇترا

6) گۇەن شىم پۇتار
7) لىن خۇا چاچاك ئۇزە ئېتىگى يارا تىغى ئاتلىغ سۇترا
8) ئامىتا سۇترا
9) ئارىيارا جاۋداكا سۇترا
10) ماخامەغە سۇترا
11) كىشانتى چىلغۇلۇق نوم
12) كىمقوكى ۋاجىرا چەتىكا سۇترا
13) تىشا ستوۋۇستىك سۇترا
14) يىتىگان سۇترا
15) ئامىتايوس سۇترا
16) ئاگاماس سۇترا
17) پىراجىنا ئاپارامىتا سۇترا
18) داشاكىرما بۇدداۋ تانامال سۇترا
19) لائىلتارىستالا سۇترا
20) يوگا چاريا بۇخۇنى سۇترا
21) ناگارجۇنا لىگىگ ئوتلاماگ تاقشۇت
22) ئىنسادى سۇترا
23) ماخاما يورى سۇترا
24) مانىجۇ شىراناما سەمگىتى سۇترا
25) جاتاكا ۋەئاۋدانا ھېكايىسى
26) ئالقۇ ئايىغ ياۋۇز يوللارىغ ئار تۇقراق ئاز ئارىت داچى سۇترا
27) ماخاپايا ئۇتلىس يانتۇرمىش سۇترا
28) ئالقۇ ئانجۇلايۇ كەلمىشلەرنىڭ ئۇ شىنىرلاق شانلار نىنتىن ئۆنمىش ئالتى كۆتىرىلمىش ستاتا پادرا ئالتىغ ئۇتسۇقماقسىز دارنى
29) ئوغۇزنامە

30) چاشاتانا ئىلىگ بەگ

31) ئىككى تىگىن ھېكايىسى

ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇرلار تارىختا ئىنتايىن ياخشى بولغان يېزىق سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىققان ۋە يىللار مابەينىدە پۈتۈن قوشنا ئەللەر ئىچىدە ئۆزىگە خاس بولغان ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەندۈرگەن ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بۇ تەرەققىياتلارغا مىلادى 759 - 779 يىلىغىچە ھۆكۈمدارلىق قىلغان (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش تەگرى ئەل بىلگە بوگۇ ئارسلان) پادىشاھنىڭ رەھبەرلىكى كۈچلۈك رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلار تارىختا ئۇدا ئىككى قېتىم تاڭ ئوردىسىغا (مىلادىيە 618 - 907) ھەربىي جەھەتتە زور دەرىجىدە ياردەم قىلىپ، ئىشقى سىياسىي ئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادى ئورنىنى قايتىدىن مۇستەھكەملىگەن[19].

ئىدىقۇت خانلىقىدىن بۇرۇن ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 685 - 1250) دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلار قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىدا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە مەركىزى ئاسىيا ئەدەبىياتىغا تۆھپە قوشقان، شۇنداقلا ئوزىگە ھاس بۇددا سەنئىتىنى ياراتقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئابرۇيى ئۇلارنى سەل قاراشقا بولمايدىغان كۈچكە ئايلاندۇرغان. ئۇيغۇرلار ئۆز باشلامچىلىرىغا ئىگە بولۇپ، سىياسىي جۇغراپىيەدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دەۋرلەردە مەدەنىي ھاياتىدا پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. زور تىرىشچانلىقلار ئاساسىغا قۇرۇلغان مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەسىرلەر بويى داۋاملاشقان. مىلادىيە 400 - يىللاردىن باشلاپ، تەخمىنەن 150يىل مابەينىدە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ھازىرقى چاۋشىيەندىن قارا شەھەرگىچە بولغان رايونلار، جورجىتلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. قاڭقىللارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا بولغان.[20]

(19) Dolkun Kamberi, “The Study of Medieval Uyghur Drama and Related Cultural Phenomena: From *Maitrisimit* to *Qutadghu BIlik*, ca. 767-1069 A.D.” (Ann Arbor, Mich.: UMI Company, 1995), chap. 5.

(20) Colin Mackerras, *The Uyghur Empire (744-840), According to the T’ang Dynastic Histories*

مەن تۇرپان بىزەكلىكتىن ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە بولغان بىر شېئىرنى بايقىدىم. شېئىردا شائىرنىڭ يىراقتىكى بىر تۇغقىنىغا بولغان كۆڭلى ئىپادە قىلىنغان بولۇپ، شائىر شېئىردا سالام يوللاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭغا ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قايتىپ كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرگەن. بۇ شېئىر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان ئاكتىپ پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئۇلار بىلىمنىڭ بەخت ۋە ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن. بۇ ياخشى يېزىلغان شېئىر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپقا ئىنتايىن ئەستايىدىل قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. (بۇ ماتېرىيال تۇرپان موزېيىغا تەقدىم قىلىنغان بولۇپ، ئەسلى نۇسخا نومۇرى: T.B.1522.80 ، ئۆلچەم: كم 37.5 ×3)، ئەسلى يازما قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يەزىلغان، ئوقۇلۇشى:

1 ئۆزۈك-نىڭ ئۆگرäنمىش ياندïرلارتا

2 ئۆگلىنä äدگۈ-كى-مä بۇسۇغ سىلىكىل

3 ئۆڭى-مä نäگۈ-كىم ياڭلار-تا ئۆسلۈ-

4 نچۈ-سىڭä تäگى ئانچۇلايۇ ئول ئۇمۇق-

5 لۇق كۆزۈم بىرلä ئوقïپ ساڭا ïدïم.

مەنىسى:

1. ھەر قانداق نەرسىنى ئۆز ئۇسۇلۇڭ بىلەن ئۆگەن.
2. كۆپ ئويلان، ئېھتىياتچان بول، ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشنى ئويلىما.
3. قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانساڭ، ئەستايىدىل پۇختا قىل،
4. بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ياخشى يولى
5. ئۈمىدۋار كۆزلىرىم بىرلە ساڭا ئەۋەتتىم.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆز خاسلىقى بىلەن ساقلانغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆتمۈشتىكىدەك قىممەتلىك ئورنىنى يوقاتقان. ئۇنى پەقەت ئۇيغۇر مەشرەپلىرى مۇزېيلاردا ئۆز ئەسلى قىياپىتى بىلەن كۆرۈش مۇمكىن. پەقەت بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلارلا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نەتىجىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە

(University of South Carolina Press, 1972), p. 8

ئېرىشتى. لېكىن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قانداق باھا بېرىشتىن قەتئىينەزەر، جەمئىيەتنىڭ شىددەتلىك ئۆزگىرىشلىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىنىشىنى توسۇپ قالالمىدى. بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشتى، بولۇپمۇ سەنئەت خەلقنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنى تونۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

**ئۇيغۇر سەنئەت كىملىكى**

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر سەنئىتى بۇ رايونغا كەڭ تارقالغان، رايون مەدەنىيەت ۋە مائارىپىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسىنى چۈشىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماتېرىيال. ئۇيغۇرلار ئۆز مەدەنىيىتىنى ئەدەبىيات ۋە سەنئەتلىرىدە ھېلىھەم ھايات ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ھازىرغىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئۆز ھۈنەر سەنئىتىدە ئۆزىگە خاس لايىھە ۋە نەققاش ئۇسلۇبلىرىنى ياراتقان. بۇ قىممەتلىك ئۇيغۇرچە ھۈنەر سەنئەت ئۆرنەكلىرى ھەممىدىن بەك كىيىم-كېچەك، زىبۇ- زىننەت، دوپپا، ئۆتۈك، ئاياق، رومال، چاينەك، پەردە، گىلەم، كىگىز، ئەدىيال، تام ئاسمىلىرى، ئۆيدە ئىشلىتىدىغان ساندۇق-ئىشكاپلار، ياستۇق ۋە دېرىزە، قورۇلۇشلاردىكى نەقىشلەردە ئۆز ئەكسىنى تاپقان. بۇ لايىھەلەرگە ھەر خىل ئۆسۈملۈك، ھايۋان، مەنزىرە، گېئومېترىيەلىك شەكىللەردىن ئۆرنەك ئېلىنغان. بۇ لايىھەلەر شەكلىنىڭ خاسلىقى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. قەدىمكى قىيا تاش، بۇددا ۋە مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تاملىرىدىكى سۈرەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار بىزنى ئۇيغۇر ھۈنەر سەنئىتى توغرىسىدا مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ، تەمىنلەپ كەلمەكتە.

دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىدىن بىرى بولغان بېزەكلىك ئىبادەتخانىسى يالقۇنتاغدىكى مۇرتۇق دەرياسى جىلغىسىغا جايلاشقان. تۇرپاننىڭ شەرق تەرىپىدە 40 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتا، گەرچە بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سەنئەت ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىبادەتخانا جىلغىنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر كىلومېتىر دائىرىدىكى غار ئۆڭكۈرلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ يەردە 83 غار بار بۇلاردىن 40 ى گۈزەل تام رەسىملىرى بىلەن بېزەلگەن. ئومۇمي دائىرىسى

120 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ غارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىگە تەۋە. تەتقىقاتچىلار بەزى غار تام سۈرەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق ئۇيغۇر بۇددا سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئالاھىدە مۇھىم رولىنى جەزملەشتۈرگەن .

گېرمان ئارخېئولوگى A.von.le.coq نۇرغۇن تام رەسىملىرىنى نەچچە يۈز ساندۇققا سېلىپ بېرلىنغا توشۇپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇيغۇر بۇددا سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. بېزەكلىك بۇددا ئىبادەتخانىسى ئۇيغۇر بۇددا سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەڭ مۇھىم ۋە ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك يادىكارلىق. ئەنگلىيە ئارخېئولوگى ئائۇرەل ستەئىن بېزەكلىك مىڭئۆيىنى 1914 - يىلى زىيارەت قىلغان چاغدا مۇنداق باھا بېرىدۇ: سەنئەت جەھەتتىكى گۈزەللىكتە تۇرپان ئويمانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قېزىلمىلارنىڭ بېزەكلىرى ناھايىتى گۈزەل ۋە يۈكسەك سەنئەت سەۋىيەسىدە بولۇپ، يەنە بىر قەدىمقى قىممەتلىك دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرى بىلەن پاراللېل سەۋىيەدە ئىدى.[21]

پىروفېسسور ئالبېرت گرۈنۋەدەل (1935 - 1856)، 1906 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مۇنداق دەپ يازغان: «يىللاردىن بېرى بۇددا سەنئىتىنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان نەمۇنىلىك ئېسىېتىك قىممەتكە ئىگە بۇددا يادىكارلىقىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. قەدىمكى مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىدىن بولغان رىم ئىمپېرىيەسى تارىخى يادىكارلىقلىرىنى ۋە باشقىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردۈم، پەقەت ئىراق شەرقىقە يېتىپ بارغىنىمدا، ئارزۇيىمدىكى ئىزلىگىنىمنى تاپتىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىنى ئالالىغان بولسام دەپ ئويلىدىم. قېزىلمىدا تەخمىنەن 300 گە يېقىن غار بولۇپ، ھەممىسى تام رەسىملىرى بىلەن بېزەلگەن. بەزىلىرى بەكمۇ قەدىمى ۋە ياخشى ساقلانغان ئىدى.»[22]

## ئۇيغۇر مۇزىكا كىملىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭگارەڭ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ناخشا مىراسلىرى بار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تىرىشىشى بىلەن كىلاسسىك

(21) M. Aurel Stein, *Ruins of Desert Cathay* (New York: Dover Publications, Inc), pp. 353-63.

(22) Herbert Härtel and Marianne Yaldiz, Along the Ancient Silk routes: Central Asian Art from the West Berlin State Museums (New York: Metropolitan Museum of Art, 1982), p. 41.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ناخشا - مۇزىكا، ئۇسۇللىرى ئۇيغۇر زېمىنىدا قايتىدىن سەھنىگە چىقماقتا.

ئۇيغۇر 12 مۇقامى بۇنىڭ ياخشى مىسالى. ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تارقالغان ۋە ئىنتايىن مەشھۇر. مۇقام ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ (1514 - 1678) پادىشاھى ئابدۇرەشىدخان (1570 - 1533) ۋە ئايالى خانىش ئامانىنساخان[23] (1534 - 1567) ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەپ چىققان. ئۇلار بىرلىكتە 16 - ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نەمۇنىسى بولغان 12 مۇقامنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

دەسلەپكى مۇقام تېكىستلىرى ئاساسلىقى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تۈزۈلگەن. كېيىنچە مەشھۇر ئەدىبلەردىن ئاتايى، مۇھەممەد سەككاكى، لۇتفى (1366 - 1465)، ئەلشىر ناۋايىلارنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان.

موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەندەك ناھايىتى ئاز تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. 13 - ۋە 14 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەرەب ۋە پارس يېزىقىنى راۋاج قوللىنىش بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. چاغاتاي ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىر قېتىملىق ئارقىغا چېكىنىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇ دەۋرلەردىن كېيىن مۇقام يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولۇپ، بەختكە يارىشا نۇرغۇن ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھازىرغا قەدەر يېتىپ كەلدى.[24]

بۇنىڭ شاھىدلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارى تۇردى ئاخۇن (1881 - 1956). ئۇ مۇزىكىنى سۆيىدىغان ئىلىملىك ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1950 - يىللاردا مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئۆزى چېلىپ ناخشىسىنى ئۆزى ئېيتالىغان. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن تۆت كىشى مەشھۇر خەلق سەنئەتكارلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇلار تۇردى ئاخۇن ئاكىسىنىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن، بوۋىسى قاۋۇل ئاخۇن، ئۇلۇغ بوۋىسى ھاشىم ئاخۇن ۋە كۆكەن بوۋىسى ئىبراھىم ئاخۇن. بۇ بەش ئەۋلاد ئۇيغۇر مۇزىكانت ئائىلىسى يەركەنت ئۇيغۇر خاندانلىقى (1514 - 1678) دەۋرىگە تۇتىشىدۇ.

(23) See *Uyghur on Ikki Muqam Häqqidä* [Regarding Uyghur Twelve Mukam] (Ürümchi: Xinjiang Khälq Näshriyati, 1992), pp. 342-47

(24) See *Täwarikhi musiqiyum* [The History of Musicians], written by Uyghur scholar Mulla Ismätulla Mujizi in 1854.

ئەگەر ئىبراھىم ئاخۇن تونۇلغان سەنئەتكار بولغان تەقدىردە، ئۇ چوقۇم ئۇيغۇر شائىرى، مۇتەپەككۇرى نىزامىدىن ئەلشىر ناۋايى (1501 - 1441) بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان بولىدۇ.[25]

نۇرغۇن مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئەلشىر نەۋايى شېئىرلىرىنى تېكىست قىلغانلىقى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈشى بولالايدۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكا مۇقام تېكىستلىرىنى بىۋاستە ئالدىنقى ئەجدادلىرىدىن ئۆگەنگەن. بۇ ھادىسە 16- ئەسىردىكى خانىش ئامانىساخانىنىڭ مۇقامنى رەتلىشىدەك جەمئىيەت ھادىسىسىنىڭ ئەڭ ياخشى شاھىتى بولالايدۇ. بۇ بەش ئەۋلاد خەلق مۇزىكانتلىرى بىزنى قىممەتلىك مۇزىكا مىراسلىرىنى ۋە لۇتفى، نەۋائىي قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلارنىڭ ھاياتى يوقاپ كېتىشكە ئاز قالغان ئامانىسا دەۋرىدىن 1950 - يىلىغىچە بولغان ئۇيغۇر سەنئەت تارىخىنىڭ زەنجىرىنى ئۇلىدى. 1954 - 1951 - يىللىرى مەشھۇر ئۇيغۇر سەنئەتكارى قاسىمجان قەمبىرى[26] (1956 - 1910) تۇردى ئاخۇن باشچىلىق قىلغان بىر تۈركۈم خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەشكىللەپ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندى[27]. بۈگۈنىمىزدە ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھازىرقى زامان مۇزىكىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

## تارىختىكى ئۇيغۇر دىنىي - ئېتىقاد كىملىكى

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت مىراسلىرىنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى - ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش. كۆپلىگەن ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە قولىيازمىلار توغرىسىدىكى ئانالىزلار دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى مۇھىم رولىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. كۈچلۈك دىنىي ئېتىقاد ۋە كۆپلىگەن كىشلەرنىڭ ئاكتىپ ھالدا قاتنىشىشى دىنىي پائالىيەتلەرنى بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل چوڭقۇر دىنىي خاراكتېرگە ئىگە مەدەنىيەتكە ئايلاندۇرغان.

(25) Äli Shir Nawayi was born in a Uyghur Bakhshi family in Herat; his father's name was Ghiyasidin Kichik. See *Uyghurlarda kilasik ädäbiya* [Uyghur Classic Literature] (Ürümchi: Xinjiang Yashlar-Ösmürlär Näshriyati, 1988), p. 351

(26) See *Xinjiang Tarikh Materyalliri* [Xinjiang Historical Materials] (Ürümchi: Xinjiang Khälq Näshriyati, 1990), 27: 200-11.

(27) Ämätjan Hämidi, "On Ikki Muqam Tarikhidiki Yengi Namayändä [New Discovery in Twelve Mukam History]," in *Uyghur on ikki Muqam häqqidä* [Regarding Uyghur Twelve Mukam] (Ürümchi: Xinjiang Khälq Näshriyati, 1992), pp. 458-77.

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر دىنىي ئېتىقادى تەلەپ قىلغان ۋە ئىختىيارىغا قويۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆنلۈك ھاياتتىكى ئىبادەتلەر مەخسۇس بەلگىلەنگەن ۋە بەلگىلەنمىگەن بارلىق سورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن: ئىبادەتخانا، بۇتخانا، مەسچىت ياكى كوچا قاتارلىقلار. دىنىي پائالىيەتلەر خەلقنىڭ ئەسلىدىكى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بېكىتىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر دىنىي ئۆرپ - ئادەت، مۇراسىملىرى خەلققە ئەڭ تونۇش بولغان ئىلاھى كىتابلارنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن. بۇلار قەيەر ۋە قانداق ۋاقىتتا ئىبادەت قىلىش، ئېتىقادنى قانداق ئىپادىلەش، دىنىي مۇراسىم، پەرھىز قائىدىلىرىنى قانداق ئېلىپ بېرىش، بالا - قازادىن پاناھ تىلەپ ئالللاھقا سېغىنىش ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەزى دەپنە مۇراسىمىدىكى قائىدىلەر ۋە ھازىرلىقلارنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى بەلكى مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىن ئىزدەش مۇمكىن. مەسىلەن: مەن ئۇيغۇرلار زېمىنىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن بۇ خىل دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىگە شاھىت بولالايدىغان 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە مومىيا توغرىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. ئەر جەسەت ئۇچىسىدىكى قىسقا چاپان، ئۇزۇن ئىشتان ھەممىسى سۇس سۆسۈن رەڭلىك يۇڭدىن ئىشلەنگەن ئىدى. ئايال جەسەت ئۈستىدە بولسا ئاچ قىزىل قوڭۇر رەڭلىك ياغلىق، ئۇزۇن كۆڭلەك، پۇتىدا رەڭلىك كىگىز پايپاق ۋە بۇغا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈك بار ئىدى. سېرىق رەڭدە سىزىلغان قوياشقا سىمۋول قىلىنغان بۇرمىسىمان شەكىللىرىنىڭ ئىزلىرىنى ئۇلارنىڭ يۈزىدە كۆرگىلى بولىدۇ. قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئىككى سۆڭەك قوشۇقتا يۇقۇپ قالغان، قۇرۇپ كەتكەن سېرىق سېغىز بوياق ئۆلگۈچى ئۆلگەندىن كېيىن يۈزىگە بۇ شەكىللەرنىڭ سىزىلىپ بويالغىنىغا گۇۋاھ بولالايدۇ. باشقا دەپنە بويۇملىرىدىن يەنە، گۈلخانىغا سىمۋول قىلىنغان يۇڭ يىپ تېپىلغان. يەنە بىر باغلام قومۇش قىزىل رەڭلىك يىپتا باغلىنىپ دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخى پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، مۇراسىم ۋە دىنىي قائىدىلەر ئۇيغۇر زېمىنىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.(28)

ئوتتۇرا ئەسىر دەۋردە، ئۇيغۇر زېمىنى خوتەندىكى 14 چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىدا

(28) Dolkun Kamberi, "The Three-Thousand-Year-Old Chärchän Man Preserved at Zaghunluq," *Sino-Platonic Papers,* No. 44 (January, 1994, Department of Asian and Middle Eastern Studies, University of Pennsylvania).

چوڭ تىپتىكى پائالىيەتلەر، يىغىلىشلار بۇددا بايرىمى مەزگىللىرىدە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. كىشىلەر چوڭ تىپتىكى بۇت ھەيكەللىرى ۋە بۇت سەنەملەرنىڭ ھەر خىل قىياپەتلىرى چۈشۈرۈلگەن مەدھىيە بايراقلىرىنى كۆتۈرۈۋالاتتى. ھەر ئىبادەتخانا مەلۇم بىر كۈننى تەبرىكلەش كۈنى قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، بايرام ئۇدا 14 كۈن قىزغىن داۋاملىشاتتى. بايرامغا پادىشاھتىن تارتىپ، ئاۋام خەلققىچە بارلىق كىشىلەر قاتنىشاتتى.

بۇ خىل ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ تەسىرىنى ھېلىمۇ ئۇيغۇر دىيارىدىن تاپقىلى بولىدۇ. بۇ خىل كۈلكە، ھەزىل خاراكتېرىدىكى كىچىك ئېپىزوتلار، خەلق دىراملىرى، ئويۇنلىرى، چوڭ تىپتىكى دىنىي بايرام ۋە باشقا مۇھىم مۇراسىملاردا يەنىلا ئوينىلىدۇ. ئەمما بۇرۇنقىغا قارىغاندا، زور دەرىجىدە قىسقارتىلغان ۋە كېمەيتىلگەن. بۇ خىل پائالىيەتلەر ياراتقۇچىغا بولغان ھۆرمەتنى بىلدۈرۈشتىن باشقا كۆڭۈل ئېچىش مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، پەقەت ئاز ساندىكىلەرلا دىنىي سورۇنلاردىكى يىغىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. بۇ پائالىيەتلەرنى كۆرگۈچىلەر ۋە باشقا ئۇچۇرلار بۇ پائالىيەتلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىشتىن باشقا ئالاھىدە مەنا بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

مىللەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق بىر دىن ئۇششاق تەركىبى قىسىملارنىڭ تەپسىلىي شەرھىنى ئىزاھلىماي تۇرۇپمۇ ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بىراق ھەر قايسى تەركىبى قىسىملارنىڭ ئۆلچەملىشىشى تەدرىجىي ھالدا بۇلارنى بىر خىل ئۆرپ - ئادەت شەكلىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى چەكلەنگەن ئىشلار ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش قاتارلىقلار تەپسىلىي شەرھلەش ھاجەتسىز بولغان ئىشلار قاتارىغا كىرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بەزى قائىدە يوسۇنلار ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ. بەزىلىرى ئۆز مەنىسىنى ساقلاپ قالىدۇ. قاتناشقۇچىلار ۋە دىققەت قىلغۇچىلار ھەممىسى ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە شەرھلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى. مەشھۇر بۇددا مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بولغان قىزىل، قۇمتۇرا، بېزەكلىك، سىڭگىم، مورتۇق ۋە باشقا بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى يادىكارلىقلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئەڭ دەسلەپكى گۇئاتاما بۇتىغا ئائىت قوليازمىلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىر تەخمىنەن (483 - 563 ) ئەتراپىدا تېپىلغان بولۇپ، ئەڭ قەدىمقى قوليازمىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. تۇنجى بۇددىزمغا ئائىت ماتېرىيال بولغان ئەڭ دەسلەپكى ھىندىستان تارىخى ماتېرىياللىرىدا ساقلانغان تاشقا ئويۇلغان يازمىلار ئاسوكا (273 - 232 بك) ئىمپېرىيەسىگە مەنسۇپتۇر. رەھىمدىللىكنى

تەرغىب قىلىدىغان "دھارما" سۆزى بۇددا دىنىدىمۇ ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ. بۇددا دىنىدا دىخارما بىر خىل مەجبۇرىيەت ۋە قىممەت قارشى. گۇئاتاما بۇددا ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ساكيا قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى سىدىخار ئىدى. ئۇنىڭ ئەمىر - مەرۇپلىرى پۇتۇنلەي بىراھمان دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا قارشى ئىدى. بۇددا دىنىنىڭ شەرھلىرى بۇددا ئۆلگەندىن كېيىنكى ھەر قايسى مەزھەپلەر تەرىپىدىن ھەر خىل يوسۇندا تەشۋىق قىلىنغان.

بۇددا دىنىنىڭ ئىككى مۇھىم مەزھىپى ھىنايا ۋە ماخايانا، بۇددا مۇرىتلىرى تەرىپىدىن ساكيامۇنى دېگەن ئىسىم يەنى ئۇنىڭ قەبىلە ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇددا رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا مايترىيە كەلگۈسىدىكى بۇددا.[29] بۇددا پەلسەپىسى دۇنيادىكى باشقا پەلسەپە ئېقىملىرى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇددا ھەمىشە مۇكەممەللىك، خاتىرجەملىك، بەخت، باي - باياشاتلىق، ئەركىنلىك، ئۈمىد بىلەن تولغان جەننەتتە دەپ سۈپەتلىنىدۇ. ئەگەر كىشىلەر بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلسا كەلگۈسىدە قايتا تۇغۇلىدۇ. تەقۋا بۇددا مۇرىتلىرى ھەر خىل ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق كەلگۈسىدە مايترىيا بۇددانىڭ ساخاۋىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇددا مايترىيا ھەققىدە يېزىلغان رىۋايەت، ئەپسانە، شېئىر، سۇترا، قىسسىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ تېپىلغان بولۇپ، مايترىيا ھەققىدىكى يازمىلار ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۇيغۇرلار ئارقىلىق تارقالغان.

مايترىيا كەلگۈسى بۇددا ساكيامۇنىدىن قالسا ئەلگە مەشھۇر، ئەڭ ئۇلۇغ بولغان شەخستۇر. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر قولىيازمىلىرىدا 7 - 8 - ئەسىرلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. لېكىن ئارخېئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مايترىغا ئىشىنىش مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىلا ئۇيغۇرلار زېمىنىدا ئەۋج ئالغان. مايترى ھەققىدە مول ئەپسانە -رىۋايەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىياغا كەڭ تارقالغان. بارلىق بۇددا راھىبلىرى شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى، مايترىنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ بارلىق جانلىقلار ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلىدۇ ۋە ئادىللىق، تىنچلىق، ساپلىق، بەخت، ھەقىقەت ئورنىتىلىدۇ.[30]

«ھەر قانداق بىر دىن، مەدەنىيەت، خەلق كەلگۈسىنى ئۆتمۈشكە ئاساسلىنىپ پەرەز قىلىدۇ. كەلگۈسىنى ئۆتمۈش بىلەن خاراكتېرلەيدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ھازىرقى

(29) W. Zwalf, ed., *Buddhist Art and Faith* (London: British Museum Publications, 1985), pp. 9-16, 26, 32.

(30) *Maitrisimit* (Urumchi: Xinjiang Reming Chubanshe, 1988), p. 1

مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە تەسىر كۆرسەتتى.[31] بۇددىزم ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئىدىيئولوگىيەسى، قىممەت قارىشى، سەنئىتىگە تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇددىزم ئۇيغۇرلار يۇرتى ئارقىلىق خىتايغا تارقالدى ۋە ھىندىستاندىكى رەھىمدىللىك تەلىماتى خىتاي بۇددىزم ۋە سەنئىتىدىكى بىر ئېقىمغا ئايلاندى.

ئۇيغۇرلار تارىخىدا بۇددىزمدىن باشقا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانى دىنى 3 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئىرانلىق مانى (276 ياكى 274 - 216) تەرىپىدىن زوروئاستېريان، بۇددىزم، خىرىستىئان دىنلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق يارىتىلغان. تەبىئەتتىكى ئىككى زىتلىق بولغان يورۇقلۇق (ياخشىلىق) ۋە قاراڭغۇلۇق (يامانلىق) نىڭ مۇناسىۋىتى مانى دىنىنىڭ مۇھىم دىنىي پەلسەپىسى ئىدى. بۇ دىن ساسايان ئىمپېرىيەسىدە شاپۇ I (272 - 241) ئاد) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بەھرامI (273 - 293)) تەرىپىدىن كۇفرىلىق دەپ قارىلىپ، چەكلەنگەن ۋە مانى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. مانى ھايات ۋاقتىدا ۋە ئۇنىڭ ھاياتىدىن كېيىنكى قىسقا مەزگىلدە مانى دىنى مىسىر، سۇرىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىغا، كېيىنرەك ياۋروپاغا تارقالغان.[32]

خىتاي مەنبەلىرىگە قارىغاندا، مانى دىنى مىلادىيە 762 - يىللىرى ئەتراپىدا ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان. تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر مانى دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. مانى ئىككى خىل قارىمۇ - قارشىلىق پرىنسىپىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. قاراڭغۇلۇق - يورۇقلۇق، ياخشىلىق - يامانلىق، ماددىي دۇنيا، بولۇپمۇ ئىنسان ۋۇجۇدى قاراڭغۇلۇققا يېقىن. ئۇ ۋاقىت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا ياخشى - يامانلىق ئايرىلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا بىر - بىرىگە كىرىشىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا تولۇق ئايرىلىدۇ. ئىنسان پەقەت 2 - باسقۇچتا تۇرغاندىلا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئىنسان ئۆزىنى ماددىي دۇنيادىن يىراق قىلىشى كېرەك. 3 - باسقۇچقا يەتكەندە روھى پاكىزلىققا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ۋاقىت كەلگەندە، ئىنسان ئۆزىنى قاراڭغۇلۇقتىن ئازاد

(31) Alan Sponberg and Helen Hardacre, eds. *Maitreya, The Future Buddha* (Cambridge: Cambridge University Press, 1988), p. 1.

(32) Ren Ju Yu, *Zong jiao Zi dian* [Religious Dictionaary] (Shanghai: Shanghai Ci Shu Chu Ban She, 1981), p. 1140.

قىلىپ، يورۇقلۇققا ئېرىشىدۇ. ماددىي دۇنيادىن ئۆزىنى ئازاد قىلالمىغانلار قاراڭغۇلۇققا چۆكىدۇ، مانا بۇ مانى دىنىنىڭ ئاساسىي نەزىرىيەسى.[33]

تارىختىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاتىنى خۇلاسىلىغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادى 960 - يىلى سۇلتان سۇدۇق بۇغرا خان زامانىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇ دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھېسابلىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام كىملىكىگە مىڭ يىلدىن ئاشقان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (بۇ ماقالە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامى كىملىكى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمايدۇ).

## ئۇيغۇر تارىخىي كىملىكى

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ باتۇر ئەجدادلىرى ئەڭ قەدىمقى تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلق بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى مىڭ يىلدىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى يىپەك يولىغا ئىز سالغان قەدىمكى خەلقتۇر. بۇ تېررىتورىيە كېيىن ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى نامى بىلەن تونۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئائىت تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار مىس ۋە تۆمۈر قورال دەۋرىدىن يېقىنقى زامانغىچە بولغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ مەدەنى يادىكارلىكلىرى قېزىپ چىقىلدى. مىلادىيە 605 - يىللىرىدا ئەڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر خاقانى تارىخى سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن، دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى كۆچمەنلەر ۋە سودا تىجارەت ئۈچۈنلا قوللىنىپ قالماستىن، غەرب شەرق ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇرىستان يىپەك يولى ئۆتىدىغان مۇھىم رايون بولغان ئىدى.

مىلادىيە 757 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ئەن لۇشەن توپىلاڭ قوزغىدى ۋە ئۆز ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. مىلادى 744 - يىلى ئۇ 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە يولدا تاڭ سۇلالىسى شەرقىي پايتەختى لوياڭنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىنى ئىمپېراتور (756 - يىلى يەن سۇلالىسى) دەپ ئاتىدى. تاڭ سۇلالىسى قوماندان گاۋ زىيى قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، توپىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. ئەن لۇشەن چاڭئەننى بېسىۋالدى. پادىشاھ شۈەنزاڭ سىچۈەنگە

(33) Dolkun Kamberi, “The Study of Medieval Uyghur Drama and Related Cultural Phenomena: From *Maitrisimit* to *Qutadghu BIlik*, ca. 767-1069 A.D.” [Ann Arbor: UMI Company, 1995]).

قېچىپ كەتتى. ئوغلى شاھزادە لىي خىڭ، پادىشاھ سۇزۇڭ (756 - 762) غەربىي شىمالدىكى شەنشىگە قېچىپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىقى ئۇيغۇر خاقانى بۆگۈ تەڭرىقۇتقا تاڭ مەلىكىنى خوتۇنلۇققا بېرىش، قوشۇمچە 10،000 توپ يىپەك بېرىش ۋە كەلگۈسىدە ئات - يىپەك ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى شەرتنامىگە بىرلىكتە ئىمزا قويۇش بەدىلىگە توپىلاڭنى تىنجىقتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندۇ.[34]

ئۇيغۇرلار ئىككىنچى قېتىم مىلادىيە 762 - يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بەرگەن. باشقا بىر ھەربىي ئەمەلدار شى سىمىڭ (سۆيگۈن) تاڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققاندا. ئۇ قوشۇننى باشلاپ، خېبېيدىن يولغا چىقىپ، جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى شەرقىي پايتەختى لوياڭنى ئىشغال قىلىش بىلەن بىرگە، مۇھىم شەھەرلەردىن خېياڭ، خەيجۇۋ قاتارلىقلارنى بېسىۋالىدۇ. ئۇ يەنە بىر قېتىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچىنى تار- مار قىلىپ، تاڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى بېسىۋالغىلى قىل قالىدۇ. يېڭى پادىشاھ دەيزۇڭ دەرھال ئۇيغۇرلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر خاقان تەڭرى بىلگە بۆگۈ خاقان شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ، تاڭ زېمىنىغا يۈرۈش قىلىدۇ. شى سىمىڭنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇ بېسىۋالغان تاڭ زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئېلىپ بېرىدۇ. تاڭ پادىشاھىنىڭ ئىككى پايتەختىنى قايتا قۇرۇشىغا ياردەم قىلىدۇ. لېكىن تاڭ سۇلالىسى مەلىكە ئەۋەتكەندىن سىرت، سودا كېلىشىمىگە رىئايە قىلمايدۇ. ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى ھالاك بولغان شۇ مەزگىلگىچە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇيغۇرلارغا ساناقسىز يىپەك قەرزى بار ئىدى.

خىتاي تارىخى مەنبەلىرىدە، بۇ تارىخى ھادىسىلەر توغرىلىق نۇرغۇن خاتىرىلەر يېزىلغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى مۇنداق يېزىلغان: «ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن يۈز يىلدىن ئارتۇق تىنچ ياشىدى.» يەنە بىر تاڭ سۇلالىسى ئەلچىسى، تىبەت قوماندانى شاڭچىنىرگە مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلار خاندانلىقىمىزنى بالا - قازادىن ساقلاپ قالدى. بىر غېرىچمۇ يېرىمىزنى بېسىۋېلىش غەرىزىدە بولمىدى. ئۇيغۇر - تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئات - يىپەك ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا سودا كېلىشىمى بار ئىدى. بۇ سودا كېلىشىمىدە ئۇيغۇر خانلىقى دائىم قەرز بەرگۈچى، تاڭ سولالىسى بولسا

(34) Turghun Almas, *Uyghurlar* [The Uyghurs] (Ürümchi: Xinjiang Yashlar-Ösmürlär Näshriyati, 1989), pp. 681-700. See also *Jiu Tang shu*, Juan 217, *Huigu Zhuan* (Beijing: Zhonghua Shujiu, 1972).

دائىم قەرزدار ئىدى[35]. بۇنداق ئەھۋال تا ئۇيغۇر خانلىقى يىقىلغىچە داۋاملاشتى.»

مىلادىيە 840 - يىلىدىن كېيىن، ھۆكۈمران، ئىچكى - تاشقى سىياسىي زىددىيەتلەر، تاشقى جەھەتتىن قىرغىز ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ سىياسىي كۈچى زور دەرىجىدە خورىدى. تاڭ ئوردىسىدىكىلەر ئۇيغۇرلار كۈچلۈك ۋاقتىتا ئۆزلىرىگە ئىككى قېتىم قانداق ياردەم بەرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ قەرزلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلۇش مەقسىتىدە قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا باشلىدى. تاڭ سۇلالىسى قىرغىزلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تەپرىقچىلىك سېلىپ قويدى. تاڭ زېمىنىغا كىرمەكچى بولغان ئۇيغۇرلارغا چېگرانى ئېچىپ بەرمىدى.[36] ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىنى ئۇنتۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. مىلادىيە 843 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئىچىدىكى ئۇيغۇر مانى مۇرىتلىرىنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. مانى دىنى كىتاب، رەسىملىرى ئوچۇق كۆيدۈرۈلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى پايتەختىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرۈشى بۇيرۇلدى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى پەرمانىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھازىر ئۇيغۇرلار پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى تېزراق ھەم مەڭگۈ يوقىتىۋېتىش كېرەك.»[37]

نەتىجىدە ئۇيغۇر خانلىقى غۇلاپ چۈشتى. بۇ تارىخى ئۆزگىرىش شۇ زامانىدىكى ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى بىراق مەركىزى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يوقۇلۇشىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق شەھەرلىشىش تارىخىغا ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى مەدەنىيەتكە، نۇرغۇنلىغان قابىل كىشىلەرگە ئىگە ئىدى.

ئۇلار ئۆز رايونى ۋە سىرتىدا ئۆز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەتراپتىكى باشقا رايونلار تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان. ئۇيغۇرلار مەركىزى كۈچىنى باشقا رايونغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار يەنىلا ئەتراپتىكى رايونلاردا سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت تەسىر كۈچى بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختنى كۆچۈرۈشى ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي ئېلىپ بېرىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ

(35) Feng Jiashen, Mu Soulo, and Mu Guang wen, *Weiwuer Zu Shilao Jianbian* [A Brief History of the Uyghurs] (Beijing, 1955), p. 15.

(36) Turghun Almas, *Uyghurlar* [The Uyghurs] (Ürümchi: Xinjiang Yashlar-Ösmürlär Näshriyati, 1989), pp. 681-700.

(37) See Denis Sinor, *Inner Asia* (Bloomington: Indiana University Publications, 1969), p. 117

ھازىرقى ئۇيغۇرلار رايونىغا كۆچۈپ كېلىشى توغرىلىق تارىخى ھادىسىلەر خىتاي تارىخ كىتابلىرىدىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ؛ لىكىن تەتقىقاتچىلار تارىخى ماتېرىياللاردىن ئۇيغۇرلار قىرغىزلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن كۆچۈپ، شۇ رايونلارغا كىرگەندە يەرلىكلەر بىلەن ئۇرۇشقان دەيدىغان ھېچقانداق ئىسپات تاپالمىدى.

ئۇيغۇرلار مەركىزى كۆچى ۋە خەلقنى ھازىرقى ئۇيغۇرلار رايونىغا يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن، قاراخانىيلار ئۇيغۇر خاندانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇرغان. ئۇلار ھازىرقى ئۇيغۇر رايونىنىڭ جەنۇب ۋە شەرق تەرىپىدە ئۆز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇلار مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ رايوننى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەنە بىر قىممەتلىك مەدەنىيەت مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىققان. بۇ تاكى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىغا قەدەر داۋاملاشقان.

چىڭگىزخان 13 - ئەسىردە، (1225 - 1219) ياۋرو - ئاسىيانى بويسۇندۇرىدۇ. بۇ ئۇرۇش سان - ساناقسىز شەھەر، مەدەنىيەت، مەدەنىي مىراسلارنى ۋەيران قىلدى. ئۇيغۇرلار باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىگە ئوخشاش موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشى تەسىرىدە سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇرلار مىلادىيە 960 - يىللىرى ئەتراپىدا ئىسلام دىنىغا مىللەت بويىچە كىرىش ئارقىلىق ئىدېئولوگىيە جەھەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ. لېكىن مەيلى خەنزۇ ياكى پارس ۋە ياكى ئەرەب، موڭغۇللار ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلالمىغان. ئۇيغۇرلار 13 - 14 - ئەسىرلەردە ئۆزىگە خاس پەرقلىق مەدەنىيەتنى ساقلاپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى توغرىسىدا توختالغان تەتقىقاتچى توماس فرانكس كارتەر ۋە ل.كارىرىگتون گوئودرىچ تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېنىقكى موڭغۇل ئۇرۇشلىرى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۆگمەس ئېقىنلىرى قۇرۇپ كېتىشۋاتقاندەك بىلىنەتتى. چۈنكى 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە ئائىت تارىخى ماتېرىياللار ئىلگىرىكىدەك كۆپ تېپىلمايتتى. 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 14 - ئەسىرنىڭ بېشىغا ئائىت تېپىلغان ئىنتايىن قىممەتلىك باسما ماتېرىياللىرىنى تېپىپ چىقتۇق. چۈشىنىشىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان ۋە بۇ دەۋر تېزلا ئاياغلاشقانىدى. بۇلارنى ئەمدى پەقەت دۆنخۇاڭ ۋە ئۈنگدىن ئىلگىرىكى يادىكارلىقلاردىنلا كۆرۈش

مۇمكىن. بۇ يازمىلار ئەسىر بويى گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شاھىتى ئىدى. بولۇپمۇ 8 - 9 - ئەسىرگە ئائىت ماتېرىياللار شۇ زامانلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىگە گۇۋاھ بېرىپ تۇراتتى.»[38]

نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قوغداش ۋە مەدەنىيەت كىملىكىنى ساقلاپ زاماندىن - زامانغا ئۇلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان. مىلادىيە 7 - ئەسىردىن 12 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن تۇنيۇقۇق يولا تېكىن، زاكاك باغان، تەڭرى بۆگۈ ئەل بىلگە، سىڭقۇ سالى، چۇ تاشياقان، پىركاندا كىشت، قىقى قورسا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى، بارچۇق ئارت، ئەھمەد يۈكنەكى، كېيىنكىلەردىن ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ئەلشىر نەۋايى قاتارلىقلار بۇلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ، ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ساقلاش ئۈچۈن، مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلارنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ھېلىھەم ساقلانماقتا.

تارىخشۇناسلارغا ئايانكى، نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار تېخى بايقالمىدى ۋە بايقالماسلىقى مۇمكىن. نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەشھۇر رەھبىرى ئارسلانخان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، تارىختا ھەتتا قەبرىسى چاغلىق بىر نەرسە قالمىغان. ئۇلارنىڭ نامى ۋە ئىش - ئىزلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى تەرىپىدىن ھېلىھەم ئەسلىنىپ، خاتىرىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىر مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى توغرىسىدا مۇنداق بىر شېئىر يازغان بولۇپ، بۇ شېئىر ئۇيغۇر تارىخىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپقالدى ئەنە نەۋرىمىز.
ئاز ئىدۇق مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
قالدى ئىز چۆللەر ئارا گاھى داۋانلاردا يەنە،

(38) Thomas Francis Carter and L. Carrington Goodrich, *The Invention of Printing in China and Its Spread Westward*, 2nd edition (New York: Ronald Press Company, 1988), pp. 143-44.

قالدى نى نى ئارسلانلار دەشت چۆلدە قەبرىسىز،
قەبرىسىز قالدى دېمەك يۇلغۇن قىزارغان دالىدا ،
گۇل - چېچەككە پۇركىنۇر تاڭلا باھاردا قەبرىمىز.
قالدى ئىز قالدى مەنزىل قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.
توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى ھېچبولمىسا بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز يا ئەۋرىمىز!

بۇ شېئىر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئىخچام ئىزاھلىنىشى بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ داۋاملىق گۈللەپ ياشناپ كېلىۋاتقان ھالىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

**ئۇيغۇر رايون كىملىكى**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار زېمىنى «ئۈچ تاغ ئارىسىدىكى ئۈچ ئويمانلىق « دەپمۇ ئاتالغان. تەڭرىتېغى ئۇيغۇر زېمىنىنى ئىككى تەبىئىي جۇغراپىيەلىك رايونغا بۆلۈۋەتكەن. شىمالدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە جەنۇبتىكى تارىم ئويمانلىقى مەشھۇر ئىككى ئويمانلىقتۇر. تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قۇمۇل رايونى تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. دۇنخۇاڭ بۇددا غارلىرىغا ئىنتايىن يېقىن. تارىم ئويمانلىقى تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ بويىغا جايلاشقان. ئومۇمي كۆلىمى 320مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر يۇتقان، ئاقپىل، توققۇز ساراي، نىيە، كىرورەن، لەلىئەللىك سۇبېشى، مىرەن خارابىلىرى تەكلىماكان ئاستىغا كۆمۈلگەن. ئومۇمي ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىر كېلىدىغان تارىم دەرياسى تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭىپ كىرىدۇ. دەريانىڭ ئىككى تەرىپى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ خاسلىققا ئىگە پارلاق مەدەنىيەت يارىتىدىغان جايىغا ئايلانغان. ئۇيغۇرلار تەكلىماكاننى بارسا كەلمەس ماكان، دەپ ئىشىنىدۇ. تەكلىماكان دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەنىسى ”تەكلىك ماكان“ تارىم دېگەن سۆز ”مۇنبەت زېمىن ” دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈش سەۋەبىدىن تەڭرىتېغى ئۇيغۇر بوستان مەدەنىيىتى شىمال - جەنۇب ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن بولۇپ، شىمال ۋە جەنۇب ئۇيغۇرلىرىنىڭ

دىئالىكتلىرىدىكى قىسمەن پەرقلەر بۇ خىل ئايرىلىشنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، مول تەبىئىي بايلىققا ئىگە. بۇ رەڭلىك مېتال، مىنراللار، ئالتۇن، كۆمۈش، نېفىت، گاز ۋە مول چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجلىق بولغان ئوتلاق يايلاق بايلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈزۈمزارلىق، باغ - ۋاران، ئورمانلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ كىلىماتى ۋە مۇنبەت تۇپرىقى ئۇيغۇر رايوننى مەشھۇر مېۋە ماكانىغا ئايلاندۇرغان.

## خۇلاسە

ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلار ۋە تارىخى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، ئۇيغۇرلار زېمىنى ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسيا ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك. دۇنيادا ئىنتايىن ئاز ساندىكى جايلاردىلا ئۇيغۇر ئېلىدىكىدەك كۆپ خىل دىن، تىل، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت مەۋجۇت. شامانىزم، بۇددىزم، مانىزم، نەستۇرائىزىم ۋە ئىسلام بۇ زېمىندا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گۈللەپ ياشنىغان. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان خەلق. ئۇلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسيا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. مىلادىيە 10 - ئەسىردىن باشلاپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتۇر.

ئۇيغۇر كىملىكىنى، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم دېتاللارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى چۈشەنچەمنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىش ئوتتۇرا ئاسيا مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. ئوتتۇرا ئاسيا مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىق ئاسيا مەدەنىيىتىنى، ئاسيا مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىق پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىق بىلەن باراۋەردۇر. باشقا مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىش، دۇنيانىڭ ئەڭ پارلاق مەدەنىيەتلىرىدىن بىرىنى ۋەيران قىلغانلىقتۇر. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قۇتقۇزۇش ئوتتۇرا ئاسيا ھەتتا ئاسيا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا مەدەنىيىتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقتۇر.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ ھازىرغىچەئوخشىمىغان 8 خىل يېزىق

سىستېمىسىنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

1 - براهما يېزىقىI

2 - براهما يېزىقى II

3 - ئۇيغۇر رونىك يېزىقى

4 - ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىقى


5 - ئۇيغۇر سوغدى ۋە مانى يېزىقى


6 - ئەرەب ، پارس ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان چاغاتاي يېزىقى

7 - هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى


8 - رىم ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى

بۇ يېزىقلارنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئاخىرىدىكى قوشۇمچە مەزمۇنغا قاراڭ.





Brahmi Script-II



Uyghur, Sogdian and Manichaean Scripts





Uyghur Runic Script





Medieval Uyghur Script





Uyghur-Chaghatay Writing System
ENDING MIDDLE PREFIX CAPITAL
a ELIP
b BÄ
p PÄ
t TÄ
th THÄ
j JIM
ch CHIM
ḥ ḤÄ


ENDING MIDDLE PREFIX CAPITAL
ÄYIN
gh GHÄYIN
f FÄ
q QAP
g. k KAP
g (persian) GAP
l LAM
m ḤIM
n RUN
w, v, o, u, ö, ü, WAW
ḥ ḤÄ


ENDING MIDDLE PREFIX CAPITAL
YA
ng NGA




# Bibliography


Bacon, E. E. *Central Asians under Russian Rule: A Study in Culture Change.* Ithaca and New York: Cornell University Press, 1966.

Bailey H. W. *The Culture of the Sakas in Ancient Iranian Khotan*. New York: Caravan Books, 1982.

Bang, W. *Türkische Turpan Texte.* Berlin: Akademie-Verlag, 1929-1931.

Barthold, V. V. *Four Studies on the History of Central Asia.* Second printing. Vol. I, Vol. 2, Vol. 3. Leiden: E. J. Brill, 1963.

_____. *Turkestan down to the Mongol Invasion,* E. J. W. Gibb Memorial Series, N. S. vol. V. London: Gibb Memorial Trustees, 1968.

Bhattacharya, Chaya. *Art of Central Asia*. Delhi: Agam Prakashan, 1977.

Bombaci, A. *The Literature of the Turks.* Trans. into English by Kathleen R. F. Burrill. 1969.

Browne, G. Edward. *A Literary History of Persia.* Cambridge University Press. Vol. 1, Vol. 2, Vol. 3, 1956; Vol. 4, 1959.

Grousset, Rene. *The Empire of the Steppes: A History of Central Asia.* New Brunswick, N. J.: Rutgers University Press, 1970.

Härtel, Herbert, and Marianne Yaldiz. *Along the Ancient Silk Routes: Central Asian Art from the West Berlin State Museums.* New York: Metropolitan Museum of Art, 1982.

*Hudud Al-'Alam.* Trans. V. M. Minorsky. Second edition. London, 1970.

Jovaini. '*Ala al-din 'Ata-Malik: The History of the World Conqueror.* Trans. J. A. Boyle. 2 vols. Manchester, England: Manchester University Press, 1958.

Kamberi, Dolkun. "Bezeklik Ming Öyliridin Tepilghan Qädimqi Yadikarliqlar [The Ancient Manuscripts Unearthed in Bezeklik]." In *Jahannamä*, pp. 664-70. Ürümchi: Xinjiang Khälq Näshriyati, 1988.

_____. *Discovery of the Taklimakanian Civilization during a Century of Tarim Archeological Exploration (ca. 1886-1996).* Institute for the Study of Man, 1998.
_____. *Gudai Gongyi* [Ancient Handicrafts and Arts]. Shinkyo Hakubutskan [Xinjiang Bowuguan]. Tokyo: Asahi Shinbun Shuppansha. Chinese edition: Xinjiang Bowuguan. Beijing: Wenwu Chubanshe, 1991.
_____. "Gudai Kunlun Yuanshi Yishu Qiguan [Wonders of Ancient Qurum Primitive Art]." *Xinjiang Yishu*, 6: 26-33, 1986.
_____. "The Study of Medieval Uyghur Drama and Related Cultural Phenomena: From *Maitrisimit* to *Qutadghu BIlik*, ca. 767-1069 A.D." Ann Arbor: UMI Company, 1995.
_____. "A Survey of Uyghur Documents from Turpan and Their Importance for Asian and Central Eurasian History." *Central Asian Survey*, vol. 18, no. 3. 1999.
_____. "Talimu Nanbu Faxian Sanqiannian Qian de Gushi [The Discovery of the Three-Thousand-Year-Old Mummies in the Southern Tarim]." *Wenwu Tiandi* [The Realm of Cultural Relics], 1987.
_____. "The Tarim Basin Mummies and China's Ancient Täklimakanian Civilization." *The Newsletter of the University of Pennsylvania Museum of Archaeology and Anthropology,* spring 1996.
_____. "The Three-Thousand-Year-Old Chärchän Man Preserved at Zaghunluq." *Sino-Platonic Papers,* No. 44, January, 1994. Philadelphia: Department of Asian and Middle Eastern Studies, University of Pennsylvania.
_____. "Xinjiang de Gudai Minzu he Weiwuer Zu de Qiyuan [The Ancient Inhabitants of Xinjiang and the Origin of Uyghurs]." In *Weiwuer Zu Jianshi* [A Brief History of the Uyghurs], pp. 1-25. Ürümchi: Xinjiang Renmin Chubanshe, 1991.
_____. "Xinjiang Yeqinqi Zaman Arheologiyisi wä Qeziwelinghan Qädimqi Yeziqlarni Qisqichä Tonushturush [Introduction to Contemporary Xinjiang Archeology and Unearthed Ancient Writing Systems]." *Xinjiang Ijtima-i Pänlär Tätqiqati*, 1: 60-70 Ürümchi, 1984.
Knobloch, E. *Beyond the Oxus: Archaeology, Art and Architecture of Central Asia.* London and Totowa, N. J.: Rowman and Littlefield, 1972.
Mackerras, Colin. *The Uyghur Empire (744-840), According to the T'ang Dynastic Histories.* University of South Carolina Press, 1972.
MacMurray, John. *The Structure of Religious Experience*. London: Archon Books, 1971.
Mair, Victor H. The Contributions of T'ang and Five Dynasties Transformation Text to Later Chinese Popular Literature. *Sino-Platonic Papers,* No. 12, August, 1989. Philadelphia: Department of Asian and Middle Eastern Studies, University of Pennsylvania.
McGovern, W. M. *The Early Empires of Central Asia.* Chapel Hill: University of North Carolina, 1939.
Muhammad Haydar Dulat, Mirza. *A History of the Moghuls of Central Asia (Tarikhi Rashidi).* Trans. Denison Ross. New York: Barnes and Noble. Republished 1972.
Sinor, Denis. *Inner Asia and Its Contacts with Medieval Europe*. London: Variorum Reprints, 1977.
______, ed. *The Cambridge History of Early Inner Asia.* New York and Cambridge: Cambridge University Press, 1990.
Vambery, Armenius. *Travels in Central Asia.* London: J. Murray, 1864.

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

# 20- ئەسىردىكى تۇنجى « ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش دەۋر شارائىتى

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمىي خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تارىخىنى ياراتقان باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت غەزىنىسىگە ئىگە مىللەت. مەشھۇر تۈركولوگ ۋ.ۋ. رادلوف بۇنىڭدىن 120 يىل ئىلگىرى «ئۇيغۇرلار قەدىمىي تۈركىي خەلق بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان يىراق غەربتىكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ئىنتايىن كۆپ سانلىق تۈركىي خەلقتۇر» [1] دەپ تەكىتلىگەن ئىدى.

قەدىمىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دۆلەتچىلىك ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇلۇشى ۋە شەكىللىنىشى مەزكۇر رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ھەم راۋاجلىنىشى شۇنىڭدەك مەزكۇر رايوننىڭ سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى [2].

مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتچىسى ئا.ن. بېرنىشتامنىڭ يەكۈنىچە، ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبى موڭغۇلىيە يايلاق رايونى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي سىبىرىيە، تەڭرىتاغ رايونى، يەتتىسۇ، پەرغانە ۋادىسى قاتارلىق كەڭ جۇغراپىيىلىك ماكان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر [3].

(1) Radlov.V. K Voprosu Ob Ujgurakh ( Uyghurlar mesilisige dair)- Sankitpétérburg. 1883-yili, 19-20-betler. ( Rusche)

(2) Abduréhim Tursun. Filosofskie Mysli Uygorov Rannego Srednevekovie ( Deslepki Ottura esir Uyghurlirining pelsepiwi pikirliri ). Bishkek, Ilim Neshiriyati, 2002-yili, 5-bet .( Rusche)

(3) A.N. Bérnshtam. Uyghurlarning Qedimki we ottura Esir Tarixining qissiliri, 195q-yili,Almuta. << Qazaq Eli >> Neshiriyati. 267-268–bet ( Uyghurche )

ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش تەرەققىيات تارىخىنى تەڭرى تاغ رايونىنى مەركەز قىلغان قەدىمكى تارىم ۋە جۇڭغارىيە ۋادىلىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇ تۇپراقلاردا ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ياشىغان بولۇپ، قەدىمكى تارىم -تۇرپان ۋادىلىرىدىكى ئولتۇراق ھاياتتىكى شانلىق شەھەر مەدەنىيىتى ياراتقان خەلقلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ قەدىمي شەھەر ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ياراتقان تارىم-تۇرپان ۋادىلىرىنىڭ قەدىمي ئاھالىسىنىڭ بىۋاستە ئانتروپولوگىيىلىك ۋە مەدەنىيەت ۋارىسلىرى بۈگۈنكى شۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تارىم - جۇڭغارىيە ۋادىلىرىدىكى ئولتۇراق ۋە كۆچمەن ھاياتتىكى قەدىمكى قەبىلىلەر مىلادىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىلا قەدىمي دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسى ياراتقان بولسا، مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇزۇن بىر مەزگىل ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسي خەرىتىسى ئىچىدە بولدى. ھون ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت تۇرۇش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھېسابلىنىدىغان قانقىللار 5- 6-ئەسىرگە كەلگەندە تارىم-تۇرپان ۋادىسىدا قانقىل دۆلىتىنى قۇرۇپ، رايوننىڭ سىياسي سەھنىسىدە بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەڭرى تاغ رايونىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ خەلققە ئايلانغان ئىدى. 8-6-ئەسىرلەردە ئۇيغۇر دىيارى كۆك تۈركلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. 8-ئەسىردىن 9-ئەسىرغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭغارىيە، تارىم ۋادىلىرى ، چۇي ۋە پەرغانە ۋادىلىرى موڭغۇلىيىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى مەركەز قىلغان ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ يادرولۇقىدىكى شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاساسلىق رول ئوينىغان ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق خەرىتىسى ئىچىدە بولدى.

مەلۇمكى، 9-ئەسىردە ئورخون ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تۇرپان ئويمانلىقىغا، قاراشەھەر ۋە كۇچارغا كۆچۈپ بارغان شەرقىي ئۇيغۇرلار قەدىمي دەۋرلەردىن تارتىپ تەڭرى تاغ بويلىرىدا ياشاۋاتقان ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولغان غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلەشكەن ھەم 9-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يېڭى مەملىكەت - تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنى قۇردى. تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتىدا بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ [4] . ئەنە شۇ دەۋردە شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىپ، رايوندىكى ئەڭ كۆپ ئېتنىك تەركىبكە ۋە ھەربىي كۈچكە ئايلىنىش نەتىجىسىدە شەرقتە چوغاي تاغلىرى بويلىرىدىن تارتىپ، غەربتە پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتىسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ جۇغراپىيىلىك ماكاندا قاراخانىيلار سۇلالىسى، تۇرپان ئىدىقۇتلۇق، گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت قۇرۇپ، ھەر خىل سىياسىي، ئېتنىك ، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى ئۈستىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن سىياسىي سەھنىدىن چۈشتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە تارىم ۋادىسىنىڭ قەدەممۇ-قەدەم ئىسلاملىشىشى، بۇ رايوندا ئورتاق تۈرك مىللىي ۋە سىياسىي كىملىكى ئاساسىدىكى دۆلەت چۈشەنچىلىرىنىڭ كۈچىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرلەردە كۈچار رايونىنى پاسىل قىلغان تۈركىي-ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر ۋە تۈرك سىياسىي كىملىكى بىلەن پەرقلەندۈردى. تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئېتنىك نامىنى سىياسىي كىملىك بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان بۇددىزم ۋە مانىخېيزىم ھەتتا نېستورىئانىزم ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا ئورتاق تۈرك ئېتنىك كىملىكىگە قارشى تۇرمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېتنىك نامىنى ئۆز دۆلەت نامى بىلەن تەڭ ساقلاپ، ئۇنى ھەم ئېتنىك، ھەم سىياسىي كىملىك سۈپىتىدە داۋاملاشتۇردى. بىراق، قاراخانىيلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ ئۇيغۇر-تۈركىي قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئورتاق تۈرك مىللىي ۋە سىياسىي كىملىكى ھەم مۇسۇلمان دىنىي كىملىكى ئاستىغا ئۇيۇشتى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر ئېتنىك نامى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان كۈچارنىڭ شەرقىدىكى كەڭ جايلارغا تارقالغان ئۇيغۇر-تۈركىي قەبىلىلىرىگە ۋەكىللىك قىلدى. 14-ئەسىردە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ تولۇق تارىخ سەھنىسىدىن چۈشىشى ۋە 15-ئەسىردە بۇ جاينىڭ ئىسلاملىشىشى ، تەخمىنەن 16-ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇمۇلغىچە بولغان رايونلاردىكى ئىسلاملىشىشنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكى بۇ رايونلاردىمۇ قەدەممۇ-قەدەم ئىستېمالدىن قېلىپ، خۇددى تارىم ۋە پەرغانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىدىكىگە ئوخشاش «مۇسۇلمان» كىملىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر ئېتنىك نامى بولسا، بارا-بارا

(4) Narinbayév A.I . Qedimki we Ottura Esir Uyghurlirining Ijtimaiy Tepekkür Tarixidin. Bishkek. 1994-yili, 65-66-betler, ( Rusche)

شەرقىقە سۈرۈلۈپ، تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرەپلىرى ۋە گەنسۇ رايونىدىكى بۇددىزم ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ساقلىنىپ قالدى.[5]

ئەلۋەتتە، بۇ دېگەنلىك ئۇيغۇر نامى تارىم ۋە تۇرپان ۋادىلىرى ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالدى دېگەنلىك ئەمەس، مەزكۇر ئېتنىك نام يەنىلا خەلق ئىچىدە داۋاملىق ساقلىنىپ كېلىندى دەپ ئېيتىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن 13-ئەسىردىكى چىڭگىزخان يۈرۈشلىرى دەۋرىگە ئائىت خىتايچە مەنبەلەردە پەرغانە، يەتتىسۇ ھەتتا سەمەرقەنت رايونىدىكى ئاھالىلارنى «ئۇيغۇر» ئېتنىك نامى بىلەن ئاتاش داۋاملاشتى.

15-ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر ئېتنىك نامى مەۋجۇت بولۇپ، ھەتتا ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمۇ تارىختا پۈتۈلدى .

چىڭگىزخان ئىستىلاسى تارىم-ئىلى-پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ يەنە بىر يۇغۇرۇلۇش دەۋرىنى ياراتقان بولۇپ، تارىم ۋادىسى بىر مەزگىل شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خەرىتىسى ئىچىدە بولغان بولسا، بۇ رايونغا كىرگەن ئاز نوپۇستىكى موغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تۈركلىشىش- ئۇيغۇرلىششى قەدەممۇ-قەدەم ئەمەلگە ئېشىپ، يەرلىك تۈركىي تىللىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تەركىبىگە سىڭدى. 16-17-ئەسىرلەردە ياركەندنى پايتەخت قىلغان سەئىدىيلەر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان تارىم ۋادىسى بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلارنىڭ ئورتاق ئېتنىك كىملىك ئاستىدا يۇغۇرۇلۇش، راۋاجلىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ دەۋر دەل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشگە ھۇل سېلىنغان مۇھىم باسقۇچ بولۇپ، ئەنە شۇ دەۋردىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھازىرقى زامان تۈركىي مىللەتلىرى ئۆز ئالدىغا راۋاجلىنىپ، بۈگۈنكىدەك ئايرىم ئەدەبىي تىل ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش يولىغا كىرگەن ئىدى.

مەلۇمكى، 18-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە تارىم ۋە ئىلى ۋادىسى مانجۇر-چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىش بىلەن بۇ تۇپراقلارنىڭ ئوتتۇرا

(5) Uyghurlarning Qedimki we Ottura Esir étnik tarixi mesililiri heqqide Rus alimliridin V. Radlov, D. Tixonov, L. Gumilév, A. Bérnshtam, A. Malyavkin we bashqilarning, Türk alimliridin Zeki Welidi Toghan, Bahayidin Ogel we Ozken Izgi, hazriqi zaman Gherb alimliridin Makkéras, Miliward, Xenzu alimliridin Wang Riwéi. Féng Jiashéng, Chén Suluo, Liu Zhixiao, Lin Gen, Gu Bao, Wéi Liangtao we bashqilarning bir qisim eserlirige hem Yapon alimliridin Abé Takéo we bashqilarning emgeklirige qaralsun. Elwette, Uyghur tarixchiliridin M. Bughra, T. Almas .D. Isiyév. I. Mutiiy we bashqilarning eserlirige qaralsun.

ئاسىيانىڭ يەنە بىر قىسمى، يەنى غەربىي تۈركىستان بىلەن بولغان كۆپ ئەسىرلىك ئېتنو-سىياسىي باغلىنىشى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. بۇ مەزگىللەرگە كەلگەندە مەزكۇر رايوندا ياشىغۇچى تۈركىي-ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۆزلىرىنى « ئۇيغۇر » ئېتنىك نامى بىلەن ئاتاش ئومۇمىي يۈزلۈك ئىستېمالدىن قېلىپ، «تارانچى» ۋە قەشقەرلىق، تۇرپانلىق، ياكى ئالتىشەھەرلىك» دېگەندەك جۇغراپىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرغا ئىگە كىملىك بىلەن ئاتاش ئومۇملاشقان ئىدى. بۇ ، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرقى زامان مىللەت چۈشەنچىسىنىڭ تېخى شەكىللەنمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەزكۇر ئەھۋال قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ ئورتاق ئىدى. ئەمما، دەسلەپكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەشۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى، ئىلى- تارىم-تۇرپان-قۇمۇل رايونلىرىغا تارقىلىپ، ئۆزلىرىنى ياشىغان يۇرتلىرى ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرگەن ئاھالىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر قايسى جايلارغا تارقالغان تارماقلىرى ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلىغان ئىدى.

19- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، يەنى كېيىنكى تۈركىي تىللىق سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار جۇغراپىيىلىك ۋە تىل-دىئالېكت ئالاھىدىلىك بويىچە ئىككى ئاساسىي گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى پەرغانە گۇرۇپپىسى، يەنە بىرى يەتتىسۇ گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

پەرغانە گۇرۇپپىسى ئۆزلىرىنى «قەشقەرلىقلەر» دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىغان بولسا، باشقا يەرلىك خەلقلەرمۇ ئۇلارنى «قەشقەرلىقلەر» دەپ ئاتىدى. يەتتىسۇ ۋادىسىدىكىلەر بولسا « تارانچىلار» دەپ ئاتالدى. ھەتتا چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىمۇ 1897-يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىققان پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ گۇرۇپپىسىنى «قەشقەرلىق» دېگەن نام بىلەن، ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنى «تارانچى» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ئىككى ئېتنىك تەركىپ تەرىقىسىدە پەرقلەندۈرگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1926 -يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرىشىدە «ئۇيغۇر»، «تارانچى» ، «قەشقەرلىق» كىملىكى تەڭ قوللىنىلدى.

20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئالدى بىلەن يەتتەسۇلۇق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمائىل تاھىروف ۋە باشقىلار

قەشقەرلىق ۋە تارانچى ئايرىم ئېتنىك كىملىكى كۆز قارىشىغا قارشى چىقىپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپىنى ئورتاق ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكى ئاستىغا توپلاش، مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئورتاق ئېتنىك كىملىكىنى كۆرسىتىدىغان ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدىن ھالقىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىگىمۇ قارىتىلغان ئىدى.

بۇ ماقالە 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېتنىك نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇيغۇر ئېتنىك نامى ئاستىدا جەمئىيەتلەرگە ئۇيۇشۇش ۋە ئۇيغۇر نامىنى دۆلەتچىلىك ھەم ئېتنو-سىياسىي كىملىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ.

**ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارقىلىشى**

چار رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى ئاساسلىقى ئەسلىدە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار رايونىدىن كۆچۈپ چىقىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ شەھەر ھەم دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانلار بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن « قەشقەرلىقلەر» دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى تارقالغان جايلار ئاساسلىقى پەرغانە ۋادىسىدىكى شەھەرلەر ۋە يېزىلار بولۇپ، ئەنجان ، ئوش ، مەرغىلان شەھەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ئۇيغۇرلار ئاساسلىق مەركەزلەشكەن جايلار ھېسابلىناتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە قوقەنت، نامەنگان ، سەمەرقەنت ۋە تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ كۆپ ساندا قەشقەرلىق ئۇيغۇرلار تارقالغان بولۇپ، تاشكەنت ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى.

«قەشقەرلىقلەر» ئۇقۇمى كەڭ ۋە تار دائىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، تار دائىرىدىن ئالغاندا، بۇ نام 19-ئەسىردە پەقەت قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىن كۆچۈپ چىققانلارنى كۆرسەتسە، كەڭ دائىرە بويىچە پۈتۈن قەشقەرىيە، يەنى تارىم ۋادىسىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىن كەلگەنلەرنى كۆرسىتەتتى. ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ( غەربىي تۈركىستاندىكى) يەرلىك خەلقلەر ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ نەزەرىدە كەڭ دائىرىدىكى قەشقەرلىق ئۇقۇمى ۋەكىل بولۇپ، ئۇلار قەشقەرلىقلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى بىلەن

ھېسابلاشمايتتى ، خالاس.

قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىققان ئاھالىلار پەرغانە ۋادىسى ۋە باشقا جايلاردىكى ئۆزلىرى كېلىپ ماكانلاشقان جايلارغا ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ھەتتا مەھەللىلىرىنىڭ ناملىرىنى قويغان بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ياشىغان يېزا- قىشلاقلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ناملىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قەدەممۇ-قەدەم ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. 1991-يىلى، مەزكۇر جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىشكە دۇچ كەلگەن. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خېلى كۆپ جاي ئىسىملىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەر- جاي ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-50-يىللىرىدا بىر قېتىم خاتىرىلەنگەن ئىدى. بىز ئەنە شۇ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ئاساسىدا بىر قىسىم جايلارنىڭ نامىنى بىلىمىز. مەسىلەن، قازاقىستان ئۇيغۇر ئالىمى، ئاكادېمىك غوجاخمەت ساداۋاقوسوفنىڭ 1970-1960-يىللىرىدا پەرغانە ۋادىسىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىگە تايانغاندا، ئوش ، ئەنجان ۋە مەرغىلان ۋىلايىتى تەۋەسىدە كۆپلىگەن ئەسلى قەشقەرىيىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن جاي ئىسىملىرى ۋە مەھەللە ئىسىملىرى ئۇچرىغان بولۇپ، پەقەت ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى موسكۋا رايونى ، يەنى ھازىرقى شەھرىخان ناھىيىسىدىلا ئارتۇش، دولان، جاڭجال، قەشقەرمەلە، قەشقەرقىشلاق قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق جاي ئىسمى تىزىمغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ ئىزباسقان ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يېزىسىدا قەشقەرمەلە دېگەن جاي بار بولۇپ، 1960-يىللىرىدا بۇ يېزىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ھېسابلىغان كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرى 110-120 يىللار ئىلگىرى قەشقەردىن كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردە قەشقەر مەھەللىسى پەيدا قىلغان. بۇ كىشىلەر 60-يىللارغا كەلگەندە تىل ۋە ئۆرپ- ئادەت جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن[6]. 1960-1959-يىللىرى ئارىسىدا ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى تارقاق ياشىغان بولۇپ، سوۋېت ئېتنوگرافلىرى شۇ ۋاقىتتا پەقەت ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر ۋىلايەتتىكى 79 كولخوزغا ھەممە پەرغانە ۋادىسىنىڭ باشقا

(6) G.Gözhaxmet Sadvakasov. K Voprosu Ujgursko-Uzbekiskoj Yazykovoj Interferensii ( Uyghur-özbék til arilishishi mesilisi heqqide) . Izbrannyie Trudy Gözhxmeta Sadvakosova ( Ghojaxmet Sadwaqasof Eserliridin Tallanmilar). S. 180. .Almaty. Alem. 2000.

جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى بېكىتكەن [7].

ئۆزبېكىستان ئالىمى ئا. مەمەتوف بولسا، ئۆزىنىڭ 1967-يىلى ئۆزبېك تىلىنىڭ ئەنجان شەھەر شىۋىسى ھەققىدىكى دىسسېرتاتسىيىسىدە، «ئەنجان شىۋىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇيغۇرلار مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار ھازىرمۇ ئەنجان شەھىرىدىكى مائارىپ، ئەسكىلىك، تاختاكۆپرۈك ، كالىنىن ۋە باشقا مەھەللىلەردە ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزبېك تىلىدا سۆزلىشىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ تىزىملاتقان» دېگەن مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان[8] .

ئوش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەسلى قەشقەرلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارقالغان جايلىرى ئاساسلىقى ئوش شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى قاراسۇ ناھىيىسى ھەم ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى قەشقەرقىشلاق ناملىق يېزىسى ئىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئېتنوگرافى س. م . ئابرومزون ئۆزىنىڭ 1955-يىللىرى بۇ رايونلاردا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە جەنۇبىي قىرغىزلار تەركىبىدە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان قەبىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىقلاپ چىققان ئىدى[9] . ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تەۋە دەپ ئاتىغان گۇرۇپپا ئۈچ-قورغان رايونى، قارول بۇيغا، ئاۋۇزتام-پىلال، تېگىرمەچ، قاراغاندي، كېرېگېتاش، ئۆلېگىش، قاراقىشتاق، پۇم دېگەن جايلاردا ۋە بۇرۇن شىپى( شىببە) يېزىسى ھەمدە لەڭگەر دېگەن جايغا تارقالغان. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ دەپ قارىغان قېرىلاردىن كېنجىباي ئايتېمىروف ۋە رايىمبەردى ئورمونوف بۇ گۇرۇپپىنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭ بۇخارادىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۈچ قورغاندىكى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى بولسا ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسمى ياشايدىغان قوش-تېگىرمەن دېگەن جايدىن كەلگەن. مەزكۇر ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىر قىسمى چارۋىچىلىق ، يەنە بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، قارائوئول دېگەن جايدا « ئۇيغۇر ئارىق» دەپ ئاتالغان قانال بار. بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى قىرغىزلارنىڭ بۇيگا ۋە تۆلەس قەبىلىسى بىلەن تۇغقانچىلىققا ئىگە دەپ قارايدۇ شۇنىڭدەك

(7) Vannikov Ya.R. Soveremennie Rasselenie Narodov I etnograficheskix Grup V Ferganskoj Doline ( Perghane Wadisidiki Xelqler we Etnografiyilik Guruppilarning Hazirqi Zamandiki Tarqilishi . Sredne Aziatskij Etnograficheskij Sbornik. 2-Tom. Moskva. 1959. S.468

(8) Ghojaxmet Sadwaqasof Eserliridin Tallanmilar. Shu kitab. 180-bet

(9) S.M.Abramzon. Kirgizy I ikh Etnogeneticheskie I istoriko-Kulturnie Svyazi ( Qirghizilar we Ularning Tarixiy-Medeniyet Baghlinishliri ) . Izdatelstvo “ Nauka”. Léningradskoe Otdelenie. Léningrad. 1971. S.42

يەنە قىرغىزلارنىڭ تىپىت قەبىلىسىنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ[10].

ئۇيغۇرلار يەنە تۈركمەنىستاندىكى مۇرغاب دەرياسى ۋادىسىدىكى بايرام-ئالى ۋە مارى قاتارلىق شەھەرلەرگە تارقالغان بولۇپ، بايرام-ئالى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەركىزى ئىدى. 1890-يىلى، يەتتەسۇغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلاردىن 272 ئائىلە، يەنى 1306 جان چار پادىشا ھۆكۈمىتىنىڭ ئالداپ ئېلىپ كېلىشى بىلەن بۇ رايونغا ماكانلىشىپ قالغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، 2500 ئادەمگە يەتكەن. مەزكۇر رايوندىكى ئۇيغۇرلار بايرام-ئالى ۋە مارى رايونلىرىدا ئاقتام، مەمەيۈزى، دادامتۇ، توققۇزتارا، شەمەلە، سۇلتانيابا ۋە قەشقەرمەھەللە قاتارلىق ئاھالىلار رايونلىرىنى پەيدا قىلغان[11].

20-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزىستاندىكى ئاساسلىق جايلاشقان مەركىزى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك پەرغانە ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان ئوش شەھىرى، قاراسۇ، ئۆزگەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىدىغان قاراقول شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار، ئىسسىق كۆل بويىدىكى توقماق قاتارلىق جايلار شۇنىڭدەك يەنە بىشكەك شەھىرى ئىدى. بولۇپمۇ، بەدەلئارت ئېغىزىغا يېقىن جايلاشقان قاراقول شەھىرى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇيغۇر ئېلىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسلىق سودا-ئىقتىسادىي ئالاقە مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا قاراقول شەھىرىدە كۆپ ساندا ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان ئىدى. قاراقول شەھىرىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى رۇسلار، تاتارلار، ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر ۋە قىرغىزلار ئىدى. مەلۇم ساندا تۇڭگانلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراقول، توقماق ۋە بىشكەك قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەنلەر بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ « « قەشقەرلىق» دەپ ئاتىغان ئىدى.

## يەتتىسۇ گۇرۇپپىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارقىلىشى

(10) S. M. Abramzon. shu eser.43-bet

(11) K stoletiyu Pereselnia Ujgurov Iz Semirechya v Turmenistan. 1890-1990gg. ( Uyghurlarning Yettisudin Türkmenistan'gha Köchüp Kelgenlikining 100 Yilliqi. 1890-1990-yillar) . http://hamrajan.narod.ru/Bayram-Ali.html.

20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ زىچ توپلىشىپ ۋە مەركەزلىشىپ ياشىغان تارماقلىرى يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرى، يەنى باشقىلارنىڭ ئاتىشى بويىچە « تارانچىلار» بولۇپ، ئۇلار ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن تارتىپ تاكى قورغاس چېگرىسىغىچە بولغان كەڭ يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا تارقىلىپ ياشاپ، يەتتەسۇنىڭ ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك خەلقىگە ئايلانغان ئىدى. مەزكۇر تارماق ئۆزلىرىنىڭ ئىلى تەۋەسىدىكى يېزا-قىشلاقلىرىنىڭ ناملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېڭىدىن ماكانلاشقان جايلىرىغا قويغان ئىدى. مانا بۇ ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەتتىسۇ گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئەسلىدە يەتتىسۇنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تارانچى ئۇيغۇرلىرى خېلى بۇرۇنلا ياشىغان بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئىلى تارانچى سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان ئىدى. 1871-يىلى ئىلى سۇلتانلىقى چار رۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، ئىلى ۋادىسى 10 يىل چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. 1881-يىلى، چار رۇسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسى «پېتېربۇرگ» شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، مەزكۇر ئىككى ئىمپېرىيە ئىلى ۋادىسىنى بۆلۈپ، چېگرىلىرىنى ئايرىپ بېكىتتى.

ئىلى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، مەنچىڭلىقلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە رۇسىيە چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈش دولقۇنى قوزغالدى. 1882-يىلىدىن 1884-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى تەۋەسىدىن چار رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى يەتتەسۇغا كۆچۈپ ماكانلاشقان 9572 ئائىلە، يەنى 45373 نەپەر تارانچى )ئۇيغۇر ( يەتتىسۇنىڭ ئاساسلىق دېھقان ئاھالىسىگە ئايلىنىپ، يەركەتتىن تارتىپ ۋېرنىي شەھىرى ( ئالمۇتا)غىچە بولغان كەڭ زېمىنغا تارقىلىپ[12]، 90 دىن ئارتۇق ھەر خىل يېزا-قىشلاقلارنى بەرپا قىلغان . ئۇيغۇرلار يەتتىسۇدا يېزا-قىشلاقلارنى بەرپا قىلىپلا قالماستىن[13]، بەلكى يەنە يەتتەسۇدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى

(12) Baranowa Yu. G. K Voprosu o Pereselenii Musulmanskogo Naseleniya iz iliyskogo Kraya w Semireche w 1881 -1883 gg.(musulman ahalisining 1881-1883-yilliri ili Wilayitidin Yettisugha köchüshi Mesilisi Heqqide). Trudy séktora wostokowédéniya, t. I – Alma –Ata, – 1959.- s.49-50

(13) Baranowa Yu. G. shu eser 49-50-betler

-يەركەت، يەنى ياركەند شەھىرىنى بەرپا قىلدى[14] .

چار رۇسىيە ئەمەلدارى پ.پ. رۇمىيانسېۋنىڭ 1910-1909-يىللىرى ئارىسىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشى ئاساسىدا يېزىپ چىقىپ، 1914-يىلى نەشىر قىلغان « تارانچى» ناملىق كىتابىدا ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتىسۇ تەۋەسىدە بەرپا قىلغان بارلىق يېزا-قىشلاقلىرى ھەم ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار چېگرىغا يېقىن رايونلاردا چوڭ چىغان، كىچىك چىغان، ئاقكەنت، چۇلۇقاي، پەنجىم، نادەك، قورغاس، سوقۇر خوتۇن (كېيىن سادىرغا ئۆزگەرتىلگەن)، خونخاي، ئالتۇنئۆي قاتارلىق يېزىلارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يېزىلار يەركەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىغا تەۋە بولغان. يەنە بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار كەتمەن تېغى ئېتىكىدىكى ئاۋات، دولات، سەككىزون، چوڭ ئاقسۇ ، كىچىك ئاقسۇ قىشلاقلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئاقسۇ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىغا تەۋە بولغان. كېيىن يەنە قاراتۇرۇق ۋە چارىن قىشلاقلىرى بەرپا بولغان. ئۈچىنچى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار بولسا چىلەك دەرياسى ۋادىسىنى ئاساس قىلىپ، مالىباي، بايسېيىت، ماساق، قاينۇق،ئونيايلاق، قاتارلىقلارنى بەرپا قىلغان.

تۆتىنچى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار بولسا، ئاسى، يىگىرمە-ئۆي، ئون-ئۆي،غوجىكۆل،قورام، لاۋار، قارايوتا، قىزىلجىلغا، قاراتۇرۇق، كىيىكباي قىشلاقلىرىنى بەرپا قىلغان ھەمدە بۇ جايلار قورام مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىغا قاراشلىق قىلىنغان. بەشىنچى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار بولسا، ۋېرنىي، يەنى ئالمۇتا ئەتراپىغا كېلىپ، جاناشاھار، تاشتىقارا، بايانداي، جارلىقاپ، ماناپ، بالتاباي، قاراسۇ قىشلاقلىرىنى بەرپا قىلغان. ئالتىنچى گۇرۇپپا ۋېرنىي شەھىرىگە كېلىپ ماكانلىشىپ، سۇلتان قورغان مەھەللىسىنى قۇرغان[15] .

يەتتىسۇنىڭ مەزكۇر يېزا-قىشلاقلىرى بىر-بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۆزئارا زىچ ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى. كۆچمەن ئاھالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەسلى ئىلى تەۋەسىنىڭ دېھقانچىلىق

(14) Ruziyev.Meshur. Vorzozhdennyj Ujgurskiy Narod ( Qayta Tughulgan Uyghur Xelqi). Alma-Ata. Qazaqistan neshiriyati. 1976. s.74-75

(15) P.P. Rumiyansév. Uezdy Zhetisu ( Yettisu Nahiyiliri. Taranchi). 2000. Almaty, Zhalp Baspasi . S.223-261.

رايونلىرىدىكى يەرلىك تارانچىلار يەنى دېھقان ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار يەر ئېچىش ۋە تېرىقچىلىق ھەم باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەتتە سۇنىڭ قىياپىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتتى ھەمدە ئاھالىلارنى ئاشلىق، مېۋە-چېۋە ۋە كۆكتات بىلەن تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. غۇلجا شەھىرى ۋە باشقا شەھەرلەرگە ماكانلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بولسا ۋېرنىي يەنى ئالمۇتا، يەركەت ، پىشپەك، قوراقول قاتارلىق شەھەرلەرگە ماكانلاشتى. بولۇپمۇ ۋېرنىي شەھىرى غۇلجىنىڭ شەھەر رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلارنىڭ ئىككىنچى ماكانىغا ئايلانغان ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىگە كەلگەندە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بۇرۇنقىدىن خېلى كۆپەيدى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رۇسىيە پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادلىرى مۇشۇ جايلاردا دۇنياغا كەلدى.

يەتتىسۇدىكى مەزكۇر تارانچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى پەرغانە ۋادىسىدىكىدىن پەرقلىق بولۇپ، يەتتىسۇنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى ئارىسىدا قازاق ۋە قىرغىزلار كۆچمەن ھاياتتا بولغانلىقى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوت-سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، مەزكۇر رايونلاردا مۇقىم قىشلاقلارنى بەرپا قىلمىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى بەرپا قىلغان يېزا-قىشلاقلاردا پەقەت ئۆزلىرىلا ياشىغان بولۇپ، غۇلجىدىن كۆچۈپ چىققان قىسمەن تۇڭگان ئاھالىلىرى بىلەن ئارىلاشقانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇيغۇر يېزا-قىشلاقلىرى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدىنلا تەشكىل تېپىش، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلمىدى. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىل شىۋىسى، ئۆرپ-ئادەت ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بىراق، پەرغانە ۋادىسىغا كەلگەن قەشقەرىيە ئۇيغۇرلىرى بولسا نوپۇس جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن يەرلىك ئۆزبېك ئاھالىلىرىنىڭ ئارىسىغا چۆكۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. شۇڭا پەرغانە ۋادىسىدا پەقەتلا ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان چوڭراق رايون شەكىللىنەلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تۇرمۇش ئۇسۇلى ،تىلى ۋە باشقىلار قەشقەر كۆچمەنلىرىنىڭ يەرلىكلەردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىگەن ئىدى. بىراق، يەتتەسۇدىكى

تارانچى ئۇيغۇرلىرى بولسا يەرلىك قازاقلاردىن تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن تارتىپ، تىل ۋە باشقا تەرەپلەرگىچە كۆپ پەرقلىق تەرەپلەرنى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھالمۇ تارانچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشتا پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندى.

ئومۇمەن، پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتىسۇدىكى قەشقەرلىق ئۇيغۇرلار بىلەن تارانچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى نوپۇسى مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، چوقان ۋەلىخانوف 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا پەرغانە ۋادىسىدا 300 مىڭدىن ئارتۇق قەشقەرلىق بارلىقىنى قەيت قىلغان بولسا، ئابدۇللا روزىباقىيېف 1920-يىللاردا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا 700-500 مىڭغىچە ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشىغانلىقىنى مەلۇم قىلغان[16]. ئەلۋەتتە، چار رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس مەلۇماتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈچۈرلىرىدىن كۆرۈنەرلىك بولغان. لېكىن، پەرغانە ۋادىسى باشتىن ئاخىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق يادروسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەمما 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن كېيىن بۇ ئۇيغۇرلار ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش قەدىمىنى تېز بېسىپ، ئاساسي جەھەتتىن يەرلىك ئۆزبېكلەرگە ئېرىپ كەتتى. ئوقۇرمەنلەرنى پەرغانە ۋە يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس تەرەققىيات مەسىلىلىرى ھەققىدە كەمىنەنىڭ «پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن -خەلق ئۇيغۇرلار» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ئوقۇپ چىقىشقا تەۋسىيە قىلىمەن .

**ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىك تىكلەش ھەرىكىتى**

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر 20-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتىسۇ ۋە پەرغانە گۇرۇپپىسى ئارىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن ئېتنىك نام ئاستىدا بىر مىللىي ئىدىيە شەكىللەنمىگەن ئىدى. بۇ ھال پەقەت مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپىغىلا خاس ئەھۋال بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئۆزىدىمۇ بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئىدېئولوگىيە

(16) Uyghurs-A Disappeared Diaspora in Fergana Valley. Uluslararsi Türkiyat Arastimalari Sempyozumu Bildirleri. Anakara. 2013. 451-458-betler. Maqalining Uyghurche toluq nusxisi <<Misranim>> qatarliq tor betlerde élan qilindi. Mezkur maqalide barliq sanliq melumatlar tepsiliy körsitilgen.

شەكىللەنمىگەن ئىدى.

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يېقىنقى زامان ۋە 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىگە مەنسۇپ مەنبەلەر بىزگە پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر ئېتنىك نامىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتنىك نام سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىق ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ئۆز مىللىي نامىنى ئۇيغۇر ئېتنونىمى ئاستىدا ئاتاپ يازغان يازما مەنبەلەرنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەنلىكى خەلق ئىچىدە بۇ نامىنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكى ۋە ياكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئېتنىك ناملىرىنى بىلمىگەنلىكى ۋە ياكى ئۇيغۇرلار 1921-يىلىدىن ئىلگىرى ئايرىم مىللەت، 1921-يىلى ئۇيغۇر نامى قوللىنىلغاندىن كېيىنلا يېڭىدىن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ھەقىقەتەن ، ئېتىراپ قىلىش زۆرۈركى، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئونىنچى يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەۋە تارىم ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىكلىرى يازغان ئەسەرلەرنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدا مەزكۇر ۋادىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئۇيغۇر ئىبارىسى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنمىغان. ھەتتا ، كلاسسىك دەۋر بىلەن ھازىرقى مەنانى تۇتاشتۇرغۇچى تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئېتنىك نامى سۈپىتىدە ئەسىرنىڭ بىرەر جايىدىمۇ ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنى ئىشلەتمەيدۇ. ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئالغاندا ئېتنىك كىملىككە قارىغاندا يەرلىك كىملىك مۇھىم بولۇپ، قەشقەرلىق، ئاقسۇلۇق، خوتەنلىك ۋە باشقا يۇرت كىملىكى ھەم يۇرت خاراكتېرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن. ئەمما، موللا مۇسا سايرامى تارىم ۋادىسىدىكى مەزكۇر قەشقەرلىق، ئاقسۇلۇق، تۇرپانلىق، كۇچارلىق ۋە باشقىلارنى «مانجۇر»، «تۇڭگان»، «سولۇن»، « خىتاي» ۋە «قالماق» ئېتنىك كىملىكلىرىدىن ئايرىغان بولۇپ، ھەتتا كىلاسسىك شائىر موللا شاكىرمۇ شۇنداق خىلدا ئېتنىك پەرقلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى[17].

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەزكۇر نامى ئاتالغان ئېتنىك توپلۇقلار تارىم ۋادىسىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئەمەس ھەم نوپۇسىمۇ بەك ئاز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار

(17) Bu mesilide Molla Musa Sayramining << tarixiy Hemidi>> we << tarixiy Emniye>> Namliq eserlirige we Molla Shakirning << Zepername>> namliq esirige qaralsun.

تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك ئاھالىلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق خاراكتېرگە ئىگە ئايرىم مىللەتلەردۇر. ئەمما، موللا مۇسا سايرامىدىن پەرقلىق يول تۇتقان ئۇنىڭ دەۋردېشى، يەتتىسۇلۇق نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف بولسا ئۆزىنىڭ 1914-يىلىدىن تارتىپ ئېلان قىلىشقا باشلىغان ئەسەرلىرىدە تارىم ۋادىسى ۋە ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان تارانچى ۋە ئالتىشەھەرلىك ۋە ياكى قەشقەرلىق دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلى ئېتنىك مەنبەسى ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىي نامى ئاستىدا بىر ئېتنىك گەۋدىگە ئايلىنىشى زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتتى.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ ئىلى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان بۇ خەلقنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە ئائىت چۈشەنچىگە كېلىشىنى پەقەت قانداقتۇر ئۇنىڭ تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇپ، ئىدىيىۋى نۇقتىدىن چىقىش قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى تارىم ۋە ئىلى ھەم يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى ئاھالىلار ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، دەۋرىمىزگە نامەلۇم بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ھەم تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراش مۇمكىن. ئەگەردە، ئۇيغۇر ئاۋام خەلقى ئارىسىدا قىسمەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغان ئەھۋال بولمىغان بولسا، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ مەزكۇر ئىدىيىگە كېلىشى ھەم ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەلۋەتتە، 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ رۇسىيىدە ئۇيغۇر-تۈرك تارىخى تەتقىقاتى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. رۇسىيە ئالىملىرىدىن ئا. كازىمبېك، ۋ.ۋ.رادلوۋ، ۋ.پ.ۋاسىلىيۇ , د.م. پۆزدنېيېۋ، يا.بىچۇرىن، ئې.گرۇم-گىرژىمايلو، چ. ۋەلىخانوف، برېتشنېيدىر، ۋ.ۋ.گرىگورىيېۋ، س.ئې.مالوۋ , كاتانوۋ ، ۋ. ۋ. بارتولد ھەم باشقىلار تۈرك-ئۇيغۇر تارىخى ، تىلى ۋە باشقا مەسىلىلەر بويىچە ئىزدىنىپ، ئارقىمۇ-ئارقىدىن كۆپلىگەن كىتابلار ۋە ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. بۇ ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى تارىم ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ نۇقتىنى تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا، يەنە بەزىلىرى تىلشۇناسلىق ۋە ئانتروپولوگىيىلىك تەرەپلەردىن چىقىش قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك پەرقىنى ئايرىپ ، ئۇلارنى ئايرىم ئېتنىكناملار ئاستىدا تەرەققىيات يولىغا باشلىشى ئەسلىدە سىياسىي ئېھتىياجدىن چىقىش قىلىنغان بولسا، بۇنىڭدا يەنە مەلۇم ئىلمىي ئاساسلارلارمۇ بار ئىدى. گەرچە، ۋ. بارتولد قاتارلىق بىر قىسىم تۈركشۇناسلار ۋە تارىخچىلار بۇنداق قىلىشقا قارشى چىققان بولسىمۇ[18] ، لېكىن يەنە بىر قىسىم ئەرباپلار ئېتنىك كىملىكلەرنى ئايرىغاندا، تىل ، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىلنىمۇ ئاساس قىلغان ئىدى. مەسىلەن، گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن تارتىپ، قۇمۇلغىچە ۋە باشقا رايونلارغىچە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەتقىق قىلغان ھەمدە قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرغان سېرگېي ئېفىموۋىچ مالوۋ تارانچىلار بىلەن قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ بىر ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرغان ھەمدە 1921-يىلى، 6-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا بۇ نامنى ئورتاق ئېتنىك نام سۈپىتىدە بېكىتىشنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ تەشەببۇس قىلغۇچى ئىدى[19] .

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق يەتتەسۇنىڭ بىر قىسىم زىيالىيلىرى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر نامىنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق ئېتنىك نامى سۈپىتىدە« تارانچى» ۋە « قەشقەرلىق »ۋە ياكى« ئالتىشەھەرلىك » نامىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكىنى تىكلەش يولىنى تۇتقۇچىلار بولدى. كلاسسىك ئۇيغۇر مۇسۇلمان مەدرىس مائارىپى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن تاتار -رۇس-ياۋروپا مائارىپى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف باشلاپ بەرگەن مەزكۇر ئىدىيە ئاستىدا شۇ دەۋرنىڭ تاتار- رۇس- ياۋروپا مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى چار پادىشاھ تۈزۈمى يىمىرىلگەندىن كېيىن يۈزبەرگەن داۋالغۇشلارغا قاتنىشىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسىي چىقىش يولىنى ئىزدىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئانارخىست ۋە سوتسىيال دېموكراتىك ئىدىيىدىكى رۇس دېموكراتلىرىنىڭ ئىدىيىلىرى قوللاپ،« تارانچى كومىتېتى» نامى ئاستىدىكى ئاممىۋى-سىياسىي تەشكىلات ئارقىلىق

(18) M.Olimov. V.V.Bartold o Natsionalnom Razmezhevanii v Srednei Azii ( V.V.Bartold Ottura Asiyadiki Milletlerge Arish Mesilisi Heqqide). www.ac-c.gro. Kawkaziye we Ottura Asiya ilmiy zhurnili.

(19) Institute of Muslim Minority Affairs (1991). lanruoJ fo eht etutitsnI fo milsuM ytironiM sriaffA, semuloV 31-21. King Abdulaziz University. p. 108.

تارانچى مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇلار ئۆز مەۋقەلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، بولشېۋىكلارنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى قازاقلارنىڭ« ئالاش» پارتىيىسى، ئۆزبېكلەرنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى« شورائىي ئىسلامىيە» پارتىيىسى قاتارلىقلار بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ئۇلار ئاخىرغىچە بولشېۋىزمغا قارشى تۇردى ھەمدە بۇ ئىدىيە يولىدا بولشېۋىكلارغا قارشى ئاقلار ھەرىكىتى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ يەنە بىر قاتلىمى بولسا پۈتۈن رۇسىيىدە كوممۇنىسلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئىمكانىيىتى بارلىقىنى مۆلچەرلەپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوللاش ۋە ۋلادىمىر ئىلئىچ لېنىنىنىڭ« مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى » شۇئارى ئاستىدا ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرلۈكىنى تەمىن ئېتىش يولىنى تۇتتى. نەتىجىدە، بۇ خىل ئىدىيىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە بىر قىسىم مائارىپ تەربىيىسى يوق بولغان يوقسۇل دېھقانلار ئارىسىدىن تۇنجى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى يېتىشىپ چىقتى. بۇلار كوممۇنىستىك پارتىيە گۇرۇپپىلىرىغا ئۇيۇشقاندىن تاشقىرى ،يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى پروگراممىا قىلغان گۇرۇپپىلارغىمۇ ئۇيۇشتى.

## ئۇيغۇر ئېتنىك نامى ئاستىدىكى تۇنجى جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى

مەلۇمكى، 1918-يىلى مارت ئېيىدا ئالمۇتىدا قوزغىلاڭ پارتلاپ ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئالمۇتىدىمۇ ئەمەلگە ئاشتى. كوممۇنىستلارنىڭ ئالمۇتىدا قۇرغان يەتتىسۇ ۋىلايەتلىك خەلق كومىسسارلىرى كېڭىشىگە يەتتەسۇدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ كىردى. 1919-يىلىغا كەلگەندە تاشكەنتتە مەركەز قىلغان تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى كوممۇنىستلار پارتىيىسى تەركىبىدە مۇسۇلمانلار بيۇروسى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك كومىتېتلارنى تەسىس قىلىشقا كىرىشىلدى. يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە ۋىلايەتلىك مۇسۇلمان بيۇروسى قۇرۇلۇپ، قازاقلاردىن ئوراز جاندوسوف بىيورو رەئىسى ، ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ مۇئاۋىن رەئىس بولدى. مۇسۇلمان بىيورىسىنىڭ رولى بارلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كومپارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى پەيدا قىلىش ھەم كېڭەيتىشتىن

ئىبارەت بولۇپ، تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قارمىقىدىكى مۇسۇلمان بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قازاقلاردىن تۇرار رىسقۇلوف تەيىنلەنگەن ئىدى. مۇسۇلمان بىيورىسىنىڭ رولىنىڭ ئىشىشىغا ئەگىشىپ، مەزكۇر ئورگان ئىككىنچى پارتىيە كومىتېتىلىق رولىنى ئوينىغان ئىدى. چۈنكى، رۇس كوممۇنىستلىرىغا ئىشەنمىگەن مۇسۇلمان خەلقلىرى مۇسۇلمان بيۇروسىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بولغان كوممۇنىست رەھبەرلىرىنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇمىيۈزلۈك داۋاملىشىۋاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ قوراللىق ۋە سىياسىي قارشىلىق كۆرەشلىرى ھەمدە ئاقلار بىلەن سوۋېتلەر ئارىسىدىكى شىددەتلىك ئىچكى ئۇرۇش قاتارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئالغان سوۋېت رۇسىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كوممۇنىستىك ئىدىيىنى كۈچەيتىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوللايدىغانلارنى كۆپەيتىش، بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يەرلىك مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرىنى يۇقىرى رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قويۇپ، شۇلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىش ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتا ئەنە شۇ ئىستراتېگىيە بويىچە يەتتىسۇدىكى ئۇيغۇرلار، يەنى تارانچىلار ئارىسىدا كوممۇنىستىك ئىدىيىنى تەرغىب قىلىپ، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرى ۋە ئىجارىچىلىرى سۈپىتىدە سوۋېت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەر خىزمەتلىرىگە جەلپ قىلىنغان ئىدى. ئەنە شۇ پروگراممىدىن پايدىلانغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى تىكلەش ۋە كۈچەيتىشكە ئاتلاندى.

يەنە شۇ نۇقتىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، بۇ ۋاقىتلاردا يەنە پەرغانە ۋە يەتتەسۇدىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىككى تارمىقى ھېسابلىنىدىغان قەشقەرلىكلەر بىلەن تارانچىلار ئارىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن ئورتاق مىللىي چۈشەنچە يوق بولۇپ، بۇنداق ئورتاق مىللىي چۈشەنچىلەر ھەر ئىككىلا گۇرۇپپىنىڭ ئاز ساندىكى زىيالىيلار ۋە ئاڭلىق قاتلىمىغىلا مەنسۇپ ئىدى.

يەرلىك باشقا خەلقلەر ۋە ھۆكۈمەتلەر مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپىنى ئايرىم-ئايرىم ئېتنىك گۇرۇپپىلار شەكلىدە كۆرگەن بولسا، مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپا ئاممىسى ئىچىدىمۇ ئۆزلىرىنى بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈش، ئورتاقلىقنى ئېتىراپ قىلماسلىق خاھىشلىرى مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل تارانچى-قەشقەرلىق ئايرىملىق چۈشەنچىسى

تاكى 1930-يىللارغىچە داۋاملاشقان بولسا، ئۇيغۇر ئىلىدە بولسا شىڭ شىسەي مەزكۇر ئىختىلاپتىن پايدىلىنىپ، 1934-يىلى، تارانچىلارنى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ، ئايرىم مىللەت قىلىپ قانۇنلاشتۇرغان ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىق ئاڭلىق ،يىراقنى كۆرەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قەشقەرلىق ۋە تارانچى مەپكۇرىنى تېزدىن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئورتاق مىللىي روھ ۋە مىللىي كىملىك تىكلەشنى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن ئىدى. شۇ مەقسەتلەرنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە 1919-يىلى، 2-فېۋرال كۈنى ئالمۇتا شەھىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتالغان ئاممىۋى -سىياسىي تەشكىلات « ئۇيغۇر جەمئىيىتى» دۇنياغا كەلدى. « ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ تۇنجى قۇرۇلمىسى ئابدۇللا روزىباقىيېف، سوپى زەرۋات، ھاجىئەكبەر مۇھەممەدى ، ئىسمائىل تاھىروف، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، ئىمىناخۇن ئابابەكرى، يۈسۈپ ئەخمەدىي شۇنىڭدەك ئاياللاردىن سائادەت روزىباقىيېۋا بىلەن ئايشە مۇھەممەدىيېۋا قاتارلىق 9 ئادەمدىن تەركىب تاپتى[20] . مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئەزالىرى ھەم ۋەزىپىلىرى ھەققىدە ئابدۇللا روزىباقىيېف 1924-يىلى، جەمئىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغان ماقالىسىدە بىر قەدەر ئېنىق مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، « ئۇيغۇر جەمئىيىتى» تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنى ئېچىلغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى تېخىمۇ كۆپەيتىلگەن . «ئۇيغۇر جەمئىيىتى»گە يېڭىدىن سالاھىدىن قاسىموف، تېيىپ سابىرى، ئوسمان تاھىرى، ئىسلام ھاشىموف، مۇسەللىم روزى، توختاخۇن ھاشىمى، ھەزىم تاھىرىي ۋە ئابدۇللاجان ھەسەنى ( ئۆزبېك) قاتارلىقلار كىرىپ، ئەزا سانى 17 نەپەرگە يەتكەن. جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشى بىلەن 1919-يىلىنىڭ ئاپرىل-ماي ئايلىرىغا كەلگەندە ئەزا سانى 200 گە يەتكەن[21]. ئالمۇتىدا« ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ مەركىزى ئورگىنى تەسىس قىلىنىپ، باشقا ناھىيە ۋە قىشلاقلاردا ئۇنىڭ تارماقلىرى ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئېچىلغان. ئەڭ دەسلەپكى شۆبە جەمئىيەت مالىۋاي يېزىسىدا ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ياقۇپ دۇغان ئىدى . بۇ شۆبە جەمئىيەت

(20) 19. Sawut Mollawutov. << 70 yil muqeddem >>. Uyghur Edebiyat Dwanliri. 2002.Almuta. 187-bet.

(21) Sawut Mollawutov. << 70 yil muqeddem >> Shu eser. 187-bet.

1919-يىلى، 26-مارتتا قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قاراسۇ، قورام يېزىلىرى ۋە ياركەنت ( يەركەت) شەھىرىدە ۋە يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى باشقا ئۇيغۇر يېزىلاردا ئارقىمۇ-ئارقىدىن شۆبە ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرى قۇرۇلغان.

« ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ كۆزلىگەن نىشان -مەقستى ھەققىدە ئابدۇللا روزىباقىيېف 1924-يىلى يازغان ماقالىسىدە بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . جەمئىيەتنىڭ نىشان-مەقستى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان:

بىرىنچى: ئومۇمي ئاھالىنى ۋە ئۆز ئەزالىرىنى يېڭى تۇرمۇش-سوتسيالىزم بىلەن تونۇشتۇرۇش .

ئىككىنچى: ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتىغا زىيانلىق بولغان ئادەتلەرنى، نادانلىقنى تۈگىتىش.

ئۈچىنچى: ئايال-قىزلارنىڭ ئىنساني، ئىجتىمائي، ۋە ئائىلە ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ھەم باشقىلار[22] .

« ئۇيغۇر جەمئىيىتى» نىڭ خىزمەتلىرىنى كەسپلەشتۈرۈش ئۈچۈن جەمئىيەت قارمىقىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەرىپەت تارقىتىش بۆلۈمى، دراما ۋە مۇزىكا بۆلۈمى ۋە ئەدەبىيات بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈم تەسىس قىلىنىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە بەلگىلەپ، ئاكتىپ ئىشقا كىرىشكەن.

ئۇيغۇر جەمىيتىنىڭ ئۆزىگە خاس نىزامنامىسى ۋە ئەزالىققا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى بار بولۇپ، ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىدىغان كىشىنىڭ سوتسيالىزم ئىدىيىسىگە ئەقىدە قىلغان ۋە خۇراپاتچىلىقتىن قۇتۇلغان بولۇشى شەرت قىلىنغان.

سابىق سوۋېت ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە مەزكۇر ئۇيغۇر جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچىلار ۋە تەشەببۇسكارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ئىكەنلىكىنى يېزىشىدۇ. ھەقىقەتەن، مەزكۇر جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان دەسلەپكى 17 ئەزانىڭ خېلى كۆپى يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ھەمدە زىيالىيلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى 1930-1920-يىللاردا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك ، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك پارتىيە ھەم مەمۇري ئورگانلىرىدا

(22) Sawut Mollawutov. Shu eser. 2002.Almuta.  187-188-betler.

يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بەزىلىرى، مەسىلەن،1930-يىللارغا كەلگەندە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئايلانغان ئىدى. لېكىن، تارىخىي مەنبەلەردە مەزكۇر تۈنجى « ئۇيغۇر جەمئىيىتى»گە ئۇيغۇرلۇق ئىدىيىسىنىڭ كۈچلۈك تەرغىباتچىسى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ قاتناشقانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ بىلەن كۆپ ئۇچراشقان نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتتىن خەۋەرسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇنىڭ كوممۇنىست مەپكۇرىسىغا مەنسۇپ بولماسلىقى بۇ تەشكىلاتتىن نېرى قېلىشىدىكى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف شۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى ئاكتىپ زىيالىيلىرى ئارىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئاشكارا قارشى چىقمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئەزا بولمىغان شەخس ئىدى. نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف نېمە ئۈچۈن تۈنجى «ئۇيغۇر جەمئىيىتى»گە ئەزا بولمىدى؟ بۇنى ھەر نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن، بىراق بۇ يەنىلا توغرا جاۋاب بېرىشنى كۈتىدۇ.

ياش ئۆلچىمىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ رەھبەر ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يېشى 20 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغانلار ئىدى. مەسىلەن، جەمئىيەت رەئىسى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 22 ياش، سوپى زارۋات 29 ياش، ئىسمائىل تاھىروف 19 ياش، ئابدۇلھەي مۇھەممەدىي 20 ياش ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىدىيە جەھەتتىن تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، كۆپ مەسىلىلەرنى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ قالاق قالغانلىقى ھەم كونا چار رۇسىيە تۈزۈمىنىڭ مىللىي كەمسىتىش سىياسىتىگە باغلاپ چۈشىنەتتى. مەدەنىيەت جەھەتتىن ئارقىدا قېلىشنىڭ بىر مەنبەسىنى خۇراپاتلىق دەپ ھېسابلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى رولى ۋە ئورنىغا يۈزەكى كۆز قاراشتا ئىدى. ئۇلار بولشېۋىكلارنىڭ تۈرلۈك چاقىرىقلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى ئىلغار ھەم زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان، چار رۇسىيىنىڭ كونا مىللىي كەمسىتىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، كەمبەغەل ۋە قالاق قالغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئىلىم-مەرىپەتلىك بولۇشى ھەم سىياسىي جەھەتتىن ھۆرلۈككە ئېرىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. بۇ جەھەتتە سوۋېت رۇسىيىسى، جۈملىدىن لېنىننىڭ مۇستەملىكچىلىك ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقلەرنى، جۈملىدىن شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرىنى ئازادلىققا چىقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ گۈللىنىشىگە ياردەم بېرىشكە ئائىت

كۆپلىگەن نۇتۇق ۋە سىياسىي پروگراممىلىرى ئۇلارنى ئىشەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا پەقەت ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى پۈتۈن سابىق چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان ھەر خىل مىللەتلەر ھەتتا رۇسلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئىشەنگەن ئىدى. كوممۇنىستلارنىڭ بۇ بىر قاتار سىياسىي تەدبىرلىرى ئالدى بىلەن ئەنە شۇنداق كەمبەغەللەر تەبىقىسى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى غالىپ چىقالىدى. لېنىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ بۇ خىل سىياسىي تەدبىرلىرى ۋە چاقىرىقلىرى ھەم ۋەدىلىرىگە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپ ساندىكى زىيالىيلىرى، ئوتتۇرا -تۆۋەن قاتلام پۇقرالىرى ھەتتا زىيالىيلىرىمۇ ئىشىنىپ، بىر مەھەل كۆزلىرى قاماشقان ئىدى.

1921-1918-يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىش جەريانىدا، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ياكى يوقلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاقلار بىلەن قىزىللار ئارىسىدىكى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ئىچكى ئۇرۇش، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بولشېۋىكلارغا قارشى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشى، يەنى ئاتالمىش «باسمىچىلار» ھەرىكىتى، ئىدىل-ئۇرال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاڭلىق زىيالىيلار قاتلىمى ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ئورتاق تۈرك فېدېراتسىيىسى قۇرۇش خاھىشى لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ھەتتا ئورتاق تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەشەببۇسلىرى تاتار-باشقۇرت، قازاق، ئۆزبېك كوممۇنىست رەھبەرلىرى ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ، قازاق خەلقىدىن كېلىپ چىققان تۇرار رىسقۇلوف بۇ پىكىرنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ بارلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ يىغىنىدا ئاشكارا تەشەببۇس قىلغان ئىدى[23] . سوۋېت رۇسىيىسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىسسارىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، تاتار مىرسەيىد سۇلتانغالىيېۋ ۋە باشقا ئونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى شەخسلەر ئەنە شۇ خىل ئىدىيىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

(23) Ahat Andican. Turkestan Struggle Abroad. From Jadidism to Independence. Sota Publications.2007. p.46-49.

لېنىن قاتارلىق سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى تۈركچىلىك ئىدىيىسىگە، بولۇپمۇ رۇسىيىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىدىيە ھەم ھەرىكەتلەرگە تۈپتىن قارشى بولۇشقا قارىماي، ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا ھەتتا تۈركچىلىك پىكىرلىرى ، ئايرىم مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش چاقىرىقلىرىغىمۇ كۆز يۇمۇپ، چار رۇسىيىنىڭ مىللەتچىلىك ۋە كەمسىتىش سىياسىتىدىن بىزار بولغان تۈركىي خەلقلىرى ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ھوقۇقلىرى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قوللىغان رەۋىشتە مەيدانغا چىقىپ، پۈتۈن دىققەتنى ئىچكى رۇسىيە رايونلىرىدىكى ۋە باشقا رايونلاردىكى ئاقلار ئارمىيىسىنى يوقىتىشقا قاراتتى. ئۇرۇش ۋەزىيىتى ياخشىلانغاندىن كېيىن بولسا، زور ساندىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا ئاتلانغان قورالىق كۈچلەرنى « باسمىچىلار» دەپ قارىلاپ ،ئۇلارنى يوقىتىشقا كىرىشىپ، 1922-يىلىغا كەلگەندە ۋەزىيەتنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. 1923-1921-يىللىرى ئارىسىدا ئورتاق تۈرك دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىگە مەنسۇپ بولغان تۇرار رىسقۇلوف، سۇلتانغالىيېۋ ۋە باشقىلارنى بىر-بىرلەپ يۇقىرى رەھبەرلىك ھوقۇقلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن جازالىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر كوممۇنىست رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ئەنە شۇنداق سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ مەھسۇلى ئىدى، خالاس.

## «ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ تۈپ نىشانى ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي ۋە سىياسىي كىملىكنى تىكلەش

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئېتنىك نامىنى ئۆزلىرىنىڭ قۇرغان جەمىيىتىنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، كۆپلىگەن ياشلارنى ئۇيغۇر ئېتنىك نامى ئاستىغا توپلىشى ۋە بۇنى بارا-بارا كېڭەيتىپ، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇملاشقان تارانچى ۋە قەشقەرلىق ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئەمەلىيەتتە كەلگۈسىدە بۇ نامنى پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدا ئومۇملاشتۇرۇش ھەمدە ئۇيغۇر ئېتنىك نامى ئاستىدا مىللىي دۆلەت قۇرۇش نىشانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ 1919-يىلىدىكى تەسىس يىغىنىدا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەقسىتىنى

مۇنداق يورۇتقان ئىدى:

« بىز مانجۇر ھۆكۈمدارلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان نادانلىق ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن تەرەپبازلىق ئادىتىدىن قۇتۇلۇپ، بىر ئىتتىپاقلىققا بىرلىششىمىز كېرەك. قەدىمىي < ئۇيغۇر> ناملىق مىللىتىمىز بەلگىلىك شارائىتلاردا يەنە مانجۇر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مىللىي ۋە ئىجتىمائىي ئەزگۈسىگە مۇپتىلا بولۇش نەتىجىسىدە سىنىپىي زىددىيەتچىلىك كېسىلىدىن پەيدا بولغان < قاشقارلىق>، < تارانچى> دېگەن سۈنئىي ناملار بىلەن ئىككى بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. بىزگە ئەمدى بۇ كېسەلدىن قۇتۇلۇش ۋاقتى يەتتى. بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىلمىي ئاساس بىلەن ئىسپاتلانغان نامى < ئۇيغۇر>. ئەمدى شۇ <ئۇيغۇر >نامىمىزنى ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرۈپ، مىللىتىمىزنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتنى تەرەققى ئەتكۈزەيلى»[24] .

ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتتا يولغا قويغان ئاساسلىق پروگراممىلىرى ئالدى بىلەن يەتتىسۇدىكى تارانچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى مائارىپىنى پەيدا قىلىپ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىش ئارقىلىق قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش بولدى. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قارىشىچە، قالاقلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، كۈچلۈك بىر سىياسىي ۋە ئاممىۋى جەمئىيەت قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقاتى ھەمدە ھەرىكەت قىلىشى بىلەن 1920-يىلىدىلا ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا 18 ئۇيغۇر مەكتىپى ئېچىلدى. بىلىمى يېتەرلىك ياشلارنى بولسا، تاشكەنتكە ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتتى[25] . جەمئىيەتنىڭ مۇزىكا ۋە دراما بۆلۈمى بولسا سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، كونسېرتلارنى قويىدى ھەمدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە دراممىلارنى ئويناپ كۆرسەتتى. ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ « مەنسەپپەرەس» دراممىسى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرى يېزىپ، ئۆزلىرى رېژىسسورلۇق قىلىپ ئويناپ چىققان دراما ئىدى. جەمئىيەتنىڭ يەنە بىر نەپەر ئەزاسى ئىسمائىل تاھىروف ئۆزبېك تىلىدىن ئىككى درامىنى تەرجىمە قىلىپ تەييارلاپ چىققاندىن كېيىن سەھنىلەشتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىرىنچى دراما گۇرۇپپىسى مەيدانغا كەلدى .[26]

(24) Abduméjit Rözibaqiyéf. Tengriqul qutluq. Perwaz mejmuesi. 1994. Almuta.11-bet
(25) Sawut Mollawutof. Shu eser. 188-bet.
(26) Sawut Mollawutof. Shu eser. 188-bet.

ئالمۇتىدا قۇرۇلۇپ يەتتىسۇنىڭ كۆپلىگەن ئۇيغۇر يېزىلىرىدا شۆبىلىرى بولغان « ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى، 1921-يىلى، 3-ئىيۇن كۈنى تاشكەنتتە چاقىرىلغان « ئالتىشەھەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى تەشكىلاتلىرى»نىڭ پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1-قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بويىچە« ئالتىشەھەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى»غا قوشۇلۇپ، ئايرىم جەمئىيەت بولۇشتىن قالدى[27]. دېمەك، 1919-يىلى، دەسلەپتە 9 ئادەمدىن قۇرۇلغان «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» 1921-يىلى، 6-ئايغا كەلگەندە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقلىرىغا ئاساس بولغان ھەمدە ئۇيغۇر قۇرۇلتايىدا بۇ نامنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نامى سۈپىتىدە ئەسلىگە كېلىپ، تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى، قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق قوللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاكتىپ ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە مەۋجۇتكى، ئالمۇتىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتى قۇرۇلغان چاغدا يەتتىسۇ ۋە پەرغانە قاتارلىق جايلاردا ئوخشاشلا« قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە ئىشچى-دېھقانلىرى جەمئىيىتى» دېگەن ئاممىۋى جەمىيەتمۇ مەيدانغا كېلىپ تېز تەرەققى قىلىشقا ئېرىشتى. بۇ ۋاقىتتا «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان « قەشقەر-جۇڭغارىيە ئىشچى -دېھقانلار تەشكىلاتى»غا قوشۇلۇپ كەتمەي ئايرىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، پەقەت 1921-يىلى، 6-ئايدا ئۇيغۇر نامى ئورتاق قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا خاتىمە بەردى؟ نېمە ئۈچۈن مەزكۇر جەمئىيەت قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە ئىشچى-دېھقانلار تەشكىلاتىغا باشتىلا ئەزا بولماي ئۇنىڭ بىلەن تەڭداش مەۋجۇت بولدى؟

بۇ ھەقتە يازما مەنبەلەر يوق ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرى ئىزدىنىشكە تېگىشلىكتۇر. قىسقىسى، 1919-يىلى 2-فېۋرالدا ئالمۇتىدا دەسلەپتە يەتتە ئەر ،ئىككى ئايال بولۇپ جەمئىي 9 ئۇيغۇر ياشتىن قۇرۇلغان « ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ئەڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى كۆپ مىليونلۇق ، بىر پۈتۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكى ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە باشلامچىلىق

(27) Abdulla Rözibaqiyéf. Besh yilliq hésab.<< birinchi chamdam>>, 1924-yili, Moskwa. 120-138-betler

ۋە ئاساسچىلىق رولى ئوينىدى دەپ قاراش خاتا ھۆكۈم بولمىسا كېرەك.

«ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ يادرولۇق ئەزالىرى كوممۇنىزم مەپكۇرىسىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا مىللىي ئىدىيە يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. ئۇلار مىللىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى تىكلىمەكچى ۋە لېنىنىزمنىڭ « مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى » شۇئارى ئاستىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇلارنىڭ غايىسى ئازاد ۋە سوتسىيالىستىك« ئۇيغۇرىستان» قۇرۇش بولۇپ، رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستاندا ۋە خەن مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ( شىنجاڭدا) ياشاۋاتقان «تارانچى» ۋە «ئالتىشەھەرلىك»لەرنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆزئارا ئايرىمچىلىقنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى ئورتاق مىللىي ئىدىيە، ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئورتاق سىياسىي كىملىك بايرىقى ئاستىغا تەشكىللەش ئىدى.

بۇ، دەل لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمپېرىيالىستلارغا قارشى دۇنيا ئىنقىلابى ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت شوئارىغا ماس كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن تۈركىستان ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈركىستان كومىسسىيىسىمۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزگەن ئىدى. ئەنە شۇ پروگراممىلارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1921-يىلى، 6-ئايدا تاشكەنت قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى.

بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇر مىللىي روھى ۋە «ئۇيغۇرىستان» ئاتالغۇسى كۆپلەپ تەرغىپ قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر شائىرلىرى، تارىخچىلىرى، سىياسىيونلىرى بۇ ئاتالغۇ ۋە مەزكۇر تېمىغا كۆپ مۇراجىئەت قىلدى. بولۇپمۇ، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ۋە ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى، شېئىرلىرى ۋە سىياسىي ماقالىلىرىدا «ئۇيغۇرىستان» ئاتالغۇسى ۋە ئىدىيىسى كەڭ قوللىنىلدى. مەسىلەن، ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ 1921-يىلى

يېزىلغان «ئېچىلماس كۆڭلۈم» ۋە «ياش يۈرىكىم » ناملىق شېئىرلىرى[28] ھەم نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ «نۇزۇگۇم» پوۋېستىدا «ئۇيغۇر مىللىي كىملىك روھى ۋە «ئۇيغۇرىستان» ئىدىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۆزىنىڭ مەزكۇر قۇرۇلتايىنىڭ ئېچىلىشىغا بېغىشلىما يېزىپ، «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدا ئېلان قىلغان باش ماقالىسىدىمۇ، قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە خەلقىنى، يەنى ئۇيغۇرلارنى ئازادلىق كۈرىشىگە چاقىرىپ، ئەمدىكى ئازادلىق نۆۋىتىنىڭ قەشقەرىيىگە كەلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

گەرچە، سوۋېت رۇسىيىسى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى كېيىن بۇ پىلانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئايرىم مىللىي كىملىكىنى تونۇغۇزۇش ۋە ئۇلارغا ئايرىم مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى، ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلارنى بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندا، ئوخشاشلا ئايرىم ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكى ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرغان بولۇپ، ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا پائالىيەت قىلىشىغا يول قويىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە كۆپلەپ ئوقۇشى، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى ئېچىشى ھەتتا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارنىڭ 1923-يىلىغا كەلگەندە «ئۇيغۇر بىلىگ ھەيئىتى» نامىدا ئىلمىي ، ئاقارتىش جەمئىيىتى تەسىس قىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىق خاتىرىسى بىلەن 1924-يىلى« بىرىنچى چامدام» نامىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئالماناخنى نەشر قىلدۇردى. بۇ توپلامغا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى، تارىخچىلىرى ۋە سىياسىيونلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم خەلق ئىجادىيەتلىرى كىرگۈزۈلدى.

## خۇلاسە

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» قۇرغان ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 1924-يىلدىن كېيىن يەتتىسۇ رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلىرىنى داۋا قىلغۇچىلارغا ئايلانغان ئىدى. 1919-يىلى قۇرۇلغان «ئۇيغۇر جەمئىيىتى » 1921-يىلى 6-ئايدا «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى»نىڭ تەسىس

(28) Uyghur Sowét Edebiyatining Tarixi. Qazaqistan “Nauka “ Neshiriyati. Almaty. 1986. 10-bet

قىلىنىپ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىگە مۇناسىۋەتلىك پروگراممىلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا ئۇيغۇر نامىنىڭ رەسمىي بېكىتىلىشىدە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. گەرچە ئۇلار، 1924-1922-يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا خۇددى ئۆزبېكىستان كەبى سوتسىيالىستىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇر مىللىي كىملىك ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنى تەرەققى قىلدۇرۇش غايىسىدىن يانمىدى.

ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەنە شۇ دەۋردىكى ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسىز بولۇشى پەقەت بىرلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىسمىتى بولماستىن ، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل-ئۇرال ۋە كاۋكازىيەدىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسمىتى ئىدى. چۈنكى، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۆزىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارەزىم سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى، ئالاش ئوردا ۋە باشقا مىللىي ھاكىمىيەتلەرنى بىر-بىرلەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆز پىلانىغا ئۇيغۇن ئايرىم سوتسىالىستىك مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇردى. ياش بۇخارالىقلار، ياش خىۋەلىكلەر، ئالاش ئوردا قاتارلىق مىللىي ۋە تۈركچىلىك ئىدىيىلىرىگە ئىگە تەشكىلاتلار ۋە پارتىيىلەرنى تازىلاپ، كەڭ كۆلەملىك پانتۈركىزمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. سوۋېت ھۆكۈمىتى غەرب ۋە ياپونىيە كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز بىخەتەرلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن بېيجىڭدىكى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈش يولىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ ئارزۇلىرى ۋە ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىنى قىلچە نەزەرگە ئالمىدى.

خۇلاسىلىغىنىمىزدا 1919-يىلى، 2-ئايدا قۇرۇلغان 9 كىشىلىك «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» 20-ئەسىر ئۇيغۇر مىللىي تەشكىلاتچىلىقى ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى. ئەنە شۇ 9 ئادەمنىڭ ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى تىكلەش ۋە ئۇيغۇر مىللىي روھىنى راۋاجلاندۇرۇش غايىسى ئاخىرقى ھېسابتا تولۇق ئەمەلگە ئاشتى.●

تەھرىر: ئا. يۇسۇپ

رېھىمقۇلۇ ياسىنئوغلۇ

# ئۇيغۇرلاردا كىملىك مەسىلىسى[1]

يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، كىملىك مەسىلىسى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كۆپ قەيت قىلىنىدىغان ۋە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بىر تېمىغا ئايلاندى. ئەسلىدە كىملىك ئۇقۇمى ئۇزاق تارىختىن بىرى مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىر ئۇقۇم بولسىمۇ، بىراق 1940 – يىللىرىدىن كېيىن پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەت پسىخولوگىيەسى ئىلمىي ساھەلىرىدە تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇشقا باشلىدى. 1980 – يىللاردىن ئېتىبارەن، كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىدە شەخسلەردىن بەكرەك ئىنسان توپى رولىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى ھېس قىلىندى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىجتىمائىي ئىنسانشۇناسلىق (ئىنتروپولوگىيە) ۋە سىياسەت قاتارلىق ئىلمىي ساھەلىرىدە جىددىي رەۋىشتە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئېتنىك مەنبە ۋە سىياسىي كىملىكنى ئاساس قىلغان مىللىي دۆلەت ئۇقۇمى ئىلمىي ساھەدە تېخىمۇ روشەن ئېنىقلىملارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، نۆۋەتتىكى دۇنيا سىياسىي سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەت ۋە قۇرۇلما قانۇنىيىتى بىر قەدەر روشەن يورۇتۇپ بېرىلدى.

ئىلمىي ساھەدە كىملىك ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، پىكىر ۋە چۈشەنچە ساھەسىدە كىملىك، ھەرقانداق بىر شەيئىنى ئۇ شەيئى قىلغان، ئۇ شەيئى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئىسپاتلاپ بېرىدىغان، پەقەت شۇ شەيئىگىلا خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ توپلىمى[2]، دەپ ئىزاھلىنىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىي ئىنسانشۇناسلىق (ئىنتروپولوگىيە) ئىلمىي ساھەسىدە كىملىك، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت

(1) مەزكۇر ماقالە ئاممىباب ئۇسلوبتا ئاۋامغا قارىتىپ يېزىلغان قىلغاچقا، كىملىك ئىلمىغا مۇناسىۋەتلىك نەزىرىيەلەرگە كۆپ مۇراجىئەت قىلىنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىزمۇ مەزكۇر ئىلىمدە كەسىپ ئەھلى بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەمەلىي ئەھۋال ۋە تارىخى پاكىتلار ئاساسىدا، ئۆزىمىزگە مەنسۇپ خۇسۇسىي قاراشلىرىمىزنى تەكلىپ تەرقىسىدە ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ يۆلىنىشتىكى نەزرىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ توغرا چۈشۈنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(2) سۇئاۋى ئايدىن: «كىملىك سورۇنو، ئۇلۇساللىق ۋە تۈرك كىملىغى» (كىملىك مەسىلىسى، مىللىي دۆلەت ۋە تۈرك كىملىكى)، ئۆتەكى ياينلارنى (ئۆتەكى نەشرىياتى)، ئەنقەرە 1999، 12 – بەت. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، تۈركچىدىكى ئۇلۇساللىق ئاتالغۇسى ئۇيغۇرچىدىكى مىللەت، مىللىيلىك دېگەن مەنىلەرگە توغرا كەلسىمۇ، كەلىمىنىڭ نىگىزى ھازىرقى زاماندىكى تىل، كۈلتۈر ۋە سىياسى جەھەتتىكى مۇستەقىللىق ياكى باراۋەرلىك ئاساسدا شەكىللەنگەن مىللەت ۋە مىللىيلىك ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، بۇ خىل مەنىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن مىللىي دۆلەت دەپ ئەسكەرتتىم.

ھېسابلىنىدىغان ئىنسانلارغىلا خاس بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئالامەت، ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقلار ئارقىلىق مەلۇم شەخس ياكى مەلۇم ئىنسانلار توپىنى شۇ شەخس ياكى شۇ توپ قىلغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ توپلىمى[3]، دەپ ئىزاھلىنىدۇ. سىياسەت ۋە قانۇن ساھەسىدە كىملىككە، مەلۇم بىر ئىنساننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئىسپاتلايدىغان بەلگە ياكى كىنىشكا [4]، دەپ ئېنىقلىما بېرىلىدۇ.

پىكىر ۋە چۈشەنچە ساھەسىدىكى كىملىك ئېنىقلىمىسىغا ئاساسلانغاندا، كىملىك بىر مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى بولۇپ، كىملىكى بولمىغان شەيئى مەۋجۇت بولالمايدۇ. دۇنيادا كىملىكى يوق شەيئى، تۈر ياكى ئىنسان توپى يوقتۇر. ئۆزىنى ئۆزى قىلغان، ئۆزىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ياكى كۆرسىتىدىغان بىرەر ئالاھىدىلىكى بولمىغان بىر تۈر ياكى ئىنسان توپى، ئۇنىڭدا بار بولغان ئالاھىدىلىككە ئورتاق بولغان باشقا بىر تۈر ياكى ئىنسان توپىغا مەنسۇپ بولىدۇكى، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا كىملىك، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنسانغا خاس بىر ئۇقۇمدۇر. كىملىكنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، بىرى تونۇش ۋە تونۇتۇش، يەنە بىرى مەنسۇبىيەتتۇر. تونۇش ۋە تونۇتۇش دېگىنىمىز، مەلۇم بىر شەخس ياكى ئىنسان توپىنىڭ باشقا شەخس ياكى ئىنسان توپلىرى تەرىپىدىن قانداق تونۇلغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنى قانداق تونۇتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا تىل ۋە كۈلتۈر جەھەتتىكى كىملىك ئالاھىدىلىكى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. مەنسۇبىيەت بولسا مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر كىملىككە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، مەلۇم بىر شەخس جەمئىيەت تەرىپىدىن مەلۇم بىر كىملىكتە تونۇلغان بولسىمۇ، مەزكۇر شەخس ئۆزىنى بۇ خىل كىملىككە مەنسۇپ دەپ قارىمىسا، بۇ شەخسنى ئۇ خىل كىملىككە ئىگە دېگىلى بولمايدۇ.

سىياسەت ۋە قانۇن ساھەسىدىكى كىملىك ئۇقۇمى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيەتتىكى كىملىكىدىن بەكرەك، قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە تارماقلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان پاكىتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، كىملىكنىڭ تونۇش تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىپ، تونۇتۇش تەرىپىنى قىسمەن، مەنسۇبىيەت تەرىپىنى تامامەن نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ.

(3) سۇئاۋى ئايدىن، يۇقۇردا كۆرسىتىلگەن كىتاپ، 12 – بەت.

(4) سۇئاۋى ئايدىن، يۇقۇردا كۆرسىتىلگەن كىتاپ، 12 – بەت.

پىكىر ۋە چۈشەنچە ساھەسىدىكى كىملىك ئېنىقلىمىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن يوقلۇق ئالەمىدىن ئايرىلىپ، مەۋجۇدات ئالىمىگە مەنسۇپ بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا مەۋجۇدات كىملىكىگە ئىگە بولىدۇ. جانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن جانسىز مەۋجۇداتتىن پەرقلىق ھالدا، جانلىق مەۋجۇدات كىملىكىگە ئىگە بولىدۇ. ھەرىكەت ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆسۈملۈك تىپىدىكى جانلىق مەۋجۇدات كىملىكىدىن پەرقلىنىپ، ھايۋان[5] تىپىدىكى جانلىق مەۋجۇدات كىملىكىگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئەقلىي تەپەككۇر قاتارلىق بىر قاتار خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھايۋان تىپىدىكى جانلىق مەۋجۇدات كىملىكتىن پەرقلىنىپ، ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ھايۋان تىپىدىكى جانلىق مەۋجۇدات كىملىكىگە، قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا بىر ئېغىز سۆز «ئىنسان» كىملىكىگە ئېرىشىدۇ. ئىنسان ئىنسان كىملىكىگە ئېرىشكەندىن كېيىنكى كىملىك ئۇقۇمى ئىنسانغىلا خاسلىشىدۇ، ئىنسان كىملىكى ئۈچۈن «كىم» سوئال ئالمىشى قوللىنىلسا، ئىنسانلاردىن باشقا بارلىق شەيئىلەر ئۈچۈن «نېمە » سوئال ئالمىشى قوللىنىلىدۇ.

ئىنسانلار توپلىشىپ ياشايدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق جانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي خاسلىققا ئىگە مەۋجۇتلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر خىل جانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسان توپىمۇ باشقا توپلىشىپ ياشايدىغان جانلىقلار توپىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئىنسان توپى جەمئىيەت شەكىللەندۈرىدۇ. جەمئىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش، بەلگىلىك بىر ئورتاق غايە ئاساسىدا ئالغا ئىلگىرىلەش قاتارلىق سانسىز ئامىللارغا باغلانغان ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋەتتىن شەكىللىنىدىغان مۇرەككەپ بىر قۇرۇلمىدۇر. جەمئىيەت ئىچكى ئاملى مۇرەككەپ بىر قۇرۇلما بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر بىر ئىنساننى ئوخشىمىغان كىملىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، بىر ئايال، دېگەن جۈملىدىن پەقەت بۇ ئىنساننىڭ چىشى ئىنسان تىپىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىلا بىلگىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئايال بىر ئۇيغۇر ياكى بىر خىتاي، بېيجىڭلىق ياكى ئۈرۈمچىلىك، كومپارتىيە ئەزاسى ياكى ئاما، دېھقان ياكى كادىر... ۋەھاكازا دېگەندەك نۇرغۇن كىملىك ئالاھىدىلىكىگە

(5) بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى لايىق كۆردۈمكى، ھايۋان كەلىمىسى ئەسلىدە ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، ھاياتلىق ئىگىسى دېگەن مەنىدە. ئەرەبچىدىمۇ ھەرىكەت قىلالايدىغان جانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلالمايدىغان جانلىقنى بىر – بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، مەنمۇ بۇ يەردە شۇنى مەقسەت قىلىپ بۇ كەلىمىنى ئىشلەتتىم. بۇنىڭدىن باشقا ماتېرىيالىستىك مەنادا، ئىنسانغا ھاقارەت بولىدىغان مەنادا ئىشلەتمىدىم.

ئىگە بولغان بولىدۇ. دېمەك، ئېنىقكى ھەر بىر شەخس بىر كونكرېتنى خۇسۇسىي كىملىككە ۋە كىملىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇنىڭدا پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان بەلگىلىك ئالاھىدىلىك بولمىسا ئۇ ئۇ شەخسنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ. كىملىك بىر ماھىيەت مەسىلىسى بولۇپ، بىر شەخسنى ئىككىنچى بىر شەخستىن ئايرىيدىغان ماھىيەت جەھەتتىكى خاسلىق پەرقىنى كۆرسىتىدۇ .

ھازىرقى زاماندا ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنى كونكرېت جەھەتتىن تونۇش ۋە تونۇتۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىنسانلىق، ئەرلىك ۋە ئاياللىقتا ئوخشاش ئابستراكت ۋە ئومۇمىي خاراكتېردىكى كىملىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن باشقا، ئېتنىك ۋە مىللىي كىملىك ئالاھىدىلىكى، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت كىملىك ئالاھىدىلىكى، دۆلەت تەۋەلىكى ۋە سىياسىي كىملىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل ئابستراكت مەنىدىكى ئىجتىمائىي كىملىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشى ۋە تونۇتۇشى زۆرۈردۇر. بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكى شەخسنىڭ تونۇشى ۋە تونۇلىشىدا بارغانچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ماقالىمىزنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك مەسىلىسىمۇ، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش، بايقاش، سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا.

ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە تارماقلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «دۇنيا مەمۇرىي رايونلار خەرىتىسى» دە، ئۇيغۇر ۋەتىنى بىۋاستە كۆرسىتىلمىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى ۋە قەيەرنى ۋەتەن تۇتۇپ ياشاۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيسىز. بىراق يەرشارىدىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ھېسابلىنىدىغان ياۋرو – ئاسىيا ماترىكىنى غەرب – شەرق ، جەنۇب - شىمال يۆلىنىشلىرى بويىچە سىزغۇچ قويۇپ ئۆلچەپ، دەل مەركىزىنى تاپقىنىڭىزدا، كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭىز خىتاي دۆلىتى بىلەن ئوخشاش رەڭدە بويالغان، ھەمدە خىتاي ھاكىمىيىتى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان خوراز شەكىللىك تۇپراقلارنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا توغرا كېلىدىغان بىر رايوندا توختايدۇ. مەركىزىي ئاسىيا دەپ ئاتىلىدىغان ئاسىيانىڭ كىندىكى، دۇنيانىڭ جۇغراپىيەۋى مەركىزى ھېسابلىنىدىغان بۇ رايون ، بۇ يەردىكى بىر خەلقنىڭ ئەسىرلەردىن بىرى ياشاپ كەلگەن ئانا ۋەتىنىدۇر.

شىمالى كەڭلىك 32 گرادۇس 22 مىنۇت ۋە 49 گرادۇس 33 مىنۇت ئارىسى،

ھەمدە شەرقىي مىردىئان 73 گىرادۇس 21 مىنۇت ۋە 96 گىرادۇس 21 مىنۇت ئارىسىغا جايلاشقان[6]، بىر مىليون 664 مىڭ 900 كىۋادرات كىلومېتىرلىق[7] بۇ بىپايان زېمىندا، نۆۋەتتە ئاتمىش يىلدىن بىرى كەلكۈندەك ئېقىپ كەلگەن سەككىز مىليوندىن ئارتۇق خىتاي كۆچمىنى ۋە ئىككى مىليوندىن ئارتۇق، يەرلىك تۈركىي قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بىرگە، 10 مىليون 69 مىڭ 346 نەپەر[8] نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇر نامىدىكى بىر خەلق ياشايدۇ.

ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان بىر تىل ئائىلىسىدىكى ئىگە بۇ خەلق، تۈركىي قەۋملەر ئىچىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، پارلاق مەدەنىيەت ۋە شانلىق تارىخلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن قەدىمىي خەلق - «ئۇيغۇر» لارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت ۋە تارىخ مىراسلىرىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىرى سۈپىتىدە، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار نامدا ئېتنىك ۋە مىللىي كىملىك ئائىلىدىككە ئىگە بولدى. مىلادى 10 – ئەسىردىن ئىلگىرى كۆپ قېتىم دىن – ئېتىقاد ئۆزگەرتكەن بۇ خەلق، مىلادى 10 – ئەسىردە ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئىسلام ئېتىقادىغا سادىق بولۇپ، ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى يارىتىپ، باشقا ئىسلام قەۋملىرىدىن ئايرىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە مەدەنىيەت بىرلىكى ھاسىل قىلدى، ھەمدە مۇسۇلمانلىقتىن ئىبارەت ئەقىدە ۋە مەدەنىيەت كىملىكىگە ساھىب بولدى. 2 – دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن دۇنيانىڭ سىياسىي – مەمۇرىي تەقسىماتىدا، ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ خىتاي دۆلىتىگە مەنسۇپ قىلىنىشى، مىڭ يىللاردىن بىرى بۇ ۋەتەندە ياشاپ كەلگەن بۇ خەلققە خالار - خالىماس «جۇڭگولۇق» بولۇشتىن ئىبارەت سىياسىي كىملىكنى «بەخش » ئەتتى.

«ئۆتمۈش كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدۇ» دەيدۇ ۋولتېر بېنيامىن تارىخ ھەققىدىكى باياناتلىرىدا. بىراق ئۆتمۈش، ئۆتمۈشنىڭ خەۋەرلىرىگە قۇلاق بەرگەن، ئەستايىدىل ۋە ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن دىققەت قىلغان، ئۆتمۈشنىڭ خەۋەرلىرىدىن تېگىشلىك ساۋاق ئالالىغان كىشىلەرگىلا كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

(6) خىتاي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 2012 – يىللىق دۆلەت زېمىن بايلىقىنى ئۆلچەش – سىزىش دوكلاتىدىن ئېلىندى.

(7) 1949 – يىلدىن ئىلگىرىكى مەلۇماتلاردا بىر مىليون 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، دەپ كۆرسىتىلگەن بۇ زېمىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىچىلكلەپ شۇنچىلىك قالغان.

(8) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 2012 – يىل 6 – قېتىملىق ئومۇمىي نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجە دوكلاتىدىن ئېلىندى.

شۇڭلاشقا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنى قانداق بولۇۋاتىدۇ ؟ كەلگۈسى قانداق بولىدۇ؟ بۇ خەلق نامدا ساھىب بولغان بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى قانداق؟ ئۇيغۇر خەلقى كەلگۈسىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتا ئۇ ئىگە بولغان ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكى قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟... دېگەندەك كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ بېشارىتىنى ئۆتمۈشنىڭ خەۋەرلىرىدىن ئىزدەپ كۆرۈش مەقسىتىدە، ئۇيغۇر خەلقى مەنسۇپ بولۇۋاتقان بۇ ئۈچ خىل كىملىك نامىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

## 1 ـ ئۇيغۇرلاردىكى ئۈچ خىل كىملىك نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى:

### 1 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ۋە مىللىي كىملىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان «ئۇيغۇر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قوللىنىلىشى:

«ئۇيغۇر» نامىنىڭ قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نەق يازما خاتىرە يوق، شۇڭداقتىمۇ مەنبەلەرگە ئاساسەن مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بولىدۇ. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، «ئۇيغۇر» نامىنى ئالېكساندىر ماكىدونىيىغا باغلاپ، «ئۇيغۇر» نامىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى تۆتىنچى ئەسىردە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ[9]. تارىخىي داستان «ئوغۇزنامە» دە «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىمەن»[10] دېيىلگەن بولۇپ، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئوغۇزخاننى ھون تەڭرىقۇتى باتۇر دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا «ئۇيغۇر» نامى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە مەۋجۇت ئىدى دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. چەتئەل مەنبەلىرىگە قارايدىغان بولساق، مىلادىيە ئىككىنچى ئەسىردە ياشىغان گېرېك ئالىمى تولمىي «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا «ئوكخورداش، ئوكخورداي» ناملىرىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، بىر قىسىم ئالىملار بۇ ئىككى نامنى «ئۇيغۇر دەرياسى، ئۇيغۇرلار» دېگەن ناملارنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ كۆرسىتىدۇ[11]. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئۇيغۇر» نامى

(9) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1981، 1 – توم 151 – بەت؛

(10) «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1989، 30 ـ بەت؛

(11) گراتىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ماقالە، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاخباراتى » 1992 ـ يىل 5 ـ سان، 11 ۋە 14 ـ بەتلەر.

مىلادىيەنىڭ بېشىدىن تاكى 6 - ئەسىرگىچە، يەنى تۈرك ھاكىمىيەتلىرى ئوتتۇرىغا چىققۇچە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

مىلادىيە 7 - ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن ئۇيغۇر نامى قايتىدىن تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ماتېرىياللاردا «ئۇيغۇر» نامى 回纥، 回鹘 دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار مىلادىيەنىڭ 740 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن تۈركلەرنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە ئالغانلىقى، خىتاي تارىخىدا بىر قەدەر ئۇچۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوڭلۇك - سويگۇن توپىلىڭىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا باج - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولغانلىقى، مىلادىيە 840 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تۈرلۈك ئىچكى نىزالار، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشقانلىقى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمى ۋە قۇترىتىشى بىلەن قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىپ ئاغدۇرىۋەتكەنلىكى، خەلق ئۈچكە بولۇنۇپ بىر بۆلىكىنىڭ شۇ زېمىندا قېلىپ، قىرغىزلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتكەنلىكى، ئوگە تېگىن ۋە ئارمۇزد تېگىن باشچىلىقىدا سانى 300 مىڭدىن ئاشىدىغان بىر بۆلەك خەلق بولسا جەنۇبقا - سەددىچىن ئىچىگە كۆچۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغانلىقى ۋە ئۇزاققا قالماي خىتايغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كەتكەنلىكى، يەنە بىر بۆلىكىنىڭ (تەخمىنەن 200 مىڭ دەپ مۆلچەر قىلىنىلىدۇ) غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەلىكىگە كەلگەندە يەنە ئىككىگە بولۇنۇپ، بىر بۆلىكى گەنسۇ ئۆلكىسى دائىرىسىدە قېلىپ، مۇشۇ زېمىننى مەركەز قىلىپ «گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ھاكىمىيەتنى قۇرغانلىقى، يەنە بىر بۆلىكى تۇرپان - قارا شەھەر دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى، كېيىنچە بەشبالىقنى مەركەز قىلغان بىر ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. كېيىنكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادى 1209 - يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەڭرىقۇتى پارچۇق ئارات تېگىن ئۆز ئېلىنى يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان قىتانلارنىڭ نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ موڭغۇللارغا بېقىندى. موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇ چاغلاردا مەدەنىيەت جەھەتتىن ناھايىتى قالاق بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۇلارغا مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە يېتەكچى بولغان بولسىمۇ، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن «ئۇيغۇر» نامى تارىخىي مەنبەلەردە ئاساسەن كۆرۈنمەي قالدى. شۇندىن كېيىن ئەلشىر نەۋائىي «مۇھاكىمە تىل لۇغەتىن» ئەسىرىدە ۋە زوھۇرىدىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە بىر نەچچە جايدا «ئۇيغۇر» ئىبارىسىنى تىلغا ئالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا «ئۇيغۇر»

نامى ئاساسەن ئىشلىتىشتىن قالدى. بۇ خىل ھالەت تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشتى. ھەممىگە مەلۇم ئالىملاردىن ئابدۇقادىر داموللا، ھۈسەيىنخان تەجەللى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتىدى[12]. خىتاي مەنبەلىرىدىمۇ ئۇيغۇر ۋەتىنى مۇسۇلمانلار يۇرتى (回疆) دەپ ئېلىندى، ھەمدە يەرلىك خەلقنى تۈگۈنلىكلەرنى ئالغان دەپ ئاتىدى. دېمەك، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام مىلادىيە 1350 - يىللاردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇنتۇلۇپ، «تۈرك» نامى قوللىنىلدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاررۇسىيە ئاغدۇرۇلۇپ تۈنجى سوتسىيالىستىك ئىمپېرىيە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. سوۋېت ئىمپېرىيەسى بارلىققا كېلىشى بىلەنلا ئۆزىنى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ باشلامچىسى دەپ ئېلان قىلدى، ھەمدە تۈرلۈك ئامىللار بىلەن غەربىي تۈركىستاننى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى مەڭگۈ ئىشغالىيەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن پارچىلاپ باشقۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇر ئېچىدىكى تارىخىي ئەنئەنە ۋە يېقىنقى زامان سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ، جۇغراپىيەلىك پەرقنى ئاساس، مەلۇم نىسبەتتىكى ئېتنىك مەنبە پەرقىنى قوشۇمچە قىلىپ يېڭى مىللەتلەر ياساپ چىقىلدى . دەل بۇ يېڭى ياساپ چىقىلغان مىللەتلەرگە نام تېپىش ئېھتىياجى «ئۇيغۇر» نامىنىڭ قايتىدىن قىزىپ چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولدى. س. ئە مالوۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 1921 - يىلى تاشكەنتتە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى تارىختا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ھەمدە بۇ نامنى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق خەلقنىڭ ئورتاق نامى قىلىشنى بىردەك قوللىدى[13]. شۇنداق قىلىپ «ئۇيغۇر» نامى قايتىدىن تارىخ يۈزىگە چىقىپ كەلدى. بۇ نام بېكىتىلىپ قانۇنلاشقاندىن كېيىن مەتبۇئات، تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە ئېلان قىلىنىش بىلەن بىرگە ئالىي ئىلىمگاھلاردا قوللىنىلىشقا باشلىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئىلىم ئېلىش

(12) «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1989، 90 - 102- بەتلەر؛

(13) بۇ يىغىن 1921 - يىل 6 - ئايدا ئېچىلغان بولۇپ، شۇ نۇقتىنى ئىلمىي ھالدا پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، يىغىندا رۇس ئۇيغۇرشۇناسى مالوۋ ئۇزىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىقتىكى شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ، «ئۇيغۇر» نامىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ شەرھلەپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى قايىل قىلغان. چۈنكى مالوۋ ئاكادېمىك رادلوۋنىڭ شاگىرتى بولۇپ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپ تۈرك تىلى تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان. 1909 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە، 1913 - يىلدىن 1915 - يىلغىچە شىنجاڭ ۋە گەنسۇدا ئۇيغۇرلارنىڭ (سېرىق ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تىل ۋە فولكلورىنى تەكشۈرگەن. 1916 - يىلى تۈرك فىلولوگىيىسى بويىچە ماگىستىر بولغان. 1917 - يىلدىن كېيىن قازان، پېتربورگ، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەردە تۈرك تىل - ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتكەن. 1939 - يىلى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى بولغان. ئۇ ھاياتىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن كىتاب، ماقالىلەر ئېلان قىلغان.

ئۇچۇن سوۋېتقا چىققان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەدرىجىي ھالدا بۇ نامنى قوبۇل قىلدى. مەمتىلى توختىھاجى ئوغلى تەۋپىقى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىندۇر. خىتاي ھۆكۈمەت دائىرلىرىمۇ رەسمىي ھۆكۈمەت ماتېرىياللىرى ۋە ئاخبارات ساھەسىدە، 1934 - يىلىدىن باشلاپ «چەنتۇ» دېگەن نامنى «ئۇيغۇر» دەپ ئۆزگەرتىپ، 2 - نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىدا قانۇنلاشتۇردى. قۇرۇلتايدا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى خىتايچە تەلەپپۇز تەرجىمىسى مەسىلىسىمۇ مۇزاكىرە قىلىنىپ، 威武 ئار دىگەندەك لايىھەلەر ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. كېيىنچە بۇرھان شەھىدى يۇۋۇنىبىن بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ 维吾尔 دەپ بېكىتكەن بولۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىغا سۇنۇپ ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر نامىنىڭ خىتايچە رەسمىي يازما شەكلى شۇ بويىچە قوللىنىلدى[14].

**2 - ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت كىملىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان «مۇسۇلمان» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلىشى:**

ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، مىلادى 7 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تاللىنىپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئىنسانىيەتكە بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلىشى نەتىجىسىدە، قايتىدىن جانلانغان ئىبراھىم (ئەلەيھىسسالام) يولى، تەۋھىد ئەقىدىسى ئاساسىدىكى يېڭى بىر دىن بارلىققا كەلدى. بۇ دىن مەزكۇر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئانى كەرىمدىكى ئېنىق ھۆكۈملەر ئارقىلىق «ئىسلام» دېگەن نامدا ئاتالدى. بۇ دىننى تاللىغان ۋە بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان ئىنسانلارمۇ، يەنە شۇ قۇرئانى كەرىمنىڭ روشەن بايانلىرى ئاساسىدا «مۇسۇلمان» دەپ ئاتالدى.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە، شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى ۋە پارس سەلتەنىتىنى يىقىتىپ تىز سۈرئەتتە كېڭەيدى. بىراق تۆت خەلىپە دەۋرىدىن كېيىن، ھەزرىتى مۇئاۋىيە مەزگىللىرىدە فەتھ سۈرئىتى ئاستىلاپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ زېمىنلىرىغا ئىچكىرلەپ كىرەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ مىلادى 751 – يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشى غەلىبىسىدىن كېيىن، ئىسلام دىنى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا

(14) «شىنجاڭ تارىخي ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە، 28 - توپلام.

ئاستا ئاستا يىلتىز تارتىشقا باشلىدى[15].

ھىجرى 320 – يىلى (مىلادى 932 - يىلى) بۇخارادىكى سامانىي خاندانلىقىغا مەنسۇپ، ئەبۇ نەسر سامانى دېگەن ئالىم، سودىگەر قىياپىتى بىلەن سودا كارۋىنى بىلەن بىرلىكتە ئاتۇشقا كەلگەن بولۇپ، بۇ زات بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شاھزادە ساتۇق تېكىن بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىدىن تەلىم بېرىدۇ. بەزى تارىخى مەلۇماتلار ئاساسلانغاندا ھىجرى 333 – يىلى (مىلادى 944 ياكى 945 - يىلى) سۇلتان ساتۇق بۇغراخان رەسمىي ھالدا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرى رەسمىي يوسۇندا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە مۇسۇلمان نامى كەڭ قوللىنىشقا باشلىدى، شۇنداقلا بۈگۈنگە قەدەر قوللىنىپ كېلىندى[16].

**3 - ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ۋە سىياسىي كىملىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرستىدىغان «جۇڭگولۇق» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلىشى:**

ھەممىگە مەلۇمكى، خىتايلار بىلەن تۈركى خەلقلەر، جۈملىدىن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي كۈرەش ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر كۈرەشتۇر. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە ئەبەدىي دۈشمىنى بولغان خىتايلار تارىختىن بىرى ئۆزلىرىنى ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەن بولۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تارىختا ئۇلارنى تابغاچ ، ماچىن، چىن، خىتاي[17]، قارا خىتاي، خاقانى چىن[18] دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەن ئىدى. 1911 – يىلى خىتاي مىللەتچىسى سۈن جۇڭشەن توڭگۇز يىلى ئىنقىلابىنى (شىنخەي ئىنقىلابى) قوزغاپ چىڭ مانجۇ ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ۋە «جۇڭخۇا مىنگو» نامىدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خىتايلار ئۆز دۆلىتىنى قىسقارتىپ «جۇڭگو» دەپ ئاتايدىغان بولدى. 1949 – يىلى 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرى بۈگۈنكى خىتاي دۆلىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ چىقتى ۋە داۋاملىق «جۇڭگو» نامىنى ئىستېمال قىلدى. ئۇيغۇرلار خىتايلارنى ئىزچىل خىتاي نامى بىلەن ئاتاپ كەلگەن بولسىمۇ 1949 – يىلدىن

(15) بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن قۇرئانى كەرىم ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارغا مۇراجەت قىلىڭ؛

(16) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، ئەنقەرە 1989، 131 – بەت؛

(17) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1981، 1 – توم 591 – بەت؛

(18) مۇللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

كېيىن خىتاي دۆلىتى رەسمىي بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنى رەسمىي ھۆججەتلەردە دۆلەتنى «جۇڭگو»، خىتاي خەلقىنى «خەنزۇ» دەپ ئاتاشقا مەجبۇرلىدى. بىراق ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، ئاشكارا سورۇنلاردا خىتاي دېيىشتىن تەپ تارتىسمۇ، ئۆزئارا سۆھبەتلەردە يەنىلا خىتاي كەلىمىسىنى قوللىنىپ كەلمەكتە. چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئېغىز ۋە يېزىق تىللىرىدا بىردەك خىتاي كەلىمىسىنى قوللانماقتا. «جۇڭگو» نامىغا كەلسەك، 1949 – يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر ۋەتىنى تامامەن خىتاي دۆلىتىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى قىلىۋېلىنغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى جۇڭگولۇق دەپ ئاتىمىدى ۋە جۇڭگو پۇقراسى سالاھىيىتى بىلەن چەتئەلگە چىققان ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلارغا بۇ نامنى قوللىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمىدى. 1985 – يىلى سېنتەبىردە خىتاي دۆلىتى 29 – نومۇرلۇق رەئىس پەرمانى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا ئاھالىلەر كىملىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىشنى قارار قىلدى[19]. بۇ قېتىملىق تارقىتىلغان كىملىك (ئۇيغۇر ۋەتىنىدە دەسلىپىدە سالاھىيەت كىنىشكىسى دەپ تەرجىمە قىلىنغان، كېيىنچە كىملىك دەپ ئۆزگەرتىلدى) «بىرىنچى ئەۋلاد كىملىك» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى جۇڭگولۇق دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولدى ۋە شەكىل جەھەتتە بولسىمۇ ئاستا – ئاستا بۇ كىملىك نامىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

## 2 – ئۆچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇيغۇرلاردا بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكى:

### 1 ـ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ماھىيىتى :

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلگەن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شەخس كىملىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرى سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. بۈگۈنكى دۇنيادا بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىك ئۆتكىلىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ، شەخس كىملىكنى كونكرېت ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ئىنساننىڭ ئېتنىك ۋە مىللىي كىملىكنى پىترەت (يارىتىلىشتىن) بەلگىلەيدۇ، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت كىملىكى ئىنسان ھۆرىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ، دۆلەت تەۋەلىك ۋە

(19) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاھالىلەر كىملىك گۇۋاھنامىسى نىزامنامىسى»، 1985 – يىلى 9 – ئاينىڭ 6 – كۈنى؛

سىياسىي كىملىكى بولسا كۆچ – قۇۋۋەتكە تايانغان بولىدۇ.

ئېتنىك ۋە مىللىي كىملىك پىترەت، يەنى يارىتىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىنىڭ تونۇش ۋە تونۇتۇلۇش تەرىپى كۈچلۈك بولىدۇ، مەنسۇبىيەت تەرىپى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك بۇ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىدە شەخسنىڭ مەلۇم بىر كىملىككە ئىگە بولۇشى، ئۇ شەخسنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تونۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەزكۇر شەخسنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىپادىسىنىڭ ھېچقانچە رولى بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت كىملىكى شەخسنىڭ ھۆررىيىتى ئاساسىدا مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە قارار بېرىش نەتىجىسىدە رويابقا چىقىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىدە كىملىكنىڭ تونۇش ۋە تونۇتۇلۇش تەرىپى بىلەن، مەنسۇبىيەت تەرىپى تەڭپۇڭلۇق ۋە بىردەكلىكنى ساقلىغان بولىدۇ. يەنى ئىنسان ئۆز ھۆررىيىتى بويىچە مۇئەييەن بىر خىل ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى خالايدۇ، تاللايدۇ، ئۆزىنى شۇ خىل ئىدىيە ھەم مەدەنىيەتكە مەنسۇپ دەپ بىلىدۇ ۋە شۇ لىنىيە بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ، ھەمدە ئۆزىنى شۇ خىل ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە باشقىلارغا تونۇتىدۇ ۋە شۇنداق تونۇلىدۇ.

دۆلەت تەۋەلىكى ۋە سىياسىي كىملىك بولسا كۈچ ۋە قۇۋۋەتكە تايىنىدىغان بولغاچقا، مەلۇم بىر شەخس مەنسۇپ بولغان كىملىك توپى يېتەرلىك كۈچ – قۇۋۋەتكە ئىگە بولسا، ئۆزىنىڭ ئىككى خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىنى قوغدايدىغان بىر سىياسىي كۈچ تەشكىل قىلالايدۇ ۋە شۇ بويىچە ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكى بىر – بىرىگە زىچ گىرەلەشكەن بىر گەۋدە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق كىملىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىنسانلاردا روھىي جەھەتتىن ھېچقانچە بېسىم بولمايدۇ. ئەگەر شەخس مەنسۇپ بولغان كىملىك توپى يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولالمىسا، كىملىك ئالاھىدىلىكى پەرقلىق بولغان باشقا ئىنسان توپلىرى بىلەن خالار – خالىماس بىرگە ياشاش، ئورتاق سىياسىي كىملىكنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۆلەت تەۋەلىكى ۋە سىياسىي كىملىك ئالاھىدىلىكىمۇ، كىملىكنىڭ تونۇلۇش تەرىپىگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە كۈچ مەنبەلىك بىر خىل ئالاھىدىلىك بولغاچقا، مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى بىلەن بىردەكلىك ساقلىيالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىنسانغا كۈچلۈك روھىي بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىدە، كىملىكنىڭ ئىككى خىل تەرىپىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلايدىغان ۋە ئىنساننىڭ ھۆرىيىتىگە تايىنىدىغان ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت كىملىكى ماھىيەتتۇر، مەركەزدۇر ۋە ئاساستۇر. پىترەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلىپ تونۇلىدىغان ئېتنىك ۋە مىللىي كىملىك بولسا شەكىلدۇر، ئىپادىدۇر، خاسلىقتۇر. كۈچ – قۇۋۋەتكە تايىنىدىغان دۆلەت تەۋەلىك ۋە سىياسىي كىملىك بولسا پەرۋىشكاردۇر، قوغدىغۇچىدۇر، مەۋجۇتلۇقنىڭ كاپالىتىدۇر. بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكى ئىنسان ۋە ئىنسان توپىدا تېگىشلىك ئورنىنى ئېلىپ زىچ ماسلاشقاندا، بۇ ئىنسان توپى مەۋجۇتلۇقنى داۋام قىلىش بىلەن بىرگە، تەرەققىيات يۆلىنىشىدە ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ئەگەر ئەھۋال ئەكسىچە بولسا، بۇ خىل ئىنسان توپى خىرىس ئىچىدە بولغان بولىدۇ، مەۋجۇتلۇقنى داۋاملاشتۇرالىشى قىيىنغا توختايدۇ.

**2 - ئۇيغۇرلاردا ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالى:**

پىترەت، ھۆرىيەت ۋە قۇۋۋەت ئاساسىدىكى بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ماھىيىتى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

شۇنداق، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇ ئاتالغۇلارغا ھەقىقەتەن بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر نامىغا بولغان مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى خېلىلا كۈچلۈك. ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى شۇنچىلىك ناچار بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىدىن نومۇس قىلىدىغان، ياكى ئۇيغۇر كىملىكىنى ئىنكار قىلىدىغان بىرەرمۇ ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك. ئۇلار ئۇيغۇر نامىنى ئۇلۇغ بىلىدۇ. بىراق ئۇلار كىملىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ماھىيىتىنىڭ، جەۋھىرىنىڭ بارغانچە خوراپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىگەندەك دىققەت قىلمايۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلالمىسىمۇ، چوشقا گۆشى يەيدىغان ئۇيغۇر ئاساسەن يوق دېيەرلىك . چۈنكى ئۇلار ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ بىلىدۇ. سىياسىي كىملىكنى ئىپادىلەيدىغان «جۇڭگولۇق» كەلىمىسىنى، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئوتتۇرا – باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مىڭە يۇيۇش سەۋەبلىك، ئىچىدىن ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مائارىپ يېشىدىكى

مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن ياكى ئادالەت ۋە باراۋەرلىك تەلەپ قىلغاندىلا «ئەجەبا بىز جۇڭگولۇق ئەمەسمىكەن» دەپ ئىشلىتىپ قويۇشىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن بۇ كىملىكنى تىلغا ئالمايدۇ. چەتئەللەرگە چىققان ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئاساسەن مىللىي كىملىكى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا چەتئەلگە چىققان ئۇيغۇرلار خۇددى دوكتور ئەسەت سۇلايمان «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق ئەسىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى باشقىلارغا تونۇتۇش جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتقانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. «... ئۇيغۇر دېسە كۆپ قىسىم كىشى ئۇقمىغان، جۇڭگولۇق دېسە، سەن جۇڭگولۇققا ئوخشىمايدىكەنسەن دەپ ئىشەنمىگەن، بولمىغاندا خەرىتىدىن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئورنىنى كۆرسەتكەندە ئاران باش لىڭشىتقان، ياكى تۈرك، مۇسۇلمان دەپلا چۈشەنگەن...»[20] بۇ خىل نەتىجە ئاساسەن ئۇيغۇرلاردا شەكىللەنگەن مىللىي كىملىكنى ئالدىنقى قاتاردا ئىپادە قىلىش پسىخىكىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار چەتئەلدە مەلۇم بىر چەتئەللىك بىلەن تونۇشقاندا «سەن كىم؟» دېگەن سوئالنى «سەن قايسى مىللەتتىن؟» دېگەن سوئالنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇرلاردىن باشقا مۇتلەق كۆپ قىسىم چەتئەللىك، ئۆزىنىڭ سىياسىي كىملىكىنى ئالدىنقى قاتارغا قويىدىغان بولۇپ، ئۇلار «سەن كىم؟» دېگەن سوئالغا «مەن پالانى يەرلىك، ياكى پالانى دۆلەتتىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكى ئاساسەن زىچ ماسلاشقان ھالەتتە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ئىپادە قىلىۋاتقان سىياسىي كىملىكى، ئۇنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى قوغدايدىغان، مۇھاپىزەت قىلىدىغان بولغاچقا ئۇلار دادىل سىياسىي كىملىكىنى ئالدىن ئىپادە قىلىدۇ. بىراق ئۇيغۇرلاردا ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى قوغدايدىغان سىياسىي كىملىكتىن مەھرۇم قالغان، مىللىي كىملىكى بىلەن دىنىي كىملىكى پارچىلىنىۋاتقان بىر، خەتەرلىك ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا ھەقىقەتەن غەلىتىلىك كۆپ. يۇرت بېشى، ئۇيغۇر رايونىنىڭ رەئىسى بولغان نۇر بەكرىدەك «زاتلار» بەخىرامان ھالدا «ئۇيغۇرلار تىلىنى يوقۇتۇپ قويسا نېمە بوپتۇ، تۇڭگانلارنىڭمۇ تىلى يوق، ئوخشاشلا بىر مىللەت بولۇپ تۇرۇۋاتامدۇ»[21] دېيەلەيدۇ . ئۆيىدە بەش – ئون كىچىك بالىغا ھەپتىيەك (ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى)

(20) ئەسئەت سۇلايمان، «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2006 – يىل، 5 – بەت.

(21) ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى نۇر بەكرىنىڭ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش «قوش تىل مائارىپى» سىياسىتىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋىتى ھەققىدىكى ئەندىشىسىگە قارىتا بەرگەن جاۋابى.

ئۆگەتكەن تالىپچاقنى تۇتۇۋالغان «خەلق ساقچىسى»، بىچارە تالىپچاقنى ساقچىخانىنىڭ تار سوراقخانىسىغا تىقىپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇپ – سوقالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ «بىزمۇ مۇسۇلمان جۇمۇ!» دېيەلەيدۇ . ئۆمرىدە بىر قېتىم ئەتلەستىن كۆينەك كىيىپ باقمايدىغان ئاھالە كومىتېتىنىڭ يېرىم يالىڭاچ خانىلىرى، كوچىلاردا ئەتلەستىن ھايالىق كىيىنگەن ئاياللارنىڭ ياغلىقىغا ئېسىلالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا «بىز دېگەن ئەرەب ئەمەس ئۇيغۇر جۇما!» دېيەلەيدۇ . ئەل چوڭ بىلگەن خېلى خېلى يازغۇچىلار، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئالغان مۇكاپاتلىرىدىن پەخىرلىنىپ، ئېغىزىدىن شۆلگەي چېچىپ لېكسىيە سۆزلىيەلەيدۇ ۋە بۇ لېكسىيەنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر جامائەت ئالقىش – سادا ياڭرىتالايدۇ[22]. مەيلى ئىختىيارى مەيلى مەجبۇرىي بولسۇن، ھەرخىل مەتبۇئات ۋە باشقا تارقىتىش ۋاستىلىرىدە ، ئەل چوڭ بىلەن كاتتىلارنىڭ بەزىلىرى «پارتىيەمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ قاتتىق ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاللاھ قانداق بىر قارا كۈچنىڭ تەسىرىدە توي – تۆكۈنلەردە نەغمە – مەشرەپ، ئىچىش – چېكىش بولالمايۋاتىدۇ، توي بىلەن نەزىرنىڭ پەرقى بولمايۋاتىدۇ...» دەپ يازسا، يەنە بەزىلىرى «يامان ئادەت ھىجاب»[23] دېگەندەك بىر نېمىلەرنى يازالايدۇ، ھەتتا ئالى بىلىم يۇرتلىرىنىڭ كاتتىلىرىمۇ «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي لاياقىتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش كېرەك...»[24] دەپ جار سالالايدۇ. ۋەھاكازا ...

كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا ئەجدادلىرى شەكىللەندۈرگەن يۈكسەك سەۋىيەدىكى كىملىك پوتېنسىيالى ۋە كۈچلۈك مەدەنىيەت ئېنېرگىيەسى بولمىغان بولسا، ئۇيغۇرلار مىللىي ۋە مەدەنىيەت كىملىكىنى قوغدايدىغان سىياسىي كىملىكنى

(22) 2005 – يىلى ياش ئۇيغۇر يازغۇچىسى ياسىنجان سادىق چوغلان، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتىتىدا لېكسىيە بېرىدۇ. ئۇ لېكسىيە جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن مۇكاپات ئالغانلىقىنى ئېيتىپ ماختىنىدۇ. بۇ مۇكاپات ئاساسەن، ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى يېزىۋاتقان ئۇيغۇر دىنىي تەرىقەتلىرىنى تەنقىت قىلىش، ئەيىپلەش، ھەتتا خەلق دۈشمىنى قىلىپ كۆرستىشنى ئاساسىي تېما قىلغان ئەسەرلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىدى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئۇيغۇر يازغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات، غەرب قىممەت قارىشىغا يات قەۋملەردىن چىققان يازغۇچىلارغا بېرىلگەن نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بۇ خىل مۇكاپات تېخىمۇ خەتەرلىك. چۈنكى نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتى غەرب قىممەت قارىشىنى ئاساس قىلىپ بېرىلىدۇ، بىراق كومپارتىيە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قانداق ئورۇن ئىكەنلىكىنى ئەقلى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەم ئوبدان بىلىدۇ.

(23) 2013 – يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا، كومپارتىيە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرى قاتارلىق جامائەت ئەربابلىرى بەس بەستە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قويۇقلىشىۋاتقان دىنىي كەيپىياتقا قارشى تېمىلاردا ماقالە ۋە يازمىلار ئېلان قىلدى.

(24) 2013 – يىلى 26 – نويابىر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىر قىسىم ئالى مەكتەپلەرنىڭ كاتتىلىرى يىغىن چاقىرغان ۋە بۇ يىغىندا شۇ خىل پىكىرلەر بايان قىلىنغان.

يوقۇتۇپ قويغان ئىككى يۈز يىلدىن، مىللىي ۋە مەدەنىيەت كىملىكى پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى، تۆرلۈك دۈشمەنلىك، زىيانكەشلىك، بۇزغۇنچىلىقلار نەتىجىسىدە، ئاللىقاچان تارىخ بېتىگە سىڭىپ كەتكەن بولاتتى. ئاللاھ قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇيغۇرلار ھېلىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئەھۋالغا كېلىپ قېلىش تارىخىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۈگۈنكى دۇنيادا ئىنسان كىملىكىنىڭ مۇھىم ئېپادىسى بولغان مىللىي، دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى كىملىك ئالاھىدىلىكى ئىچىدە، سىياسىي كىملىك چوقۇم مىللىي ۋە دىنىي كىملىكنى قوغدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. بەزىلەر ئىنسانلار ئامېرىكىنى ئارزۇلىغان ئاساستا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇۋاتىدۇ دېيىشىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە، ئامېرىكا گەرچە پىلاتوننىڭ ئىدېئال دۆلىتىدەك بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بولغان بىر دۆلەت بولمىسىمۇ، نۆۋەتتە ئامېرىكىلىق دېگەن بۇ دۆلەت ۋە سىياسىي كىملىك، بۇ كىملىككە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە قوغدايدۇ ۋە قوغدىيالايدۇ. كۆپ خىل دىنىي ۋە مىللىي كىملىكلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك رولىنى كۆرستەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نۆۋەتتە دۇنيادا مەيلى دۆلەت كۈچى قانچىلىك ئاجىز بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ھەرقانداق بىر دۆلەت، دۆلەت بولۇش سۈپىتىدە ئۆز پۇقرالىرىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بولسا ئىش باشقىچە.

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدا، 1680 – يىلى سەئىدىيە خانلىقى رەسمىي يىقىلغاندىن كېيىن، مىللىي ۋە دىنىي كىملىكنى قوغدايدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان بىر سىياسىي كۈچتىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ ۋاقىتلاردىكى خەلق، گەرچە ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتالمىغان بولسىمۇ، ئۇزۇن يىللار ئىچىدە توپلانغان مەدەنىيەت ئېنېرگىيەسىگە ۋە بۇ ئېنېرگىيە شەكىللەندۈرگەن روشەن كىملىك ئالاھىدىلىكىگە ساھىب ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ موگۇللارغا بېقىنغان ئاق تاغلىق تەرىقەتچىلىرىنىڭ 1755 – يىلغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىمىيىتى، كۈچلۈك بىر قوغدىغۇچى بولالمىغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە يەنىلا مۇسبەت تەسىر كۆرستىپ

كەلگەن ئىدى. ۋەھالەنكى 1755 – يىلى مانجۇ ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەممىسىنى كونترول ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش تەرەققىياتى تۇرغۇن ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1864 – يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ، خەلق دىنىي تەرىقەتچىلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن كۆپ قېتىم قوزغالغان بولسىمۇ، تۆلىگەن بەدەلگە لايىق نەتىجە قولغا كەلمىدى. بۇ ئارىلىقتا خەلقنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىك ئالاھىدىلىكلىرى روشەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، يۈز يىللىق تۇيغۇنلۇق ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ئېنېرگىيەسىنى خېلىلا خوراتتى، پوتېنسىيالىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەتتى. 1864 – يىللىرى خوتەندە ھېبىبۇللا مۇپتى، قەشقەردە قىرغىزلاردىن سىدىقبەگ ۋە تۇڭگانلاردىن جىن شىياڭ يىن، كۇچادا راشىدىن خوجا، ئۈرۈمچىدە تۇڭگان داۋۇت خەلىپە، غۇلجىدا موللا ئەلاخان قاتارلىقلار قوزغىلىپ، مانجۇلارنى قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىچكى نىزاغا چۈشتى. 1865 – يىلىغا كەلگەندە قوقان رايونىدىن ياقۇپبەگ ئۇيغۇر رايونىغا كىردى ۋە قىسقا زامان ئىچىدە، تۈرلۈك ھىيلە – نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى، ھەمدە تېزلا قۇمۇلدىن باشقا پۈتۈن ئۇيغۇر رايونىنى قولغا ئالدى[25]. 1877 – يىلغىچە داۋام قىلغان ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرى، ھەر تەرەپلىملىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تارىخىي باھا بېرىش كېرەك بىر دەۋر بولسىمۇ، بۇ 12 يىللىق دەۋرنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش مۇساپىسىدە مۇسبەت تەسىردە بولدى دەپ ئېيتالايمىز. 1877 – يىلى مانجۇلار ئۇيغۇر رايونىدا رەسمىي يوسۇندا ئۆلكە تەسىس قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار مىللىي ۋە دىنىي كىملىك ئالاھىدىلىكىنى قوغدايدىغان سىياسىي كۈچتىن تولۇق مەھرۇم قېلىش بىلەن بىرگە، 1911 – يىلدىن كېيىن خىتاي ھاكىمىيىتى ۋە كۆچمەن خىتايلارنىڭ كۈچلۈك ئاسسىمىلاتسىيەسىگە ئۇچراپ كەلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار 20 – ئەسىرنىڭ 20 – يىللىرىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر» نامىدا ئاتىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان، 1933 – يىلى ۋە 1944 – يىللىرى 12 – نويابىر ئىككى قېتىم «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نامىدا دۆلەت قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، خىتايلارنىڭ ئۇلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىگە قارىتىلغان يوقىتىش ھەرىكەتلىرى ئىزچىل داۋاملاشتى ۋە كۈنسېرى كۈچىيىپ ماڭماقتا.

(25) 新免康： 「ヤークーブ・ベグ政権の性格に関する一考察」『史学雑誌』第97編第4号，1987年4月， pp. 1–42.

ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابى بىلەن بارلىققا كەلگەن، پەن – تېخنىكا جەھەتتىكى پارتلاش خاراكتېرلىك يېڭىلىقلار، پۈتۈن دىن دۇنياسىغا زەربە بولدى. بولۇپمۇ ئىسلامنىڭ ئەسلىي روھىدىن يىراقلىشىپ، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئىسلام دۇنياسى بۇ زەربىدىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئالدى. ياۋروپانىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا قالغان ئىسلام دۇنياسىدا، غەربنىڭ كۆز قاماشتۇرغۇچى پەن – تېخنىكا تەرەققىياتىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتقان بەزى مۇسۇلمان سەركىلەر، ئۆزىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېقىش، ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ۋە جەۋھىرى ئۈستىدە يېڭى باشتىن ئىزدىنىشنىڭ ئورنىغا، ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىسلام دىنىغا ئارتتى ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى كېسىپ، غەربكە يۈزلەندى. بىراق غەرب قىممەت قارىشى ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇلار غەربكە ئۆزىنى تونۇتۇش ئۈچۈن بىر كىملىك ئالاھىدىلىكىگە موھتاجلىقنى ھېس قىلىشتى. نەتىجىدە ھەر قايسى ئىسلام مىللەتلىرى مىللىي كىملىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا چىقىرىپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى كىچىك كىچىك مىللىي دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەل ئىچىدىكى ئاقىللار توپى، ياكى زىيالىيلار قاتلىمى ئىلغار – مۇتىئەسسىپ، پەننىي – دىنىي، جەدىدچى – قەدىمچى ... دېگەندەك ئىككى قۇتۇپلىشىشقا يۈزلەندى[26].

مىڭ يىلدىن بىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بۇ خىل پارچىلىنىشنىڭ تېشىدا قالمىدى. ئابدۇللاھ روزىباقىيوف قاتارلىق بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى كوممۇنىستىك ئىدىيەنى قوبۇل قىلىپ، پىرولېتارىياتنىڭ كۈچى بىلەن ئېزىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنى قۇتقۇزماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئابدۇكېرەم ئابباس، ئەخمەتجان قاسىم قاتارلىق ياشلار زور بەدەللەر تۆلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىشەنچ قىلغان پىرولېتارىياتنىڭ كۈچى ئۇلارنى ھالاك قىلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 – يىللىرىدىن باشلانغان بۇ زىيالىيلار قاتلىمىدىكى پارچىلىنىش ئىزچىل داۋام قىلىپ، 1980 – يىللىرىدىن كېيىن قىسمەن يېقىنلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، داڭلىق تېۋىپ ۋە تېببىي ئالىم ئابلىمىت يۈسۈپنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردا پەننىي – دىنىي ئورتاقلىقىدىكى بىرمۇ زىيالىي قالمىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن بۇ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىگە باقىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى قوغدايدىغان بىر

(26) تەپسىلاتىغا قىزىققۇچىلار «ئانا يۇرت ژورنىلى» 2 – ساندا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر جەدىدچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قىسقىچە نەزەر» ناملىق ماقالىمىزگە قاراڭ؛

سىياسىي كىملىكى يوق. خىتايلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە نۆۋەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرىي تېڭىلغان «جۇڭگولۇق» تىن ئىبارەت سىياسىي كىملىك، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىك ئالاھىدىلىكىنى قوغداش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەۋجۇتلۇقنى ساقلاشقىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى بىلەن دىنىي كىملىكى پارچىلىنىش ھالىتىدە بولۇپ، بۇ ئىككى خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىگە ئايرىم – ئايرىم ھالدا ۋەكىللىك قىلىۋالىدىغان ئىككى سەپ شەكىللەنگەن بىر ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتىدۇ . بىز ئالدى بىلەن مىللىي كىملىكنى تەكىتلەيدىغان گۇرۇپپا ئۈستىدە توختىلايلى:

ئۇيغۇر دىيارىدىكى زىيالىي نامىدا ئاتالغانلار، دۆلەت ئىشچى – خىزمەتچىلىرى، چەتئەلدىكى زىيالىي نامىدا ئاتالغانلار ۋە مىللىي ئازادلىق دەۋاگەرلىرى بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر ئاڭلىق رەۋىشتە، بىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇر مىللىي كىملىكنى ئالدىنقى ئورۇندا قويسا، كۆپ قىسمى ئاڭسىز ھالدا ئۇيغۇرلۇق مىللىي كىملىكنى بازارغا سالىدۇ. بىز ماقالىمىزدە ئالدىنقىلارنى «ئاڭلىقلار»، كېيىنكىلەرنى «ئاڭسىزلار» دەپ ئاتايمىز. «ئاڭسىزلار» قوشۇنى ئاساسەن مەنپەئەتپەرەس زىيالىيلار ، ئەمەل ئاشىقى مەمۇرلار، يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىدە كۆرەڭلەيدىغان تۈلكىگە ئوخشايدىغان، ج خ ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك تارماقلىرىدىكى مائاشلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار مەنسۇبىيەت جەھەتتىن ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر بىلىدۇ. ئۇيغۇردىن تۇغۇلغان بولغاچقا تونۇش – تونۇتۇش جەھەتتىنمۇ ئۇيغۇر ھېسابلىنىدۇ. ئاڭسىز ھالدا ئۇيغۇرلۇق داۋاسى قىلىدۇ، لېكىن قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنىڭ، ئۆزى داۋاسىنى قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلۇقتىن نېمىلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نېمىلەرنى نابۇت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۈستىدە ئويلانمايدۇ، ياكى ئويلىنىشنى خالىمايدۇ. «ئۇيغۇرلار تىلىنى يوقۇتۇپ قويسا نېمە بوپتۇ، تۇڭگانلارنىڭمۇ تىلى يوق، ئوخشاشلا بىر مىللەت بولۇپ تۇرۇۋاتامدۇ»[27] دېيەلەيدىغان زاتلار باشلىق، بۇ «ئاڭسىزلار» لار ئۇيغۇرلاردىكى دىنىي كەيپىياتنى سۇسلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىغا قاراپ تۇرىدۇ. ئەجدادلىرىڭلارنىڭ تۈرلۈك قىممەت ئۆلچەملىرىنى قالاقلىق، مۇتەئەسسىپلىك بىلىپ، بىر تىيىنغا تەڭ قىلمايدۇ. كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپ يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر كىملىكىگە ھەسرەتلەنمەيدۇ ۋە ھەسرەتلىنەلمەيدۇ. ئېھتىمال ئۇلارمۇ بىر ئىنسان

(27) ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق رەئىسى نۇر بەكرىنىڭ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش «قوش تىل مائارىپى» سىياسىتىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋىتى ھەققىدىكى ئەندىشىسىگە قارىتا بەرگەن جاۋابى.

بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرەر پىكرى مەيدانىغا، بىرەر قىممەت قارىشىغا ساھىب بولۇشى مۇمكىن. بەلكى ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى توغرا دەپ بىلىشى، ھېچ بولمىغاندا جان ساقلاشنىڭ غېمى دەپ ئۆزلىرىنى بەزلىشى مۇمكىن. ئۇلارنى باشقىلار خائىن دېسە ئۇلار ھەقىقەتەن ئاچچىقلىنىدۇ، چۈنكى ئۆزلىرىنى خائىن دەپ قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ داۋاسى پەقەت قۇرۇق «ئۇيغۇر» نامىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھەقىقىي مەقسىتى جان ساقلاش، ماددىي – مەئىشەت ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدۇر. بىز پەقەت ئۇنداقلار ئۈچۈن ئاللاھ تىن ئويغاقلىق تىلەيمىز، ۋە بۇ ئايەتى كەرىمنى ئۇلارغا سۇنىمىز:

(**مَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِهِ إِلاَّ أَسْمَاء سَمَّيْتُمُوهَا أَنتُمْ وَآبَآؤُكُم**) سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت[28].

ئۇلارنى ئۆز كۆرمەيۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خامۇش بېقىشلىرىدىن، ئۇلارنىڭ يۈرىكى سىرقىراپ، قىممىتىنى بىرقانچە مىڭ يۈەن بىلەن ئۆلچەۋاتقان چوڭلىرىنىڭ، مەنسىتمەسلىك بىلەن بېقىشلىرىدىن ۋىجدانى سىلكىنىپ، ئىنسانلىقى ئويغىنىپ قالار ئىنشائاللاھ. بىزنىڭ بۇنداقلارغا نىسبەتەن قىلىدىغان بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزىمىز يوق. چۈنكى ئۇلار جان ساقلىمىسا بولمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ ساقلىغان جېنى، ئۇيغۇر دۈشمەنلىرىنىڭ، ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىشتىكى ئىجراچىسى بولغان، تۆۋەن دەرىجىلىك قورالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، خالاس.

«ئاڭلىقلار» غا كەلسەك، بۇلار ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇيغۇرغا مەنسۇپ مۇئەييەن قىممەت ئۆلچەملىرى بويىچە ئىش كۆرىدۇ، ھەمدە بۇ قىممەت ئۆلچەملىرى ئۈچۈن تېگىشلىك بەدەل تۆلىيەلەيدۇ. بۇلار ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى مۇشەققەتلىك كۈنگە قېلىپ قېلىشىغا ئىسلام دىنىنى سەۋەبچى دەپ بىلىپ، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، دىنغا ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كىملىكىگە بولغان ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى تۇغۇلىدۇ. ئۇيغۇرلارنى بۇ دىنىي ئېتىقادتىن ئايرىشنى توغرا بىر چىقىش يولى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىدىيەسى، ئۇلارنى ئۇيغۇر دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىشتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك قورالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلار بەلگىلىك سەۋىيەدىكى زىيالىيلاردىن شەكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ،

(28) «قۇرئانى كەرىم»، سۈرە يۈسۈف 40 – ئايەت؛

ئۇلار جەمئىيەتتە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش، خەلقنىڭ ئىدىيەسىنى يېتەكلەش كۈچىگە ۋە ئىمكانىيىتىگە ئىگە. ئۇيغۇرلاردا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن زور مىقداردا نەشر قىلىنغان، تەرىققەت ۋە تەسەۋۋۇپنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىنغان ئەسەرلەر، جەمئىيەتتە مۇئەييەن تەسىر كۈچكە ئىگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سۆزلىگەن بەزى نۇتۇقلىرى، ھەمدە يېقىندا ئېچىلغان ئۇيغۇر رايونى ئالىي مەكتەپلىرى كاتتىلىرىنىڭ يىغىنىدا، كەسكىن پىكىر بايان قىلغان ئۇيغۇر چوڭلىرىم بۇنىڭ تىپىك مىسالللىرىدىندۇر. بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان تەۋسىيەمىز شۇكى، سىلەر ئاڭلىق بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن مىللىي كىملىكىڭلارنى ۋە ئۇنىڭ بەزى قىممەت ئۆلچەملىرىنى ئوبدان بىلىسىلەر. شۇنىمۇ بىلىپ قېلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار ئىسلامدىن ئاۋۋال كۆپ قېتىم دىن ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مىڭ يىلدىن بىرى، دىنىنى قەتئىي ئالماشتۇرمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە، ئەجدادىڭلارنىڭ سىلەرگە ئوخشاشلا دۆت ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز. سىلەر چوڭ بىلىدىغان ۋە قوغدىماقچى بولغان مىللىي مىراسلىرىڭلار، بۇ مىڭ يىللىق ئىسلام ئېتىقادى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئەدەبىيات، سەنئەت، كىيىم – كېچەك، بىناكارلىق، ھەتتا چالغۇ – ئەۋاپ، مۇقام، قوشاقلار ... ۋەھاكازا ، سىلەر مىللىي ئالاھىدىلىك ھېسابلاۋاتقان بارلىق خاسلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېگىدە ئىسلام ئەقىدىسى ياتىدۇ. سىلەر ماختىنىدىغان مەھمۇد قەشقىرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەت يۈكنەكى، ئەلشىر نەۋائىي ... ھەممىسى ئىسلام ئېتىقادىدا ياشىغان ئەجدادلىرىڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى بۇ دىندىن ئايرىماقچى بولغىنىڭلار، ئۆزۈڭلار قەدىرلەۋاتقان پۈتۈن مىللىي خاسلىقتىكى قىممەت قاراشلىرىڭلارنى يىلتىزىدىن ئايرىۋېتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆزۈڭلارنىڭ دەۋاسىنىڭ كۆتىكىگە پالتا ئۇرۇۋاتىسىلەر...

نەتىجە ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن «ئاڭسىزلار» نىڭ زىيىنىدىن، «ئاڭلىقلار» نىڭ زىيىنى چوڭ بولۇۋاتىدۇ . بىز ئالللاھ تىن ئۇلارنىڭ ئەقلىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشنى تىلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ دەۋاسىدا راستچىل بولۇشنى، ئەگەر ئۇيغۇر خەلقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە سۆيسە، ئۇلارنى دۆت ئۆزىنى ئەقىللىك چاغلىماسلىقلىرىنى، ئۇيغۇر خەلقى سۆيگەن، مىڭ يىلدىن بىرى چىڭ يېپىشقان بۇ دىنغا مۇھەببەت نەزىرى بىلەن بىر قاراپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئىنشائالللاھ ئالللاھ ھىدايەت نۇرى بىلەن، ئۇلارنىڭ قەلب زۇلمىتى يورۇتسا ئەجەب ئەمەس!

«ئائىلىقلار» دىن ئاز بىر قىسمى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئائىلىق رەۋىشتە تونۇغان ، بەلگىلىك قىممەت ئۆلچىمى بويىچە ياشايدىغان، خەلقى ئۇچۇن يۈرىكىدىن قان تامىدىغان، دىنىي كىملىكنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە قوغدايدىغان كىشىلەر بولىسىمۇ، بىراق ھالقىلىق مەزگىلدە مىللىي كىملىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا چىقىرىدۇ[29]. ئۇيغۇر دىياردا ياشاۋاتقان ئاز بىر قىسىم زىيالىيلار ، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان كۆپ سانلىق زىيالىيلار ۋە مىللىي ئازادلىق كۈرەشچىلىرى بۇ گۇرۇپپىغا مەنسۇپتۇر. مانا بۇ كىشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي سەۋەب جەھەتتىكى ئۈمىدى بولسا كېرەك. بۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈمىدى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، بۇلار ھەم ئائىلىق ھەم سەممىي كىشىلەردۇر. بۇلار مىللىي كىملىك بىلەن دىنىي كىملىك ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرسىلا، تولۇق بىر ئۇيغۇر كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. كۆزىتىشىمىزچە، بۇ خىل كىشىلەردىكى يېتەرسىزلىك ، چۈشەنچە جەھەتتىن ئۇيغۇرلار مىڭ يىلدىن بىرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنىنى مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قاراش، ئىبادەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك. ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئىسلام دىنى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر مىللىي ئەخلاق ئۆلچىمى قاتارلىق قىممەت ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلماسلىق. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھاراق – شاراپتىن ئۆزىنى تارتماسلىق، شەرمى – ھاياغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ۋەھاكازا ... بىلىشىمىزچە، بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئاساسەن، بىر قەدەر يۇقىرى مائارىپ تەربىيەسى ئالغان، ھەر خىل پەلسەپە، ئىدىيە، قاراشلار بىلەن تونۇشقان، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، كۇلتۇرلىرى بىلەن ئۇچراشقان، ئۆز كەسىپ دائىرىسىدە تېگىشلىك نەتىجىلەر بىلەن تونۇلغان، زېھنىي ئوچۇق، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشىلەردۇر. بەلكى شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇلار دىنىنى مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە كۆرۈپ، مىللىي كىملىكنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە مىللىي كىملىكنىڭ سالمىقى دىنىي كىملىكتىن ئېغىر كەلسىمۇ، قىزىقارلىق يېرى ئۇلارنىڭ قىياپەتلىرىدە مىللىي كىملىك بەلگىلىرى ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

(29) مەسىلەن: ئۇيغۇر دىياردا بەزى زىيالىلار تۈرلۈك پائالىيەتلىرىدە مىللىي كىملىكنى ئالىنقى ئورۇندا گەۋدىلەندۈرۈۋاتقان بولسا، چەتئەللەردە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ياۋرۇپا ۋە ئامرىكىدىكى داۋا پائالىيەتلىرى جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كىملىكىنى ۋاقىتلىق تىلغا ئالماسلىق توغرىسىدا بەزى تەكلىپ بىرىلگەنلىكى مەلۇم.

ئۇيغۇرلارنىڭ گەۋدىلىك مىللىي بەلگىسى بولغان ئۇيغۇر دوپپىسىنى ئۇلارنىڭ بېشىدا كۆرمەك ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇمىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ ئۇمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا مىللىي كىملىك بىلەن دىنىي كىملىك ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق شەكىللەندۈرۈشى ۋە مۇكەممەل بىر ئۇيغۇر كىملىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئەسلىدىنلا زېرەك ، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ھايات ھەقىقىتىنى ئىزدەۋاتقان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلارغا قارىتا تەۋسىيەدە بولۇش، بىزنىڭ ھەددىمىز دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس. بىز پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھ تىن ئۇلارنىڭ قەلبىگە نۇرلۇق ھىدايەت، چوڭقۇر ئىمان، ئىبادىتىگە چىدام ۋە سۇبات، ئەخلاقىغا گۈزەللىك ۋە جەزبىدارلىق تىلەيمىز!

ئۇيغۇرلاردىكى دىنىي كىملىكنى ئالدىنقى قاتاردا قويىدىغانلار كەلسەك، بۇلارنىمۇ «باشلامچىلار» ۋە «ئەگەشكۈچىلەر» دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى «ئەگەشكۈچىلەر» ھەققىدە سۆز قىلغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلار ئومۇمىي مىللەت نۇقتىسىدىن مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن خەلق ئەگەشكۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېنىقكى بۇ كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان «ئەگەشكۈچىلەر» ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي، دىنىي ۋە سىياسىي كىملىك ئالاھىدىلىكلىرىنى دەل بۇ كىشىلەر ئۈستىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭلاشقا بىز بۇ يەردە بۇ كۆپ سانلىق ئۈستىدە توختالماستىن، يەنىلا «باشلامچىلار» ھەققىدە بىرئاز توختىلىمىز.

ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇنداق بىر ھۆرىيەت ئاساسىدا ياراتقانكى، ئىنساندا ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىش ياكى ئىسيان قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ھۆرىيىتى باردۇر. مەۋجۇتلۇق ئىككى خىلدۇر، بىرى مۇتلەق مەۋجۇدات ئاللاھ، يەنە بىرى يارىتىلغان مەۋجۇدات پۈتۈن مەخلۇقاتلاردۇر. ئىنسان ھاياتى نىشان ۋە مەقسەتسىز ئۆتمەيدىغان بولغاچقا، ھەرقانداق ئىنسان مۇئەييەن بىر نەرسىگە ئىتائەت قىلىپ ياشايدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ قا ئىتائەت قىلىش، ئىنساننى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، چەكسىز ھۆرىيەتكە ئىگە قىلسا، ئاللاھ قا قىلىنغان ئىسيان، ئادەمنى مەخلۇقاتقا بويۇن ئەگدۈرىدۇ، ھاياتتا روھىي قۇللۇققا، ئاخىرەتتە بولسا مەڭگۈ ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. داڭلىق ئالىم ئىبنى سىنا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار نەزىرىدىكى مۆمىنلىك ھەق ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىبادەتتىن باشقا ھەر قانداق نەرسىدىن ئۆزىنى چوڭ

تۇتۇشتۇر.»[30] دېمەك ئاللاھ بولغان ئىتائەت ئىنساننى ھۆر، بېشىنى تىك قىلسا، ئاللاھقا قىلىنغان ئىسيان ئىنساننى مەخلۇققا باش ئەگدۈرىدۇ، قۇل قىلىدۇ. ئىسلام تەۋھىد ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەق دىن بولۇپ، بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىي ئەسەرلىرىدە دىن كەلىمىسى ئاللاھ بىلەن شەخس ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: دين اللّه (ئاللاھنىڭ دىنى) ۋە دين زيد (زەيدنىڭ دىنى) دېگەندەك. ئاللاھنىڭ دىنى دېيىلگەندە، بۇ ھەقىقەت يولىنى، ئاللاھنىڭ ئالەمنى يارىتىشتىكى ئىرادىسىنى، قىسقىسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، ئاللاھ تىن بەندىلەرگە قاراپ ئېچىلغان كەڭ ھەم مۇقەددەس يولدۇر. پالانىنىڭ دىنى دېيىلگەندە، شۇ شەخسنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا، يەنى بەندىدىن ئاللاھقا يۈزلەنگەن يول بولۇپ، بۇ شۇ بىر كىشى ئۈچۈن مەخسۇستۇر. شۇڭلاشقا ئىسلامدا خىرىستىيان پوپلىرى ۋە يەھۇدىي راھىبلىرىغا ئوخشاش، ئالاھىدە دىنىي ئىمتىياز يوقتۇر[31]. بۇ مەسىلە ئايرىم بىر تېمىدا تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بولغاچقا، ھەمدە ماقالىمىزنىڭ ئەسلىي لىنىيەسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى بايانلىرىمىزنى بۇ يەردە توختىتىمىز.

بۇ مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسىتىمىز شۇكى، ھەممەيلەنگە مەلۇمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكلىرىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە، دىنىي كىملىكنى ئاساسىي ئورۇندا قويىدىغان بىر قىسىم دىنىي زاتلار مەيدانغا كەلدى. بۇلار گەرچە دىنىي كىملىكنى ئاساس قىلسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كىيىم – كېچەك مەدەنىيىتى، ئەخلاق ۋە ئۆرۈپ ئادەتلىرى، ئەگەشكۈچىلەر بىلەن، يەنى ئومۇمىي خەلق بىلەن بىرگە، ئاساسەن مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەردە ساقلىنىپ ۋە ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق بۇ خىلدىكى كىشىلەر، يەنى «باشلامچىلار» نىڭ تۇتقان يولى، دىنىي تونۇشى ئوتتۇرىسىدا پەرق زور، زىددىيەت كەسكىن بولۇۋاتىدۇ . بۇ ئىختىلاپ ۋە زىددىيەت، بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان كۈچلەر بىلەن ئىش بىرلىكى ئىچىدە بولۇۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن بولسىمۇ، ئاساسلىق سەۋەب يەنىلا ئاللاھ نىڭ دىنى بىلەن ئۆزىنىڭ دىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بىز دۈشمەن كۈچلىرى بىلەن ئىش بىرلىكى ئىچىدىكى موللىلارنى بىر

(30) ئىبنى سىنا: «تەنبىھات ۋە ئىشارەت»، لىتەرا يايىنلارى (نەشرىياتى)، 183 – بەت؛
(31) مۇھەممەد غەززالى: «ئىسلامنى قانداق چۈشىنىمىز»، شۇرا يايىنلار (نەشرىياتى)، 23 – بەت؛

ياندا قويۇپ، كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان، ئاللاھ رازىلىقى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قان يىغلاۋاتقان دىنىي شەخسلەرگە نەزەر ئاغدۇرساقمۇ، يەنىلا كۆز قاراشلارنىڭ كۆپ خىل، زىددىيەتنىڭ كەسكىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلمەيمىز. بۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار دىنىي ئىلىملەرگە، بولۇپمۇ نەقلىي ئىلىملەرگە ئىنتايىن پىششىق. بىراق ئۇلار ئاساسەن ئاتالمىش يەر ئاستى دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىدا تەربىيەلەنگەن، مۇنتىزىم ئىلمىي تەربىيەدىن يىراق قالغان بولغاچقا، نەزەر دائىرىسى نىسبەتەن تار، بىلىم قۇرۇلمىسى سىستېمىلاشمىغان، دۇنيانى تونۇشى يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ كىشىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ يارقىن ئۈمىدىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم «بىزنىڭ ئۇيغۇر بىلەن ئىشىمىز يوق، مەن ئۇيغۇر ئەمەس مۇسۇلمان ...» دەيدىغان ۋە مىللىي كىملىكنى ئىنكار قىلىدىغانلاردىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا مىللىي كىملىكنى ئېتىراپ قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام مىللىي كىملىكنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئەقىدىگە خىلاپ كەلمەيدىغان ھەرقانداق مىللىي ئادەت ۋە كۈلتۈرنى قوغدايدۇ. پەقەت مىللىي كەمسىتىش ۋە مەغرۇرلۇقنى چەكلەيدۇ. چۈنكى سىنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇپ دۇنيا كېلىشىڭ سەن ئۆزۈڭ خالاپ بولۇۋالغان ، ياكى ئەجىر قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەڭ ئەمەس. شۇڭا مىللىي نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ قايسىبىر مىللەتتىن ئىكەنلىكىدىن مەغرۇرلىنىشقا، باشقىلارنىڭ قايسىبىر مىللەتتىن بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنى كەمسىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ھېلىغۇ بۇ بىر دىنىي چەكلىمە، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، تار مىللەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىق ئەقىلگە، ئەخلاققا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئىش ئەمەستۇر.

ئەسلىي تېمىمىزغا قايتىپ كەلسەك، قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دىنىي زاتلار ئارىسىدىكى پىكىر ۋە قاراش پەرقى سەۋەبلىك، جىھاد، ھىجرەت، ئافغانىستان، سۇرىيە ... ۋەھاكازا ، تۈرلۈك ئەگەشكۈچى تىپىدىكى نەتىجە ۋە ئاقىۋەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بىز بۇ يەردە كىمنىڭ توغرا كىمنىڭ خاتا مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش – تارتىش قىلمايمىز. ھەممىدە بۇ زاتلارغا تەۋسىيەدە بولۇشنىڭمۇ ھەددىمىزنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز. پەقەت بۇ دىنىي باشلامچىلار زاتلاردىن تەلەپىمىز شۇكى، ئاللاھ نىڭ دىنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرسە، ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋەتمىسە، ئۆزلىرىنى ئاللاھ نىڭ دىنىغا ۋەكىل قىلىۋالماي، «**حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الوَكِيلُ**» («بىزگە ئاللاھ كۇپايە،

ئاللاھ نىمىدىگەن ياخشى ھامىي!»[32] نى كۆپرەك ئوقۇپ، ئاللاھ نى ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ دىنىدىكى ۋەزىپىلىرىنى ئوبدان تونۇپ يېتىپ ، ئەگە بولغان ئىلىملىرىنى دەل جايىدا ئىشلەتسە، قۇرئانى كەرىمنى ئوقۇغاندا **لاَّ يَشعُرُونَ** (ھېس قىلالمايدۇ، تۇيمايدۇ) ۋە **لاَّ يَعْلَمُونَ** (بىلمەيدۇ)[33] ئايەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلسا، ئىشىنىمىزكى ئۇلار لاَّ يَعْلَمُونَ (بىلمەيدۇ) لاردىن ئەمەستۇر، بىراق غاپىللىقتا قېلىپ **لاَّ يَشعُرُونَ** (ھېس قىلمايدۇ، تۇيمايدۇ) لاردىن بولۇپ قالمىسا ...

3- ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش توغرىسىدا:

بۈگۈنكى دۇنيادا نۇقتىلىق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىۋاتقان، ئىنسانىنىڭ ئۈچ خىل كىملىك ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ كىملىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئالدى بىلەن نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش، ئاندىن قانداق قوغداپ ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇقىنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ كۆرەيلى.

ئۇيغۇرلاردا ئۆزىنىڭ كىملىك مەسىلىسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، بۇ خۇسۇستا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن ئابدۇقادىر جالالىدىن ۋە يالقۇن رۇزىلارنىڭ بەزىبىر ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە، ئابدۇرەھىم دۆلەتنىڭ «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز»، ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابى بىلەن «مۇجمەل ئادەم ۋە زىددىيەتلىك كىملىك» ماۋزۇسىدىكى ماقالىسىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ ئەسەرلەر سان جەھەتتىن ئىنتايىن ئاز بولۇپلا قالماستىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، يالقۇن روزى ۋە ئابدۇرەھىم دۆلەت قاتارلىقلارنىڭ مەسىلىنىڭ نېگىزىگە بىرئاز يېقىنلاشقانلىقىنى، زۇلپىقار باراتنىڭ مەسىلىگە كۈچلۈك نەزەرىيەۋى بىلىم ئاساسىدا باققانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك دۇنيا ئەھلىنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىلمەيدىغانلىقى، تونۇمايدىغانلىقى مەسىلىسى بىلەن، مۇئەللىپلەرنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن چەتئەلگە چىققان ۋاقىتتىكى روھىي كەچۈرمىشلىرى، ھېس – تۇيغۇلىرى ۋە كۆرگەن – بىلگەنلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، ساياھەتنامە

(32) سۈرە ئال ئىمران، 173 – ئايەت؛

(33) سۈرە بەقەرە، 11، 12 – ئايەتلەر؛

تەرىقىسىدە يېزىپ چىققان ئەسەرلەردىن ئىبارەت دېيىشكە بولىدۇ[34].

دوكتور ئەسئەت سۇلايمان «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ بېشىدىلا «بىز كىم؟ بىزنىڭ مەدەنىيەتلەر جىددىي رەۋىشتە يۇغۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئورنىمىز ۋە سالاھىيىتىمىز نېمە؟..»[35] دېگەندەك ئىنتايىن مۇھىم سوئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ، بىراق جاۋاب بەرمەيدۇ. ئەسلىدىمۇ بۇ سوئاللار شۇنچىلىك ئېغىر سالماقتىكى سوئاللاركى، بۈگۈنگىچە ھېچكىم قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇتلۇق كىرىزىسىغا ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا نىسبەتەن، بەزىلەر «ئۇيغۇرىزىم»[36] بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك دېسە، بەزىلەر «يېڭىچە بىر ئىدىيە»[37] بەرپا قىلىش كېرەك دەپ قاراشتى. يەنە بەزىلەر «شەپكىلىك زىيالىيلار بىلەن سەللىلىك زىيالىيلارنىڭ ئىتتىپاقلىششى»[38] تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى نىيەت ۋە گۈزەل ئارزۇ ئاساسىدا قىلىنغان سۆزلەر بولسىمۇ، بىز بۇ خىل قاراشلارنى ئەمەلىيەتچانلىقتىن بىرئاز يىراق دەپ ھېسابلىدۇق.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەۋجۇتلۇق كىرىزىسىدىن ئۇلارنى قوغدايدىغان ۋە قوغداپ قالالايدىغان بىر سىياسىي كۈچنىڭ ھامىيىسى ئاستىغا كىرەلىشى، ياكى ئۆزىگە خاس بىر سىياسىي كىملىك بارلىققا كەلتۈرەلىشى، يېقىن زاماندا يەتكىلى بولىدىغان نىشاندەك كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن، چوقۇم شۇنداق بىر سىياسىي كىملىككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەستىن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

«شەپكىلىك زىيالىيلار بىلەن سەللىلىك زىيالىيلارنىڭ ئىتتىپاقلىششى» قارىشىغا كەلسەك، بىز بۇ خىل قاراشنى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى پارچىلىنىش ھالىتىدىكى مىللىي - دىنىي كىملىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە بۇ ئىككى خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنى ئىتتىپاقلىششقا چاقىرىش دەپ چۈشەندۇق. بىلىشىمىزچە

(34) شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇقكى، بىز دوكتۇر ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق ئەسىرىدە ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمىز ۋە بۇ سەۋەبدىن دوكتۇر ئەسئەت سۇلايمانغا چوڭقۇر قايىللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. زۇلپىقار بارات ئۆز باشىنىڭ ئەسىرىدىكى قىممەتلىك مەزمۇنلارنىمۇ يوققا چىقارمايمىز ۋە ئۇنىڭ بۇ خىزمەتلىرىگە تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇقۇمۇشىغا ئۇتۇق تىلەيمىز ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن كاتتا نەتىجىلەر كۈتىمىز.

(35) ئەسئەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2006 – يىل، 1 – بەت.

(36) ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى قەھرىمان غوجامبەردىنىڭ سۆزى؛

(37) دوكتۇر ئەركىن ئەكرەمنىڭ قارىشى؛

(38) ئۇيغۇر دىيارىدا ياشاۋاتقان بەزى دىنىي زاتلارنىڭ قارىشى؛

ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە بۇ قاراشتا ئىپادىلەنگەن چاقىرىق ۋاقىتلىق ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. بىراق ھەممىيلەنگە ئايانكى ئاقىۋەت يەنە ياخشى نەتىجە بەرمىدى. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ناھايىتى ئېنىقكى، بىزنىڭ تەكلىپىمىز ئۇيغۇرلار يېڭى بىر ئىدىيە يارىتىشىنىڭ ئورنىغا، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەمەلىيىتىگە يۈزلىنىپ، پارچىلانغان مىللىي – دىنىي كىملىكنى قايتىدىن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ ئىككى خىل كىملىكتە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىششى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ئىش ئەمەس. بۇ ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىگە ۋە دىنىي كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان سەممىي ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىككى خىل كىملىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا، پىكىر ۋە ھەرىكەتلىرىدە مۇجەسسەملىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ئىشتۇر. بۇ دېگەنلىك ئۆزىنى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلاۋاتقان، دەۋالىرىدا سەممىي كىشلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىق ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئىشلارنىڭ دۇنيادىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەسىرىدە يۈرۈشىدىغانلىقىدىن باشقا، ئالەم ۋە ئىنسانىيەت ئىشلىرىدا ئارغامچىنىڭ ئۇچى يەنىلا ئاللاھ نىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا تەۋسىيە قىلغانلىقتۇر. ئۆزىنى ئۇيغۇر دىنىي كىملىكىنىڭ ۋەكىلى دەپ بىلىدىغان، دەۋاسىدا سەممىي كىشلەرنى بولسا، ئىلاھىي ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن كېرەكلىك ئىنسانىي تەييارلىق ئامىللىرىنى ۋە بۇ ئامىللارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان دۇنيا قائىدە – قانۇنىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىققا چاقىرغانلىقتۇر.

ئەلۋەتتە، بۇ مۇنداقچە چاقىرىق قىلىپ قويۇش بىلەن ھەل بولىدىغان بىر ئاددىي مەسىلە ئەمەس. ئۇيغۇر مىللىي – دىنىي كىملىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇيغۇر سەركىلىرىنىڭ ۋۇجۇدى، پىكرى ۋە ھەرىكىتىدە قانداق بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك؟ مانا بۇ مەسىلىنىڭ پوسكاللىسى، ئىشنىڭ تۈگۈنىدۇر.

بىزنىڭ كالتە پەمىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر سەركىلىرىنىڭ نۆۋەتتە قىلالايدىغان ۋە قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولغان بىر ئىش، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىلى، مەدەنىيىتى ۋە كۈلتۈرى ئاساسىدا، سىستېمىلاشقان ئورتاق بىر قىممەت قارىشىنى نەزەرىيە جەھەتتىن بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ 1950 – يىلدىن كېيىنكى تارىخىغا قارايدىغان بولساق، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە يوقىتىش سىياسىتىدە، ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇلىنىڭ دەل، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئورتاق قىممەت قاراشلىرىغا قارىتىلغان ھۇجۇمدىن ئىبارەت

بولغانلىقىنى، پارچىلانغان مىللىي – دىنىي كىملىكنىڭ ئوتتۇرىسىكى بەزى ئورتاق قىممەت قاراشلارنى ئۇزۇل - كېسىل يوق قىلىشنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق ئىختىلاپتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمەيمىز. مائارىپتىكى «تۆت گۈزەل، بەش بولۇش»، «ماركسىزملىق بەش قاراش تەربىيەسى»، جەمئىيەتكە قارىتىلغان «دىنىي كەيپىياتنى سۇسلاشتۇرۇش، مەدەنىي جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش» پائالىيىتى ، پۈتۈن دۆلەت ئىشچى – خىزمەتچىلىرىگە قارىتىلغان «ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش»، «تۆت ئورتاق تونۇش »[39] ئۆگىنىش پائالىيىتى ... ۋەھاكازا .

ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، خىتاي بۇ ئويۇننىڭ ئۇستىسى. ئۇ ئۇيغۇر كىملىكىگە قاراتقان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى ئىنتايىن سىستېملىق ۋە پىلانلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنى قۇرۇتىۋاتىدۇ. مىللىي ۋە دىنىي كىملىكنى قوغدايدىغان بىر سىياسىي كىملىككە ئىگە بولالمايۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر سەركىلىرىنىڭ نۆۋەتتە قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەت مۇداپىئەدۇر. مۇداپىئەدىمۇ بىرەر ئەسكى سېپىلنىڭ بولۇشى كۆپ پايدىلىق. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر سەركىلىرى دىققىتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئورتاق قىممەت قاراش شەكىللەندۈرۈشكە قارىتىشى كېرەك. ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، نەزەرىيە ئەمەلىيەتنىڭ يېتەكچىسى، بىر چاغلاردا قىلغان خىيال، ئىنساننى كەلگۈسىدىكى نەتىجىگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك مەسىلىسى خۇسۇسىي مەسىلە ئەمەس، بىر ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر، ئەلۋەتتە. بەلكى شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇر سەركىلىرىدە ئورتاق بىر كېسەللىك بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ھەر قانداق پىكىر ياكى ھەرىكەتنى ئومۇمىي خەلق پىكرى ياكى ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئارتۇقچە كۈچ سەرپ قىلىشتۇر. بۇ كېسەللىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سىياسىي جەھەتتە مۇستەبىتلىك ۋە گۇرۇھۋازلىق، ئىجتىمائىي جەھەتتە بۆلۈنۈش ۋە پىتنە، تەرەققىيات جەھەتتە تۇيغۇنلۇق ۋە چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

(39) پۈتۈن خىتايدا پەقەت ئۇيغۇر رايونىدىلا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئىشچى – خىزمەتچىلەرگە خاس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ «تۆت ئورتاق تونۇش» ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى بولسا: 1. ۋەتەن تونۇشنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋەتەن دەپ تونۇش؛ 2. مىللىي چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنسۇپلىرى دەپ تونۇش؛ 3. مەدەنىيەت تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئۆزىنى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق ۋارىسى دەپ تونۇش؛ 4. سىياسىي تونۇشنى ئۆستۈرۈش، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى سىياسىي ۋە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ، ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇقەررەر تاللىشى دەپ تونۇش؛ ناھايىتى ئۈچۈق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «تۆت ئورتاق تونۇش» ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

بىزنىڭ بۇ بايانلار ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسىتىمىز شۇكى، بەرپا قىلىنماقچى بولغان ئۇيغۇر كىملىكى ئورتاق قىممەت قارىشى نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنىڭ، پۈتۈن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئارزۇسىدا بولماسلىق كېرەكلىكىنى ئالدىن تەكىتلەپ قويۇشتۇر. ھەممىگە مەلۇمكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋىدا ھەجىدە ۋىدالىشىش نۇتقىنى سۆزلىگەندە، نەق مەيداندا يۈز مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. كېيىنكى تارىخى تەرەققىياتقا باقىدىغان بولساق، ئىسلام نۇرىنى دۇنياغا يېيىش يولىدا ھەقىقىي رەۋىشتە پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ سانى مىڭدىن ئاشمايدۇ. بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا خىتاي ئەربابى لۇشۈن ئەپەندىمۇ، خىتاي خەلقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، بۇنداق بىر نۇقسانلىق مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداق داۋام قىلىپ كېلەلىگەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، خىتاي تارىخىنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدۇ. نەتىجىدە ھەر بىر دەۋردە ئاز ساندىكى سەركىلەرنىڭ ئورتاق بىر قىممەت قارىشى ئاساسىدا كۈرەش قىلىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە بۇلارنى «جۇڭگونىڭ ئومۇرتقىسى» دەپ ئاتايدۇ[40]. دېمەككى، ئۇيغۇر سەركىلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن سىستېمىلاشقان بىر قىممەت ئۆلچىمى ۋە قارىشى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قىممەت قارىشىنى بىلىشى، شۇ قىممەت قارىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك ئەمەس. شۇ قىممەت قارىشى بويىچە ئۆزىدە پۈتۈنلەشكەن بىر ئۇيغۇر كىملىك ئالاھىدىلىكىنى بەرپا قىلغان ۋە شۇ قىممەت ئۆلچەملىرى بويىچە ئىش كۆرىدىغان سەركىلەردىن، ئاز بولغاندا بىر قانچە ئونى، كۆپ بولغاندا بىر قانچە يۈزى چىقسا شۇ يېتەرلىكتۇر.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىز، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نەزەرىيە جەھەتتىن ئورتاق قىممەت قارىشى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىمىزنى، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ئاساستا ئىزاھلاپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق:

قىممەت قاراش دېگەندە، ھەممىيلەنگە مەلۇملۇق «قىممەت» كەلىمىسى مەلۇم شەيئىنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ، «قاراش» كەلىمىسى بولسا، ئۇ شەيئىنىڭ قىممىتىنى تونۇش ياكى قىممىتىنى بەلگىلەش مەنىسىدە كېلىدۇ. «قىممەت قاراش» ئاتالغۇسى دەسلەپتە ماددىي شەيئىلەر ئۈستىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، كېيىنچە بەزى پەيلاسوپلار

(40) لۇشۈن: «جۇڭگولۇقلار ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويدىمۇ؟» 1934- يىل 9- ئاي؛ 《中国人失掉自信力了吗》1934年9月

تەرىپىدىن تېخىمۇ كەڭ مەنىدە قوللىنىلىشقا باشلىدى، ھەممە ئىنسان ھاياتىنىڭ مەركىزى پىرىنسىپى سۈپىتىدە ئىپادە قىلىندى[41]. قۇرئانى كەرىممۇ «أُوْلَـئِكَ الَّذِينَ اشْتَرُوُاْ الضَّلاَلَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ» (ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى)[42] ئايىتى ئارقىلىق، قىممەت قارىشىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى مەركىزى پىرىنسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسان ھاياتى مۇئەييەن نىشان ئۈچۈن، بەلگىلىك بەدەل تۆلەش بىلەن ئۆتىدۇ. دېمەك نىشان قىلىنغان ئوبيېكتىنىڭ قىممىتىنى بىلىش بىلەن، ئۇ نىشان ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەلنىڭ قىممىتىنى بىلىش، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشتىكى مەركىزى پىرىنسىپ ئەلۋەتتە قىممەت قاراشتۇر. قىممەت قاراش مەسىلىسىدە مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ئەسلىي قىممىتى بىلەن، ئۇ شەيئىنىڭ مەلۇم كىشىنىڭ قىممەت قارىشىدىكى قىممىتىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە ئەزىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ كەچۈرۈشى ۋە توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ، بىر مىسال ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. مەسىلەن: ئۇيغۇر دىيارىدىكى بەزى «سىياسەتنىڭ يولىنى بىلىدىغان» ئۇيغۇر مەمۇرلاردا، ئەمىلىنىڭ بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىدىغان، ھەتتا ئەر – ئايال مەسىلىھەتلىشىپ، ئېرىنىڭ مەنسىپىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن، ئايالى باشلىقنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىدا شۇ ئەمەلنىڭ قىممىتى، ئايالىنىڭ ئىپپىتىدىن، ئەرنىڭ غۇرۇرىدىن، ئىنسانلىق قىممىتىدىن ئۈستۈندۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلىق قىممىتىنىڭ ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى روشەن بىر ھەقىقەتتۇر.

ئىمامى غەززالى «مۇستەفا» ناملىق كىتابىدا: «خەلق نەزىرىدە مەسلىھەت، مەنپەئەتنى قوغداش، زىياننى يوقىتىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسلىھەتتىن مەقسىتىمىز شەرىئەتتۇر، شەرىئەتنىڭ خەلققە قارىتىلغان مەقسىتى بەشتۇر، ئۇلار: خەلقنىڭ دىنىنى، جېنىنى، ئەقلىنى، نەسلىنى ۋە مېلىنى مۇھاپىزەت قىلىشتۇر. بۇ مەقسەتلەرگە ئۇيغۇن بولغان ھەر ئىش مەسلىھەتتۇر، بۇنىڭ سىرتىدىكى ھەر ئىش پاساتتۇر، پاساتنى يوق قىلىشمۇ مەسلىھەتتۇر.»[43] دەيدۇ. دېمەك، بەرپا قىلىنىدىغان قىممەت قاراش سىستېمىسى بۇ

(41) Frenkana, William K. *Value and Valuation*. *Encyclopedia of Philosophy* (Editor, Paul Edward) 1-8 New York, Mac Millan, 1967, Volume. 8, p. 229;

(42) قۇرئانى كەرىم، سۈرە بەقەرە 16 – ئايەت؛

(43) ئىمامى غەززالى: «مۇستەفا»، 1- جىلد، 55 – بەت؛

مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ھەمدە بۇ قىممەت قارىشىنىڭ دەۋاگەرلىرى سەممىي بولسىلا خەلق تەبىئىيلا بۇ يولغا ئەگىشىدۇ.

بىر مۇكەممەل قىممەت قاراش سىستېمىسى تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇلار، ئاساسىي قىممەت ئۆلچەملىرى، نىشان قىممەت ئۆلچەملىرى، تەركىب قىممەت ئۆلچەملىرى ۋە ۋاستە قىممەت ئۆلچەملىرىدۇر[44]. ئاساسىي قىممەت ئۆلچىمى دېگەندە، باشقا قىممەت ئۆلچەملىرى ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان قىممەت ئۆلچەملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بەرپا قىلىنىدىغان قىممەت قاراش سىستېمىسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىلدىن بىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىسلام دىنى ئاساس قىلىنىشى كېرەك. بىراق بۇ نۇقتىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ چۈشەنچىلىرى ئاساس قىلىش دېگەنلىك ئەمەستۇر. ئەكسىچە، ئىسلامنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە، قۇرئانى كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئاساسىي قىممەت ئۆلچەملىرىنى سۈزۈپ چىقىپ، شۇنى ئاساس قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ جەھەتتە باشقا مىللەت تىللىرىدا مەخسۇس ئىشلەپ بېرىلگەن تەتقىقاتلار كۆپ بولۇپ، شۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. ئاندىن نىشان قىممەت ئۆلچەملىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇ خىل قىممەت ئۆلچەملىرى، ئاساسىي قىممەت ئۆلچىمى بولغان قۇرئانى كەرىمنىڭ روھىي بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلاھىي ئادالەت تەرىپىدىن بېرىلگەن، بىراق ئىنسانىي زۇلۇم سەۋەبلىك بەھرىمەن بولالمايۋاتقان ھەق ۋە ھوقۇقلىرى، بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىدە تارىختىن بىرى ياراتقان تىل، مەدەنىيەت ۋە كۈلتۈر جەھەتلەردىكى بايلىقلىرىنىڭ قوغدىلىشى جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاساسىي قىممەت ئۆلچەملىرىگە تايانغان، نىشان قىممەت ئۆلچەملىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستە قىممەت ئۆلچەملىرى ۋە بۇ قىممەت ئۆلچەملىرىنى تەشكىل قىلغان تەركىب قىممەت ئۆلچەملىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش ئوڭايغا چۈشىدۇ.

بۇ قىممەت قاراش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا، قىممەت ئۆلچەملىرىنى تىل بۇلۇڭقلۇق كوردىنات سىستېمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، گورىزونتال يۆلىنىشتە تەركىب قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىپ، تىك يۆلىنىشتە قىممەت ئۆلچەملىرىنى دەرىجىلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنى ھەممەيلەن بىلىدىغان بىر شېئىرنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ئىزاھلاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق:

(44) جۇجەئوغلۇ: «ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتى»، (ئىنسان ۋە داۋرانىشى)، 235 – بەت؛

«ھايات ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.
ۋە لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن،
ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈنلا پەقەت.»

قىسقىغىنا بۇ شېئىردا ئۇنىۋېرسال بىر قىممەت قاراش سىستېمىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، گورىزونتال يۆلىنىشتە ھايات، مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەل قىلىنغان، ھەمدە بۇ ئۈچىنىڭ ئوخشاشلا قىممەتلىك ئىكەنلىكى ۋە ھاياتنى ئەركىنلىك ئىچىدە مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. تىك يۆلىنىشتە بولسا مۇھەببەتسىز ھاياتنىڭ، ئەركىنلىكسىز مۇھەببەتنىڭ قىممىتى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئەركىنلىك ئەڭ قىممەتلىك ئورۇنغا، ئوتتۇرىسىغا مۇھەببەت، ئۇنىڭ ئاستىغا ھايات قويۇلغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلاردا «مۇجمەل ئادەم» ۋە «زىددىيەتلىك كىملىك» تىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپ بولۇشى، ھەتتا بىر قەدەر ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان زىيالىيلار بىلەن، بىر قەدەر «ئوي ئوقۇغان» دىندارلارنىڭمۇ بۇ خىل خاسلىققا ئىگە بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، دەل ئورتاق بىر قىممەت قاراش سىستېمىسىنىڭ يوقلۇقىدىندۇر. بىزنىڭ تەكلىپىمىز يېڭىدىن بىر پىكىر سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئەمەس. پەقەت، نۆۋەتتىكى مەۋجۇت ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ، قۇرئان روھى بويىچە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان قىممەت ئۆلچەم ئاساسلىرىنى سۈزۈپ ئېلىپ، بۇ قىممەت ئۆلچەملىرىنى ئۇيغۇر ئورتاق قىممەت قارىشى ئۈچۈن ئاساسىي قىممەت ئۆلچەملىرى ئورنىغا قويۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئەسلىدە بار بولغان، لېكىن تۈرلۈك دۈشمەنلىك سەۋەبىدىن خارابلاشقان، ئۇيغۇرلارغىلا خاس قىممەت ئۆلچەملىرىنى قېزىپ چىقىرىپ، بۇنى ئاساسىي قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇش ئارقىلىق، نەزەرىيە جەھەتتىن سىستېمىلاشقان ئۇيغۇر ئورتاق قىممەت قارىشى بەرپا قىلىشتۇر. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنداق قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولۇش بىلەن بىرگە، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر. شۇڭلاشقا بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىزدىنىشىمىزنىڭ بۇ يۆلىنىشتە بولىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرگە، ئادىتىمىز بويىچە «ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرسەت!» دۇئاسى بىلەن سۆزىمىزنى ئۇقتىلايمىز. ●

تەھرىر: ئا. يۇسۇپ

تەھىر ھەيىتى

# دىن ۋە كىملىك[1]

## مۇقەددىمە

جەمئىيەتتىن ئايرىم ھالدا پەيدا بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن يەككە كىشىلىك كىملىكنى، ئىجتىمائىي كىملىك ھېسابلىنىدىغان ئائىلە كىملىكىدىن ئايرىپ دىياگنوز قويغىلى بولمىغانلىقتىن شەخسىي كىملىككە خۇددى، گۇرۇپپا كىملىكى، ئىجتىمائىي كىملىك، مىللىي كىملىك ۋە مەدەنىيەت كىملىكىگە ئوخشاش جەمئىيەت ۋە جەمئىيەت ئىگە بولغان مەدەنىيەتكە ئاساسەن ئېنىقلىما بېرىلىدۇ. جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىملىككە ئېنىقلىما بېرىشتە، دىن ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە كىملىك ۋە مەنا كىرىزىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان (قىممەت قاراشلىرى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتقان) مودېرن ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئىپادىلىشى ۋە بىر نەرسە بىلەن كىملىكىنى ئىپادىلەشتە دىن ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ.

دىنىنىڭ بىر جەمئىيەتتە ئاددىي دىنىي فۇنكسىيەلەرنى ئىجرا قىلىش رولى سىرتىدا، مۇھىم تولۇقلىغۇچى ئىجتىمائىي فۇنكسىيەلىرىنىڭمۇ بارلىقى ۋە بۇ دائىرە ئىچىدە ئۇنىڭ شەخسىي، ئىجتىمائىي كىملىكنىڭ بەلگىلىنىشىدە، بولۇپمۇ تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان كىملىك مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىدا تولۇقلىغۇچى رولىنىڭ مۇھىملىقىغا ئالاھىدە ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1- تېمىنىڭ نەزەرىيەۋى دائىرىسى

تېمىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىگە ئۆتمەي تۇرۇپ، نەزەرىيەۋى دائىرىسىنى ئۇنۋەر گۆنايىنىنىڭ[2] ياردىمى بىلەن تۆۋەندىكى شەكىلدە بايان قىلىش مۇمكىن: گەرچە

(1) بۇ ماقالە ، ياردەمچى دوتسېنت ئالى جوشقۇننىڭ «دىن ۋە كىملىك» ناملىق ماقالىسىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

(2) ئۇنۋەر گۆنئاي، 1942- يىلى بىلەجىكتە تۇغۇلغان. 1964- يىلى ئەنقەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1974- دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى ساھەسىدە فرانسىيەنىڭ سوربون ئۇنىۋېرسىتېتىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيەنىڭ بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا خىزمەت قىلغان. 2009 – يىلى پېنسىيەگە چىققان. دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى تېمىسىدا

كىملىك ياكى سالاھىيەت مەسىلىسى، ئۆزۈن زامانلاردىن بۇيان پەقەتلا پسىخولوگىيە بىلىمىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە چۈشىنىلمەكتە. شۇنداقلا بۇ مەسىلە ئىلمى جەھەتتىن پسىخولوگىيە ياكى ئەڭ كۆپ ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە نەزەرىيەسى بويىچە تەتقىق قىلىنىپ ھەل قىلىنىشقا تىرىشىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەپلىرى ياخشى چۈشىنىلگەن بولغاچقا، دىن جەمئىيەتشۇناسلىرى بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. بۇ يەردە دىن ۋە كىملىك مۇناسىۋىتى ھەققىدە مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس خانس مولنىڭ ئەھمىيەتلىك چۈشەنچىلىرىگە نەزەر سېلىشنىڭ مۇھىملىقىدىن سۆز ئاچماي تۇرالمايمىز.[3] قانداقلا بولمىسۇن، كىملىك تېمىسىنىڭ كۆپ تەرەپلەرگە تۇتاشقان ۋە بۇ جەھەتتىن ھەر قايسى پەنلەر ئىچىدە ھەل قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇرەككەپ، چېگىش بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەك.

ھەقىقەتەن ئەڭ ئاددىي مەنىسى بىلەن شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقنىڭ، ئۆز-ئۆزىنى بىر نەرسە بىلەن مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان «كىملىك» ياكى «سالاھىيەت»، شەخس نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەلۇم ئىجتىمائىي بىر مۇھىتتا ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ئىچىدە كىشىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان خىلمۇ-خىل ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئاساسلىق خاراكتېرى جەھەتتىن ئۆزىنىڭ بىلىنىشىنى (تونۇلۇشىنى) بايان قىلىدىغان، جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ياكى جەمئىيەتنىڭ ۋە ياكى بىر مىللەتنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقنىڭ باشقىلاردىن ئايرىلىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان سىمۋولدىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدىمۇ شەخسىي كىملىك، يەككە كىملىك، گۇرۇپپا كىملىكى، جەمئىيەت كىملىكى، مەدەنىيەت كىملىكى ۋە مىللىي كىملىك... دېگەندەك تۈرلەرنى ئانالىتىك جەھەتتىن، بىرىدىن ئايرىش لازىم. بۇنىڭغا ئاساسەن شەخسىي كىملىك كىشىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئورگانلار تەرىپىدىن بېرىلگەن، كۆپ ۋاقىتلاردا رەسمىي بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە كىملىكنى ئىپادىلىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ پسىخىك-ئىجتىمائىي تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. گۇرۇپپا، جەمئىيەت، مىللەت ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىكى كىملىكلەر ئۇ گۇرۇپپىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقنى شەكىللەندۈرىدىغان شەخسلەرنىڭ ئورتاق

نۇرغان ئەسەرلىرى بار.

(3) H. Mol, *Identity and Sacred. A Skech For a New Social Scientific Theory of Religion*, Oxford, 1978.

مەۋجۇتلۇقتا بىردەكلىكنى، ئورتاق ئىدىيە ۋە سىمۋوللاردا بىرلىششىنى، كوللېكتىپ قاراش ۋە تۇرلۇك ھېس-تۇيغۇدا ھەمبەھىرلىششىنى ئاساسىي تېما قىلماقتا. قايسى شەكىلدە تەتقىق قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، كىملىكنىڭ بەلگىلىنىشىدە ئەھۋال ۋە شارائىتلارغا ئاساسەن تىل، جامائەت تۇيغۇسى، قانداشلىق، ئورتاق مەدەنىيەت، تارىخ، ئىجتىمائىي، دىنى، ئەخلاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خىلمۇخىل ئامىللارنىڭ قىممىتى ناھايىتى مۇھىم.[4]

بۇ نۇقتىدا، ھەر جەمئىيەتتىكى ياكى ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى كىملىك كاتېگورىيەلىرى بىلەن دىن، دىنىي ئېتىقادلار، پىرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەر ئوتتۇرىسىدا بەك يېقىن مۇناسىۋەتلەرنىڭ بارلىقى ھەممىگە ئايان. چۈنكى، دىنىنىڭ بىر جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ قىممەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدا ئاچقۇچلۇق رولىنىڭ بارلىقى مەلۇملۇق بىر ھادىسەدۇر. ھەممىدىن ئىلگىرى، بىر ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتىدا دىن، كىشىلىك قىممەت-قاراشلارنىڭ ئاساسىنى شەكىللدۇرىدۇ. ئوخشاشلا ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت كىملىك كاتېگورىيەلىرىنىڭ بەلگىلىنىشىدە ۋە قوغدىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئورتاق ھالدا دىنى پرىنسىپلارنىڭمۇ ئۆز نۆۋىتىدە، ئىجتىمائىي، مەدەنىي شارائىت ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەلۇم نىسبەتتە تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. باشقا بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا دىن، جەمئىيەتتە ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ۋە بۇ شەكىلدە ئۇلارنىڭ مەھكەم ھالدا بىر بىرىگە باغلىنىشىنى تەمىنلەيدىغان مۇقەددەس پىرىنسىپلار ۋە ئۆلچەملەر ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئۇ، جەمئىيەت مەدەنىيىتىدە قىممەت-قاراشلار ۋە ئورتاق غايىلەرگە تايانغان ئەخلاق بارلىققا كەلتۈرمەكتە. ھەتتا بۇ يولدا دىن ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى مۇقەددەسلىككە ئېگە قىلماقتا. شۇنداقلا، كىملىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە، دىن كىملىككە مۇقەددەس بىر مەنا ۋە قىممەت بېغىشلاش ئارقىلىق مۇھىم تولۇقلىغۇچى فۇنكسىيە ئىجرا قىلماقتا.

كىملىك ئاتالغۇسى پسىخولوگىيەلىك بىر ھادىسە سۈپىتىدە «مەن»، «ئوخشاش ۋاقىتتىكى كوللېكتىپ مەنسۇپلۇق تۇيغۇسى» ۋە «بىز ئېڭى» ياكى «ۋىجدان» ۋەياكى «روھ» بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇش نۇقتىسىدىن، قالايمىقانچىلىققا قارشى تەرتىپ ۋە مۇقىملىقنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي

(4) Ünver Günay, *Din Sosyolojisi*, İstanbul 1988, s. 377-378.

قۇرۇلمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە بىرلەشتۈرۈش غايىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ جەھەتتىن قارىغىنىمىزدا جىمجىتلىق ياكى جىمجىتلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى مەنىسى ۋە شەكلىنى ئەقلىمىزگە سالىسمۇ ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەھۋال كىملىك ھادىسىسىدىكى ئۆزلۈكسىزلىك ئاتالغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەمدە ئۆزئارا تارىخى نۇقتىدىن دىنامىك بىر ماھىيەتنى ئىپادە قىلماقتا. بۇ جەھەتتىنمۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ۋەقە ۋە باسقۇچلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنمەكتە. بۇ سەۋەبتىن تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي بىر ھادىسە سۈپىتىدە كىملىك تېمىسىنى بىر دىنامىك قاراشتا تۇرۇپ، ئۆزگىرىش ۋە قەدەم باسقۇچلۇق مۇناسىۋىتى ئىچىدە تەتقىق قىلىش مۇۋاپىق. مۇھىمى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدىن بىرى بولغان تەرتىپ، مىزان، ئىزچىللىق، ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭ باسقۇچلىرى ئىچىدە كىملىك مەسىلىسى ئۆزىگە خاس ئورۇن ئالغان. بۇ نۇقتىدىنمۇ ئۇنىڭغا بۇ قوش تەرەپلىملىك خاراكتېرىنىڭ دىنامىك مۇناسىۋىتى دائىرىسىدە مۇئامىلە قىلىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر دىنامىك باسقۇچ بولغان كىملىك ھەققىدە ئوخشاش ۋاقىتتا، كۆپىنچە خىلمۇ-خىللىقتا ئىگە جەمئىيەتلەردە كىملىك ئىزدەش، كىملىك كىرىزىسى ، كىملىك قېيىشى، كىملىك بەرپاچىلىقى.... دېگەندەك ھادىسىلەر ۋە باسقۇچلار قىزىق تېمىلاردىن بىرى بولماقتا. خۇسۇسەن تېز ئۆزگىرىش ھالىتىدىكى بىر مۇھىتتا ئوتتۇرىغا چىققان مەدەنىيەت يوقىلىشى، بۇزۇلۇشى ياكى ئېنىقسىز ۋە بىنورمال ھالەتتىكى كىملىك مەسىلىلىرى ھايات-مامات مەسىلىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇ دائىرىدە باشقا نۇرغۇنلىغان ئامىللارنىڭ يېنىدا دىنمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەشكە تىرىشماقتا. چۈنكى شەخسىي ياكى ئىجتىمائىيلىق سۈپىتىدە ئۆزىنى بىر نەرسە بىلەن پۈتۈنلەشتۈرۈپ تونۇتۇش ئارقىلىق كىملىكنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىۋاتقان ئىنسان ۋە جەمئىيەت، بۇنداق سالاھىيەت قازىنىش باسقۇچىدا نۇرغۇنلىغان دىنى ۋە مۇقەددەس دەپ قوبۇل قىلىنغان قىممەتلەرگە چىڭ ئېسىلماقتا ۋە كىملىكنى ئۇنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئاكتىپلاشتۇرۇشقا تىرىشماقتا.

خىلمۇ-خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدا دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىملىك مەسىلىسى، بارغانسېرى مۇجمەللىشىۋاتقان زامانىمىزنىڭ مودېرن جەمئىيىتىدە مەۋجۇدىيىتىنى كۈچلۈك شەكىلدە داۋاملاشتۇرماقتا. يۈنىلىشى ئوچۇق بولمىغان بىر مۇھىتتا دىنىنىڭ ياكى دىن ئۈستىگە قۇرۇلغان كىملىكنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ ئېشىپ بارماقتا. پەقەت، بۇ دائىرىدە دىنىنىڭ رولى باشقا ئامىللار ئىچىدە تولۇقلاش خاراكتېرلىك

بىر فۇنكسىيەگە ئىگە بولماقتا. بۇ جەھەتتىن بەزىلەر دىننى يېگانە كىملىك بەلگىلىگۈچى كۈچ ۋە كىملىكنى دىننىڭ ئاددىي بىر فونكسىيىسى دەپ قارايدىغان كۆزقاراشلارمۇ مەۋجۇت. ئۆتمۈشكە قارايدىغان بولساق، كىملىك ۋە دىن مۇناسىۋەتلىرى، تارىخى باسقۇچ جەريانىدا شەرت-شارائىتقا قاراپ داۋاملىق ھالدا ئۆزگەرمەكتە ۋە دىننىڭ ئۆز نۆۋىتىدىكى رولى، كۆپىنچە باشقا ئامىللارنى تولۇقلىغۇچى كۈچ بولۇشتا بىرلەشمەكتە. ئاساسەن دىننىڭ بۇ خىل تاماملىغۇچى كىملىك بەلگىلەش كۈچى دىنسىز جەمئىيەت ھاياتى ۋە دىنسىزلاشتۇرۇش پائالىيەتلىرى تىز تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىمىز مودېرن جەمئىيىتىدىمۇ مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ھەتتا مودېرن سۇنئىي مەدەنىيەتنىڭ بەكمۇ پەرقلىق بولۇشى مۇتەخەسسىسلىشىش، شەخسىيەتچىلىككە مايىل كىشىلىك، كىملىكلەرنى پارچىلايدىغان ۋە يوقاتقۇچى تەرەپلىرى ئالدىدا دىننىڭ كىملىك بەلگىلەشتىكى تولۇقلىغۇچى رولى ۋە بىرلەشتۈرگۈچى تەسىرلىرى ئېشىپ بارماقتا. بارلىق جەمئىيەتلەردە ۋە بارلىق تارىخى دەۋرلەردە خىلمۇ-خىل ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىجتىمائىي پەرقلەرنىڭ روشەنلىشىشى ۋە كرىزىسلەرگە پاراللېل ھالدا دىنى، مەنىۋى ھەرىكەتلەردە كۆرۈلگەن تېزلىك، دىن ئامىلىغا تايانغان كىملىك ئىزدەش قەدىمىنىمۇ تېزلەتكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بۇ ئەھۋالدا كىملىك قېيىشى ۋە كىملىك ئۆتنۈشۈش ھادىسىسىدىمۇ ئېشىش كۆرۈلمەكتە. بۇ شەكىلدە گۇرۇپپىلىشىش، گۇرۇپپىدىن ئايرىلىش، مەزھەپلىشىش، يېڭى ھەرىكەتلەر پەيدا قىلىش ۋە جامائەتلىشىش ھادىسىلىرى دىنى ئامىل بىلەن بىللە، گۇرۇپپا كىملىكىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان ئېھتىياج كۈچەيتمەكتە. بىراق، شەخسىي كىملىككە يۈزلىنىشىمۇ بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا كۈچەيمەكتە. بىراق، شۇنىسى ئېنىقكى، دىن- كۆپىنچە گۇرۇپپا كىملىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان خاھىشلاردا مەيدانغا كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئەھۋال سەۋەبىدىن، دىنىد كىملىك- شارائىتقا قاراپ بارلىق كىملىك كاتېگورىيەلىرى بىلەن مەلۇم نىسبەتتە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورناتقان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا دىنلار بىلەن كىملىك كاتېگورىيەلىرى ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن: بۇددىزمدا ئائىلە كىملىكى، شىنتاۋىزمدا جامائەت كىملىكى، خىرىستىيان دىنىدا شەخسى كىملىكنىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ ئەھۋالدا دىننىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ پەرقلىق كىملىك قۇرۇلمىلىرىنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ترولتچ (Troeltsch)نىڭ قارىشىدا شەخس كىملىكىنى، مەزھەپلەر گۇرۇپپا كىملىكىنى، چېركاۋغا ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك قۇرۇلۇشلار ئىجتىمائىي

كىملىكنى قوللىماقتا. دىن ۋە كىملىك مۇتەخەسسىسى خانس مول دىننى، مۇئەييەن مەنىدە كىملىكنى مۇقەددەس دەپ قارايدىغان بىر ئامىل دەپ قارايدۇ. بۇ ئاساستا پەرقلىق بولۇش/بىرلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى دىيالېكتىك مۇناسىۋەتنى ئاساسى ئورۇنغا قويىدىغان تەتقىقاتتۇر. كىملىك بۇ دىيالېكتىك سېلىشتۇرۇشتا بىرلىشىش ياكى بىرلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئۇقۇم بولۇپ، مۇقەددەس بولۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. مۇقەددەسلەشتۈرۈش بىر مەنا سىستېمىسى ۋە ئەمەلىيەتنىڭ ئېنىقلىمىسى دېگەن مەنىدىكى كىملىكنى شەكىللەندۈرىدىغان، مۇھاپىزەت قىلىدىغان ۋە نۆۋەتتە كەلگەندە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشنى يېڭى كىملىك ئاساسىدا قانۇنىيلاشتۇرىدىغان بىر باسقۇچتۇر.[5]

## 2- بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىدا بىر مەسىلە سۈپىتىدە كىملىك

ئەنئەنىۋى كۆزقاراشقا ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن ئىجتىمائىي كۆزقاراش، ۋاستىلىك ۋە ئاساسى پىرىنسىپلاردىن يىراق بىر تەتبىقاتقا ۋەكىللىك قىلغان نىسبەتتە ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدا مودېرن دۇنيا، تەڭپۇڭسىز ۋە كرىزىس ئىچىدە. ئۇنى ئىسلاھ قىلىشتا، پىرىنسىپلاردىن ئەمەس، نەتىجىنى ئاساس قىلىدىغان ئۇسۇل بويىچە داۋالاش ئاساسسىز ۋە ئالداش خاراكتېرلىك داۋالاش بولىدۇ.[6] بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت مۇنداق بىر مۇھاكىمە، داۋالىيالايدىغان ۋە ئىسلاھ قىلالايدىغان سەۋىيەگە يەتكەندە مۇمكىن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قىلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى كۆپ ئىشلار بار. داۋالاشتىن ئىلگىرى توغرا دىياگنوز قويۇش ھېچ بولمىغاندا داۋالاشچىلىك مۇھىم بىر باسقۇچ. ھەم مودېرن ئىزاھ بىلىمى (hermeneutical) ھەمدە تەتقىقات ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ئىشارەت ۋە كۆرۈنگەن بىر شەيئى، ھادىسە، تېكىست ۋە باشقىلارنى توغرا ئىزاھلاش، بىزنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەزكۇر شەيئىنىڭ يىلتىزىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بىر جەھەتتىن كۆرۈنگەن نەرسىدىن كۆرۈنمىگەن نەرسىگە، نەتىجىدىن پىرىنسىپقا ئېرىشىشكە ئوخشاش بىر ئەھۋال.

بۇ قىسقا مۇقەددىمىدىن كېيىن، شۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەنئەنىۋى ئېقىمنىڭ ئەڭ مۇھىم بايراقدارى رىنا گۇنونمۇ (Rene Guénon) مەلۇم بىر دەۋرنىڭ زىھنىيەت دۇنياسىنى ئاشكارا بولغان نىسبەتتە مودېرن سىياسىي، ئىجتىمائىي

(5) A.Vahap Taştan, *Değişim Sürecinde Kimlik ve Din*, Kayseri 1996, s. 14.

(6) René Guénon, *Modern Dünyanın Bunalımı* (Çev. Nabi Avcı), İstanbul 1991 s. 89.

ۋە ئىقتىسادى ساھەسىنىڭ نەزىرىدىن ساقىت قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ ساھەدە كۆرۈلگەن بىئارامىلىقلار تەڭلىك، باراۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان مەجبۇرى مائارىپ، دېموكراتىيە، مۇتەخەسسىسلىشىش، باشقۇرۇشتىكى ئاست-ئۈست مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ھەقىقىي زىيالىيلارنىڭ يوقلۇقى بىلەن ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت.[7] باشقا بىر ئەنئەنىچى مۇتەپەككۇر سەييىد ھۈسەيىن نەسرنىڭ قارىشىدا پىكىر ساھەسىدىكى پەرقلىق نۇقتىئىنەزەرلەر ئەڭ كۆپ سىياسەت، ئىجتىمائىي ھايات ۋە ئىقتىسادى ساھەلەرنى كەسكىن ھالەتكە كەلتۈرمەكتە. باشقا ھېچقانداق بىر ساھەدە بۇ ساھەلەردىكىدەك ئەنئەنىچى، مودېرنىست ۋە رادىكال پىكىر ئايرىمچىلىقى ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ.[8]

مودېرن بۇتلار دېيىشكە بولىدىغان مودېرن كىملىكلەر، ئەجەبا پەقەتلا كەلىمىلەردىن ئىبارەت بىر نەرسىمۇ ياكى بىرخىل ھايات شەكلىمۇ؟ بىزنىڭ قارىشىمىزدا زامانىۋى كىملىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋە رېئالىزم دەپ ئاتىلىدىغان ۋە تەپەككۇر ياكى بارلىقتىن خالى كەلىمە ئويۇنلىرىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ۋە شەخسى يىلتىزلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مودېرن بىلىملەرنىڭ مېتودلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن باشقا قىسقىراق بىر يول يوق. بىز، ھازىرغا قەدەر كۆپلىگەن تېمىدا بولغاندەك كىملىك مەسىلىسىگە دىياگنوز قويۇشتىمۇ جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن پسىخولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، شۇنداقلا جەمئىيەت ۋە شەخسلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭمۇ باشتىن باشلاپ مۇلاھىزە قىلىنىشى لازىم، دەپ قارايمىز.

ھەر بىر جەمئىيەت، ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك «ئوبيېكتىپ بىلىم»نىڭ بىر قىسمى مەنىسىدىكى بىر خىل كىملىك پروگراممىسىغا ئىگە. شەخس ئىجتىمائىيلاشقانسېرى، شەخسكە ئائىت ئايرىم كىملىكلەرمۇ ئۇنىڭ بىللە ئىچكى بىلىمگە ئايلىنىدۇ. جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان پاسسىپ جىسىملىق خۇسۇسىيەت ۋە ھەقىقەت بۇ شەكىلدە ئاكتىپ ئامىلغا ئايلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىيلىشىش پاسسىپ جىسىملىق خۇسۇسىيەت بىلەن ئاكتىپ ئامىل ئوتتۇرىسىدا ۋە بۇ ئىككى كىملىك ئوتتۇرىسىدا سىممېترىك بىر ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇ سىممېترىنىڭ دەرىجىسى

(7) René Guénon, *Modern Dünyanın Bunalımı* (Çev. Nabi Avcı), İstanbul 1991 s. 89-103.

(8) Seyyid Hüseyin Nasr, *Modern Dünyada Geleneksel İslâm* (Çev. S. Ş. Barkçin-H. Arslan), İstanbul 1989, s. 19-20.

بىزگە ئىجتىمائىيلىششىنىڭ غەلىبىسىگە دائىر بىر ئۆلچەم سۇنالايدۇ.

شۇنداقلا جەمئىيەت، پسىخولوگىيەلىك ھەقىقەتنى پەقەتلا تونۇشتۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ئۇنى بەرپا قىلىدۇ. ھەر جەمئىيەت بىر دۇنيا قۇرۇشنىڭ غېمىدە ۋە جەمئىيەت تەجرىبىلەرنىڭ چەكسىز كەتكەن شەخسى بەلگە ۋە ئىشارەتلىرىدىن سۆز ئالەمى قۇرىدۇ. بۇ ئالەم شەخسى ئىشارەتلەرنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇنى پاسسىپ بىر جىسىمغا ئايلاندۇرىدۇ.

ھەقىقەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمە بولۇپ شەكىللىنىشىدە تىل ھەم ئاساسى ئامىل ھەمدە بىر ۋاستە رولىنى ئوينايدۇ. تىل شەخسى تەجرىبىلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ ۋە بىر جىسىمغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ شەخسنىڭ باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان دۇنيانىڭ ئەزاسى بولۇش يولىدا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى بولىدۇ. چۈنكى جىسىملىقتا ئىگە ھەقىقەت، دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭ قايسى مەنىگە كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان يېگانە ۋاستە، ئىشلىتىلىۋاتقان تىلدۇر. دىنىي بولمىسىمۇ ئانتروپولوگىيەلىك جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە دەپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇنى پەيدا قىلغان جەمئىيەتنىڭ سىرتىدا تىل بىلىمنى سىستېما ھالقىغان ئىلاھى بىر مەرتىۋىگە كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

پسىخولوگىيەلىك ھەقىقەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇۋاپىق باغلىنىشى بىلەن كىملىك، ھەر دائىم ئىجتىمائىي ھالەتتە قۇرۇلغان بىر دۇنيانىڭ كىملىكى ھېسابلىنىدۇ. كىشى نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، كىملىك باشقىلارنىڭ ئۇنى ئورتاق بىر دۇنياغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىدراك قىلىشى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئىجتىمائىيلىشىش، شەخس باشقىلارنىڭ پوزىتسىيەسىنى قوبۇل قىلغاندا يەنى باشقىلارنىڭ ئۇ شەخس بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ياكى كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى قېلىپقا ماس كەلگەن ۋاقتتا مەۋجۇت بولالايدۇ. شۇبھىسىز بۇ باسقۇچ «كىملىك» قۇرۇلمىسى ئۆچۈنمۇ كۈچكە ئىگە . بۇ سەۋەبتىن مۇشۇنداق بىر كىملىك قازاندۇرۇش باسقۇچىنى، كىشىلىك كىملىك قازىنىش ھادىسىسىدىن ئىلگىرى مەۋجۇت ۋە ئىككىنچى باسقۇچنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان بىر باسقۇچ دەپ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، 1492- يىلى ئامېرىكىغا قەدەم باسقان كولومبو ۋە ئىسپانىيەلىكلەر كۈچلۈك تەرەپ بولغانلىقتىن ئىسىم بەلگىلەش ئويۇنىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. يەرلىك خەلق بولسا ئۆزلىرىنى ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ تەبىرى

بويىچە ئېيتقاندا «ھىندىلار/ئىندىيانلار» دەپ تونۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. كاپىتالىست غەربنىڭ، كاپىتالىزمدىن ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان، «ئاز تەرەققىي قىلغان»، «تەرەققىي قىلىۋاتقان» ۋە «تەرەققىي قىلغان» دۆلەت ماركىلىرى ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدا دۇنيانى بىرىنچى (ئۆزلىرى)، ئىككىنچى (ئىلگىرىكى شەرق لاگېرى، رۇسىيە ۋە ئۇزاق شەرقتىكى بەزى دۆلەتلەر)، ئۈچىنچى (ئىسلام ئەللىرى قاتارلىق باشقا دۆلەتلەر) دۇنيا شەكلىدە قىسىملارغا ئايرىشى نەتىجىسىدە، مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ ھوقۇقلۇق ئېغىزدىن بۇ كىملىكلەر بىلەن ئۆزلىرىنى تەرىپلەشلىرى مەلۇملۇق بىر ھەقىقەت. بىر كىملىك بىلەن كىملىك شەكىللەندۈرۈش، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بىر دۇنيادا ئورۇن ئېلىش دېمەكتۇر. ئوخشاش دۇنيادا ياشايدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان ئىجتىمائىيلىشىش ھادىسىسى «كىملىكلەرنىڭ» دەسلەپكى قەدەمدىن ئېتىبارەن مەزكۇر دۇنيادا ئورۇن ئېلىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقى ئاشكارا. مەسىلەن، ئانا ۋە دادا پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويىدۇ ۋە ئۇلار بۇ كىملىككە مۇناسىپ بىر مۇناسىۋەت ئىچىدە ئۆمرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر سۆز بىلەن ئىسىم قويۇش-نەتىجىگە ئېرىشىش نىسبىتى كۆلتۈرلەرگە قاراپ پەرقلىق بولۇش بىلەن بىللە- شەكىسىز ھالدا بۇ مەنىدە بىر كىملىك شەكىللەندۈرۈش ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. كېيىنچە بۇ كىملىك شەكىللەندۈرۈشكە مۇۋاپىق ھالدا دۇنيا شەكىللەندۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلە قوبۇل قىلىنغان بىر كىشىلىك مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن. ھەرقانداق بىر شەخس باشقىلارنىڭ تونۇم (پوزىتسىيە) ۋە روللىرىنى ئىشلىتىشكە پاراللېل ھالدا ئۇلارنىڭ دۇنياسىنىمۇ قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ. ھەر رول بىر دۇنيانى ئىپادىلەيدۇ. ئەسلىدە بۇنداق ئۆزئارا تەسىر قىلىش ۋە ئۆزئارا ماسلىشىش بىر خىل سىڭىپ كېتىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە كىشى مودېل دەپ قوبۇل قىلغان ئىنسان بىلەن «ئوخشاشلىشىپ» ئۇنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھەمھال بولغاندا، ئۇنىڭ دۇنياسىدا بىرلىكتە ياشىغان بولىدۇ. تىز ئۆتمۈشكە ياتلىشىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كىملىك تۇيغۇسىنى بۇ يەردە مىسال قىلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

### 4- بىر كىملىك ۋاستىسى سۈپىتىدە دىن

دىن ئەسلىدە مېتافىزىكىلىق تەرىپى بىر چەتتە تۇرۇپ تۇرسۇن، زامانىۋى ئاكتىپ، قۇرۇلمىلىققا ئىگە - ئاكتىپ جەمئىيەتشۇناسلارمۇ گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان بەكمۇ ھەل قىلغۇچ روللىرى بولغان ئەڭ ئاساسلىق ۋە بەلگىلەش خاراكتېرىغا ئىگە بىر

خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ماركسىزمچى جەمئىيەتشۇناسلار، زىددىيەتچى نەزەرىيە تەرەپدارلىرى ۋە ئۆزگىرىشچان / تەرەققىيپەرۋەر نەزەرىيە تەرەپدارلىرىدىن بىر قىسمى دىنغا ھەر جەھەتتىن سەلبىي مەنا يۈكلەشكە ئۇرۇنسىمۇ، دىن ئاساسەن تېپىك ھالدا تۆت خىل رولنى جارى قىلدۇرماقتا. بۇلار: بىر مەنىگە ئىگە قىلىش، كىملىك قازاندۇرۇش ، قۇرۇلمىلىققا ئىگە بولۇش ۋە كۈلتۈرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇش قاتارلىقلار.

بىر مەنىگە ئىگە قىلىش رولىدا دىن ئادالەتسىزلىك، ئازابلىنىش ۋە ئۆلۈمگە ئوخشاش ھادىسىلەردىن كېيىن ئىنسانلارغا ئاخىرىدا مەنىلىك بىر دۇنيا قارىشى ۋە بىر ئالەم سۇنىدۇ. دىن كىملىك ۋە مەنسۇپلۇق تۇيغۇسى قازاندۇرۇش رولىدا بولسا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇھىتتىن يىراق، يېڭى مۇھىتقا ياكى دۆلەتكە كۆچۈپ كەتكەن ئىنسانلار ئۈچۈن بىر كىملىك مەنبەسى بولۇش سۈپىتىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىماقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئائىلىگە ئوخشاش ھەم دىنى ھەمدە تەبىئىي مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى ئائىلە ئەزالىرىدىن يىراق بىر مۇھىتتا تۇرۇپ قالغاندا دىنى گۇرۇپپا، ئىنسانلارغا مۇھىم بىر مەنسۇبلۇق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. ئامېرىكىغا ئوخشاش كۆچمەن نوپۇستىن شەكىللەنگەن بىر دۆلەتتە، دىنى جامائەت روھىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە تەرەققىي قىلغان بولۇشىنىڭ سەۋەبى، مەزكۇر گۇرۇپپىلارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن بۇ يېڭى مۇھىتتا ئۆزلىرىنى ئىپادە قىلالايدىغان دەرىجىدە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن بولۇشى ۋە بۇ جەھەتتىن مۇھىم رول ئوينىشىدا ياتىدۇ. بۇ ھەيران قالارلىق بىر ئەھۋال بولمىسا كېرەك. ئاساسەن دىنىنىڭ بۇ مۇھىم رولنى ئىجرا قىلىشىنىڭ يېگانە ئۆلچىمى كۆچ قانۇنىيىتى ياكى كۆچنىڭ تۇراقسىزلىقىمۇ ئەمەس.(9) بۇ يەردە شۇنى ئايرىش لازىمكى، ئىنساننىڭ ـ ئانا يۇرتى بولغان روھلار ئالەمدىن بىر كۆچمەن سۈپىتىدە بۇ ئالەمگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدىكى ئالەمدىكى ئونىنك-كوزمىك كۆچ، ھەر ۋاقىت دىن قازاندۇرىدىغان مەنا ۋە ئىزاھقا موھتاج . شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى مىتاكوزمىك كۆچ بولسۇن، مەيلى ماكروكوزمىك ياكى بىر كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى سەلبىلىكلەردىن قېچىش، ئىجابىي تەرەپكە يۈزلىنىشى بولسۇن (ياكى ھىجرەت) بۇ باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىدە بىر دىنغا باغلىنىش، كىشىلەرگە كىم ياكى نېمە؟ ئىكەنلىكلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندەك قەيەردىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىر ئاڭغا ئىرىشتۈرىدۇ.

(9) Keith A. Roberts, *Religion in Sociological Perspective*, California 1990, s. 52-54.

تىز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى جۇغراپىيەلىك ھەرىكەت خاراكتېرىگە ئىگە جەمئىيەتلەردە بىر يەرگە باغلىق تۇرمۇش ياكى بىر يەرگە مەنسۇپ بولۇش تۇيغۇسى ناھايىتى مۇھىم بىر خىل پسىخولوگىيەلىك ئېھتىياج ھېسابلىنىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇشلىرىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ۋە بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدا دىنى مۇراسىملار ئارقىلىق ئېرىشىلگەن يېڭى كىملىكلەردىمۇ دىن، قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە . ئەنئەنىلەر ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان جەمئىيەتلەردە تۇغۇت، توي، كەسىپ ۋە ئۆلۈم قاتارلىق مۇھىم ھايات باسقۇچلىرى داۋاملىق دىنى مۇراسىملار بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

دىنى قۇرۇلما ۋە كۈلتۈرگە دائىر روللار ھەققىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، جەمئىيەت پۈتۈنلۈكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈشىدە ۋە قانۇنىيلاشتۇرۇلۇشىدا دىن، ئومۇمەن ئىجابىي بىر ۋەزىپە ئۆتىمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا مۇھاكىمە ئۆلچەملىرى ۋە كۈلتۈرگە دائىر قىممەتلەرنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئوخشاش شەخسلەرنىڭمۇ ھاياتلىرى ئۈچۈن مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولغان ئىزچىللىق ۋە مۇقىملىقنىڭ شەكىللەندۈرۈلىشىدىمۇ ئوخشاشلا پايدىلىق.[10]

## 5- مەسىلىنىڭ بەزى ئەمەلىي ئىپادىلىرى

### (1) كەڭ مەنىدە مودېرن ۋە پوستمودېرن كىملىك[11]

كۈنىمىزدە بۇ تېمىنى غەرب ئەللىرى ۋە بىر قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بەزى ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئاكتىپ ھالدا بەس-مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان مودېرنىزم ۋە كېيىنكى مودېرنىزمدىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇم ئەتراپىدا يېزىش ئارتۇقچە بىر ئىشتۇر. چۈنكى ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا تارىخى جەھەتتىن ماسلاشتۇرغىلى بولمايدىغان روشەن پەرقلەر يوق. پىكىر مەيدانىدا تەنقىدى نەزەرىيەگە بىر تۆھپىسى بار دەپ قارالغان بولسىمۇ، جەمئىيەتتىكى تەجرىبە مەيدانىدا كېيىنكى مودېرنىزمنىڭ زامانىۋىلىششقا بولغان توھپىسىنىڭ دېگۈدەك كوپ ئەمەسلىكىنى ئىپتىشقا بولىدۇ. ئۇ كۆپرەك سانائەتلىششتىن كېيىن ياكى ئۇنى ھالقىغان ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ماسلاشمايدىغان ۋە ئادەتتە، كومپيۇتېر، ئۇچۇر، ئاكادېمىك بىلىم، يۇقىرى تېخنىكا ۋە بۇلارنىڭ بىر نەتىجىسى

(10) Keith A. Roberts, *Religion in Sociological Perspective*, California 1990, s. 52-54.

(11) پوستمودېرنىزم دېگەندە كېيىنكى مودېرنىزم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سۇپىتىدە تېز ئۆزگىرەيدىغان بىر ئىجتىمائىي ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان بىر ئۇقۇمدۇر. كېيىنكى مودېرنىزم ئاساسەن «د. بىل»گە ئوخشاش كېيىنكى تەرەققىي قىلغان سانائەت جەمئىيىتى نەزەرىيەشۇناسلىرىنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ كومپيۇتېرلاشقان ئەھۋالىنىڭ ئىسمىدۇر.[12]

تېمىنىڭ مۇھىملىقىغا ئاساسەن، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يېڭى بىر كىملىكنىمۇ شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن كېيىنكى مودېرنىزمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى تېخىمۇ كەڭرى دائىرىدە تەتقىق قىلىش پايدىلىق بولىدۇ . ھازىرقى ئەھۋالدا يەنە بىر قېتىم چوڭ نەزەرىيەلەرنىڭ ۋاقتى ئاخىرلاشتى ۋە بىكارغا بىھۇدە ئۇمىدلەنمەسلىك كېرەك. ئەڭ كۆپ بولغاندا، ئاخىرقى كاپىتالىزم مەدەنىي مەنتىقى دەپ قوبۇل قىلغان كېيىنكى مودېرنىزم، يۇقىرى زامانىۋىلىشىشنىڭ مۇھىم ئەخلاقى جەھەتتىكى مۇھىم ئورنىنى تەقلىدىي، شەخسىيەتچىلىك، تىجارى مۇناسىۋەتلەر ۋە بەزىدە بىۋاستە نىھىلىزم (ھېچنېمىنىڭ مەنىسى يوق دەپ قاراش) ئالغان.[13] زامانىۋى كىملىكتە دىن، پەلسەپە، ئەخلاق، قانۇن، تارىخ، ئىقتىساد ۋە سىياسەتنىڭ تەنقىدىنى تۈنجى ۋە يالغۇز پەرقلەندۈرگۈچى خاراكتېرى بولسىمۇ، كېيىنكى مودېرنىزم، يا پۇتۇنلەي بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيە ئوتتۇرىغا قويماقتا ياكى ھەر مەسىلىدە ئانارخىست (ھۆكۈمەتسىزلىكنى تەرغىب قىلغۇچى) بىر پوزىتسىيە ئوتتۇرىغا قويماقتا.

كېيىنكى مودېرنىزم ئىسمى، ئاساسەن زامانىۋىلىشىشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە تېخىمۇ زامانىۋىلاشقانلىقىمىزنى تەكىتلەشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بۇنداق ئاتاش، ئارقىمۇ – ئارقا كەلگەن تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلەۋاتقان زامانغا ئەگىشىشنىڭ داۋاملىشىشى مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ . زامانغا ئوخشاش سۇبيېكتىپ بىر ئۇقۇم بىلەن كىملىكلىشىش تىلغا ئېلىنغان ئەھۋالدا، ھەرخىل ئىنسان تىپلىرى پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۆتكەن زامان بۇرۇنقىلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى ۋە دەسلەپكى يەريۈزى ئۇلارنىڭ جەننىتى ئىدى. كەلگۈسى بولسا، مودېرن ئىنسانلارنىڭ ۋەدە قىلىنغان تۇپراقلىرىدۇر. ھازىرقى زامان بولسا، ئەزەلدىن بىرى، شائىرلارنىڭ، راھىبپەرەستلەرنىڭ ۋە سىرلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلارنىڭ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە، ئۇ ھايات ۋە ئۆلۈم ئارىلاشقان بىر

(12) Douglas Kellner, "Toplumsal Teori Olarak Postmodernizm: Bazı Meydan Okumalar ve Sorunlar", Mehmet Küçük, *Modernite Versus Postmodernite*, s. 238.

(13) Douglas Kellner, "Toplumsal Teori Olarak Postmodernizm: Bazı Meydan Okumalar ve Sorunlar", Mehmet Küçük, *Modernite Versus Postmodernite*, s. 227.

خىل مېۋە.[14] ئۆتمۈش ۋە ھازىرقى زامانغا بارىدىغان يول ئاساسەن روھتىن ئۆتىدۇ. بۇ يەردە ھەزرىتى ئادەمنىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولغان چەكلەنگەن مېۋە، بەلكى بۇ بەدەننىڭ ئارزۇلىرىغا ماسلىشىش ياكى باشقا بىر مەنىدە ھازىرقى ۋاقىتنى تاللاش دېگەن بولىدۇ . ھالبۇكى ئەبەدىيلىك دەرىخى دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخنىڭ چەكلەنگەن مېۋىسىدىن، يەنى بەدەندىن، يەنى ھازىرقى ۋاقىتتىن ۋاز كېچىشمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇس ئىنسان ئەۋلادى ھازىرقى ۋاقىتنى ۋە بەدەننى تاللىغان. بۇنى بېسىپ ئۆتۈشنىڭ يولىمۇ بەدەنلىرىنى زامان ئۆتكەنسېرى سەرپ بولغان ۋاقىتنىڭ باللىرى بولغان سۇپىلارغا ئوخشاش بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بەدەنسىز ۋاقىتتىن يەنى روھتىن ئۆتىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھازىرقى زامان (بەدەن)دەك بۇرۇنقى زامان (ئىزدىلىۋاتقان جەننەت) ۋە كېلىدىغان زامان (ئەبەدىي ھايات) مۇ روھ بىلەن بىر مەنىگە ئىگە بولىدۇ ۋە پەقەتلا ئۈچ زامان بىرلىكتە يالغۇز بىر ھەقىقەتكە ئايلىنالايدۇ.

## (2) زامانىۋى دۇنيادا ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلاردا مەيدانغا كەلگەن كىملىك مەسىلىلىرى

غەربتە ئوتتۇرىغا چىققان بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر سەۋەب بولغان كىملىك كىرىزىسلىرى ئەڭ چوڭقۇر شەكىلدە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلاردا مەيدانغا كەلدى. باشتا ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ كۆچىيىشىدىن كېيىن بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىشچى سىنىپىنىڭ ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى بىلەن جەمئىيەتتە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. نەتىجىدە نۆۋەتتى بىلەن، 18-، 19- ۋە 20- ئەسىردىكى ئامېرىكا ، فىرانسىيە ۋە رۇسىيە ئىنقىلابلىرى پارتلىدى. بۇ ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسىگە، ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنى تولۇق مەنىسى بىلەن بولمىسىمۇ كەڭ دائىرىدە قالايمىقان قىلغان زامانىۋى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەگىشىپ كەلدى.[15] ئۆرپ- ئادەتلەرگە ئەڭ كۆپ باغلىق جەمئىيەت تۈزۈلمىلىرىنى قايتىلانمايدىغان بىر شەكىلدە يوق قىلىۋەتكەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ كەينىدە، كۆپرەك كەڭ كۆلەمدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، سانائەتلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ھادىسىلىرى ياتىدۇ. ئاساسەن دىققەت قىلىنمىغان ۋە تەپسىلاتى ھەققىدە بەك ئاز مەلۇمات تېپىلىدىغان، «نوپۇس پارتلىشى»، مودېرن دەۋر بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرىغا چىققان بىر ھادىسىدۇر.[16] بۇ

(14) Octavio Paz, “Şiir ve Modernite”, Mehmet Küçük, *Modernite Versus Postmodernite*, s. 103.

(15) Seyyid Hüseyin Nasr, *A Young Muslim's Guide to Modern World*, Chicago, 1993, s. 200.

(16) Anthony Giddens, *Sosyoloji* (Eleştirel Bir Yaklaşım), (Çev. R. Esengün, İ. Öğretir), İstanbul1993 , s. 17.

ھادىسىلەرنىڭ نەتىجىسىدە دەۋرىمىزدە بەك ئاز قىسمى ھاياتتا قالالىغان بولسىمۇ، مىڭ يىلدىن بىرى خىرىستىيان غەرب دۇنياسىدا ساھە تەبىقىلىشىشى ۋە يۇقىرى -تۆۋەن مۇناسىۋەتلىرىگە تايىنىدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشلىلار ئۆمۈرلىرىنى توشقۇزغان ئىدى. ئەسلىدە مەزكۇر ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇشلار قۇرۇلما ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارشى بارلىق ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە ئىدى.[17] بۇرۇنقى زاماندا جەمئىيەتنى بىرلەشتۈرگۈچى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، ئاكتىپ ۋە ھەرىكەتچان ھالەتكە كەلگەن يېڭى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار بىلەن بىرلىكتە خېلى ئاجىزلىدى. شۇنداقلا يوقاپ كېتىش باسقۇچىغا كېلىپ قالدى. سانائەت ئىنقىلابىنى ئەمگەك كۈچىنى چوڭ شەھەرلەرگە ئەۋەتكەن يېزا-قىشلاقلارنىڭ بوش قېلىشىنىڭ يېگانە سەۋەبى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەي ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ماشىنا ۋە زەنجىرسىمان سانائەت سىستېمىلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشىغىمۇ سەۋەب بولغان ئىدى.

ھەممىگە مەلۇملۇق، مەيلى ئىسلام دۇنياسىدا مەيلى غەربتە جەمئىيەتنىڭ غوللۇق ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلىرىدا، ھەر ۋاقىت ئائىلە قۇرۇلمىسى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ھەر ئىككى دۇنيادا ئەنئەنىۋى ئائىلە تىپى ئاساسى ئورۇندا تۇراتتى. كەڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى خۇددى ماددىلارنىڭ ئاتوملارغا، ئاتوملارنىڭ تېخىمۇ كىچىك زەررىچىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بىلەن بىرلىكتە تۇنجى قەدەمدە يادرو ئائىلە تىپىغە ئۆزگەرگەن. ئاخىرقى ئىككى نەسىل داۋامىدا بولسا، پۈتۈنلەي پارچىلىنىشقا قاراپ يول ئالغان. ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى كاتولىك چېركاۋى تەرىپىدىن چەكلىنىپ كېلىۋاتقان ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاجرىشىش نىسبىتى شۇنداق بىر شەكىلدە كۆپەيدىكى، ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھەر مەركەزلىرى ۋە ياۋروپانىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىدە ئەر-خوتۇنلارنىڭ 50% تىن كۆپرەكى ئايرىلىپ كېتىشكە دۇچ كەلگەن. نۇرغۇن باللار ئانىسىز ياكى ئاتىسىز چوڭ بولۇشقا مەجبۇرى بولۇپ قالغان. گەرچە بۇنىڭغا ئاجرىشىپ كېتىش بىلەن ئوخشاش نىسبەتتە ئۆيلىنىش ئىشلىرى مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ دەپ، ئېتىراز بىلدۈرۈلسىمۇ، يەنە يېڭى ئۆيلىنىشنىڭ كۆپىنچىسى، ئاساسەن ھېسسىياتقا تايانغان

(17) René Guénon, *Maddi İktidar Ruhani Otorite*, (Çev. Birsel Uzma), İstanbul 1992, s. 88.

شەخسىيەتچىلىك نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئېلىپ بېرىلماقتا.[18] بۇ بولسا ئائىلىنىڭ ئەنئەنىۋى رولىنى ۋە زامانىۋى ئائىلەشۇمۇل ئورتاق ھەقىقەت بولغان كىملىككە ئىگە قىلىش ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈش رولىنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويماقتا. شۇڭلاشقا بۇ خىلدىكى ئۆيلىنىشلەرنىڭ، جىنسى ئىقتىدارنى تەجرىبە قىلىپ كۆرۈش ئارزۇسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. ئائىلە قۇرۇش ئەسلىدە، شەرەپلىك كىملىك قۇرۇشنىڭ ئاساسى بولۇش بىلەن بىللە، نۇرغۇن ئەنئەنىۋى قىممەتنىڭ مەنبەسى ئىدى.

مودېرن دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا كۆرۈلگەن باشقا مۇھىم بىر كىملىك مەسىلىسى ئىرقچىلىق ۋە ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىقماقتا. بۇ مەسىلە ھەرخىل ناملار بىلەن، غەربكە تايانىسمۇ، كوئىنمىزدە ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىغىمۇ، بەزىدە تاشقى كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدا، ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە مەيدانغا كەلگەن تەرەققىياتلار نەتىجىسىدە يەر شارىلاشقان شەھەرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئېڭىغا دىنسىز كىملىكلەر سىڭىپ كىرمەكتە ياكى سىڭدۈرۈلمەكتە.

مودېرن دۇنيادا ۋە بولۇپمۇ غەربتە كۆرۈلگەن مۇجمەل ئىجتىمائىي قېلىپلارنى تەتقىق قىلغاندا ئوتتۇرىغا چىققان ئومۇمىي نەتىجىنى قايتا بىر قېتىم خۇلاسىلىسەك، كىملىك كىرزىسلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگەن بولىمىز. بۇلار ئاساسەن يېزا-قىشلاقلاردىن شەھەرگە يۆزلەنگەن كەڭ كۆلەملىك كۆچ، دېھقانچىلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى، تەبىئەتكە يامان تەسىر ئېلىپ كەلگەن سانائەت، شەھەر مەركەزلىرىنىڭ كۆپ تەرەققىي قىلىشى، بەكلا كېڭىيىپ كەتكەن خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك، ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشى، كۆپىنچە يالغۇزلۇق ۋە نىھىلىزم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مەنىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ يوقىلىشى، پسىخىكىدا نورمالسىزلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى ۋە كوئىنمىزدە كۆپرەك چوڭ شەھەرلەردە كۆرۈلۈۋاتقان نىزامسىزلىق ۋە ياتلىشىش دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە ئىللەتتىن تەركىب تاپماقتا. ئىشنىڭ ئەڭ يامان تەرىپى بۇلارنىڭ مەلۇم بىر يەر بىلەن چەكلىنىپ قالماي دۇنياۋى بىر ھالغا بېرىپ قېلىشىدۇر. شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش كېرەككى، 4، 5 ئەسىردىن بېرى بولۇپمۇ غەربتە داۋام قىلىپ كەلگەن كېيىنكى ئون - يىگىرمە يىلنىڭ كۆز بىلەن

(18) Giddens, *Sosyoloji*, s. 132.

كۆرگىلى بولىدىغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال، شەخسلەرنىڭ پەقەتلا ئۆزىنىڭ دىنى ئادەتلىرىدىنلا ئەمەس، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئائىللىرىدىن ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلىرىدىنمۇ يىراقلاشتۇرۇلۇپ يىلتىزسىز بىر ھالغا كەلتۈرۈلىشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. يېڭى ئەھۋال، تىنىمسىز ھالدا بەزى شەخسلەرنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە جەڭ ئېلان قىلىشقا تەۋسىيە قىلىسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچىدىكى مەنىۋى نۇرىنىڭ ئۆچۈشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان چوڭقۇر رىقابەت  ۋە توختىماي تىركىشىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۇنيادا، تەنھا ۋە ئېغىر روھىي بېسىم ئىچىگە تاشلاپ قويماقتا.

پۈتۈن بۇ كېلىشمەسلىكلەرگە قارشى، يېڭى دۇنياغا پۈتۈنلەي ماسلىشىپ كېتەلمىگەن ياش مۇسۇلمان نەسلىنىڭ ئۇنۇتماسلىقى لازىم بولغان بىر نەرسە باركى، ئۇ بولسىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەلبىيلىكلەرنىڭ غەربنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا مەۋجۇت بىر رېئاللىق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا غەربتە دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلاردا ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىدۇر. كۈنىمىزدە ھەم ياۋروپادا ھەم ئامېرىكىدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھازىرمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەملىشىشتەك خىرىستىيانلىقتا بۇيرۇلغان ياخشى ئىشلار بىلەن دائىم مەشغۇل بولۇپ تۇرىدىغان دىندار ئىنسانلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ . بۇ ھەقىقەت تەبىئىي ئاپەتلەر، ئۇرۇش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش قالايمىقانچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. شۇڭلاشقا، پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىشكە كېرەك يوق. ئاساسەن ئۆرپ-ئادەتلىرىنى پۈتۈن بېسىملارغا قارشى قوغداپ كېلىۋاتقان شەرق دۇنياسى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىن باشقا غەربتىمۇ، نەچچە ئەسىردىن بىرى ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىدە ۋە روھلىرىدا چوڭقۇر يەر ئالغان دىن، ئىنسانلارنىڭ مەسخىرىلىك مۇئامىلىلىرىگە دۇچ كەلگەن. دىن ئۈستىدە مۇشۇنداق كۆپ تەرەپلىملىك بېسىملار ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋەرسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى ئېشىپ داۋام قىلماقتا.(19)

سېكولار (دىنسىزلىق) قىممەتلەردىن تېز سۈرئەتتە يۈز ئۆرىگەن مىليونلارچە ئىنسانىنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيەنىڭ دىنىغا دىنغا تېز سۈرئەتتە يۈزلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. مودېرنلىششىنىڭ گۈڭگا ھاۋاسى بۇ ئويغىنىشنى بىر مەزگىل يەنە مەخپىي تۇتۇشى مۇمكىن ياكى ھېچ بولمىغاندا كىچىكلىتۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن ئايرىم ئايرىم

(19) *a.g.e.*, s. 204.

شەخسلەرنىڭ ئۆتكۈنچى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادى مەسلىلەر ئالدىدىكى مۇئامىلىسى، ئۇلارنىڭ كۈنلۈك ھايات قارشىسىدىكى دىنى تۇتۇم ۋە قاراشلىرىنى نامايەن قىلماقتا. چۈنكى ئىنسان بەزىدە مەۋجۇدىيىتى ھەققىدە ئۆز-ئۆزىگە بەزى سوئاللارنى سورىماي تۇرالمايدۇ. بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئىزدەش جەريانىدا ئىنسان، ۋىجدانىغا ئازراق بولسىمۇ ھۆرمەت قىلسا، چوقۇم بار بولۇشى زۆرۈر بولغان بىر زاتنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

كىمنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر كېيىنكى مودېرنىزمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مودېرن كىملىكلەر كۈنىمىزدە يەرشارىلاشقان بىر ھالەتتە تارقالغان. مودېرن سانائەت جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى، ھەر بىر رايون ياكى مىللىي كۈلتۈرلەردە بەك چوڭ ئۆزگىرىشلەر ئۈمىد قىلسىمۇ، بۇ ئاساسلار ئۈستىدە ئۆزگىرىۋتقان ئۆرپ-ئادەتلەر، قۇرۇلمىلار ۋە كىملىكلەرنىڭ ئالمىششىدا ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدىغان يېڭى ئەھۋاللارنى پەيدا قىلغان. سىياسىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش پەرقلىق بولۇشى بىلەن بىللە غەربلىك بولمىغان جەمئىيەتلەردىكى دىنىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا باغلىق كىملىكلەرنىڭ كېلەچىكى مەسلىسى، غەربچە دىنى ئۆرپ-ئادەت ۋە كىملىكلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلەر بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىكتەك بىلىنمەكتە.[20] بۇ باسقۇچنى شەكىللەندۈرگەن ۋە تىزلاشتۇرغان تېخنىكىلىق ئاساس، بولۇپمۇ كۈنىمىزدە ئۇچۇر-ئالاقە تېخنىكىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ھەددىدىن زىيادە تىزلەشمەكتە. مۇشۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئوخشاپ قېلىش، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ياشىغان ھاياتنىڭ مەجبۇرى بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا. يەنى ئەنئەنىۋى پىكىر ۋە كىملىكلەندۈرۈشنى ئومۇملاشتۇرۇشتا كەڭ دائىرىدە ئىچىدە ياشاۋاتقان شارائىتنىڭ قاتتىق بېسىمىغا دۇچ كېلىشى مەۋجۇت ئەھۋال. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا كۈلتۈرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ زىددىتى ھەر ۋاقىت داۋاملىشىپ تۇرۇدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىنىدىۋىدىئاللاشتۇرغۇچى تەسىرلەرگە قارشى، دىنى قائىدە- يوسۇنلار، سىمۋوللۇق قىممەتلەر ۋە كىملىكلەرنىڭ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيىتى بار. ●

تەھرىر: نۇرئەخمەت قۇربان

(20) Peter L. Berger, *The Sacred Canopy*, Newyork 1969, s. 171.

- باش تەھرىر: بىر ئۇلۇس - ئۇيغۇرلار
- ئادىل يۇسۇپ: كىملىك ئۇقۇمى ھەققىدە
- ئەركىن ئەكرەم: چەنتۇ - ختاي مەنبەلىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى
- ئۆمەرجان نۇرى: ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىكى ‹ئۇيغۇر› نامى
- دولقۇن قەمبىرى: ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر كىملىكى
- نەبىجان تۇرسۇن: 20 - ئەسىردىكى تۇنجى «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش دەۋر شارائىتى
- رىھىمقۇلۇ ياسىنئوغلۇ: ئۇيغۇرلاردا كىملىك مەسىلىسى
- تەھرىر ھەيئىتى: دىن ۋە كىملىك